ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

1 2012

新疆大學學報

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

哲学社会科学维文版

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر

**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

بۆ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى

**مۇسا روزى**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى

**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**مۇسا روزى**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى

**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**



**2012 ـ يىللىق 1 ـ سان**

**(ئومۇمىي 129 ـ سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى

ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: جوش

رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى

بەت لايىھەلىگۈچى: ئەخمەتجان ئۆمەر


### تەھرىر ھەيئەتلەر


ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى

ئابلىكىم ياسىن

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان

ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئابلىكىم ھەسەن

ئابدۇشۈكۈر موللەك يۇرچى

ئابدۇۋەلى ھامۇت

ئادىل مۇھەممەت تۇران

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ئاسىمە نىياز

پەخرىدىن ھېسامىدىن

چىمەن نەجمىدىن

دىلمۇرات ئۆمەر

رازراق تۆمۈر

راھىلە داۋۇت ئەلچىن

شېرىن قۇربان

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى

مۇختەر مەخسۇت

مۇھەببەت قاسىم

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ئۆمەر مەھمۇت

ئابدۇروسۇل : 13009680550

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
33 ـ يىللىق 1 ـ سان(ئومۇمىي 129 ـ سان)　　2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي

# بۇ ساندا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى باسقۇچتا يېڭى نەتىجىلىرى بىلەن يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.........تاشپولات تېيىپ(1)

**غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى**

تاجىك ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە توغرىسىدا.........شېرىن قۇربان(8)

كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىپلىرى توغرىسىدا.........يارى ئەبەيدۇللا(19)

جۇڭگو-ئۆزبېكىستان كاپالەت تۈزۈمى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات......... ئادىل ئايۇپ، رىشات مۆمىن (26)

«قىزىل قىيا» رومانىدىكى ھەمتېكىستلىق ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا دەسلەپكى تەھلىل......خەيرىنگۈل ياقۇپ(31)

**سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى**

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا......... قاسىمجان ھېلىم(41)

ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتى ھەققىدە تەتقىقات......نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن(46)

**تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا.........گۈلنار ئىبراھىم(55)

ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم رەڭ ـ تۈس سۆزلىرىنىڭ تۈس مەنىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقلار توغرىسىدا.........تۇرسۇنجان ياسىن(63)

ئۇيغۇرلاردا تۇمار ۋە تۇمارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا.........ئابلەت سەمەت، دىلارە ئەبەيدۇللام(71)

ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى توغرىسىدا......... نۇرگۈل قادىر(79)

**ئەدەبىيات تەتقىقاتى**

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىراماچىلىقى توغرىسىدا.........بارات تۇرسۇنباقى(84)

پەرھات تۇرسۇن شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئىككى دەۋر توغرىسىدا.........جاشۇۋا فرىيمىن(91)

بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئوقۇتۇشتىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا.........شەرىپە ئابدۇغوپۇر(99)

**تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى**

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يۈكسىلىشى.........مېھرىگۈل ھەسەن(107)

**نەشرىياتچىلىق ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى**

قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇلاھىزە.........ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن(111)

كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم.........ھۆرمەتجان فىكرەت(118)

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا.........زاھىدە مۇسا(125)

چېگرا رايوننى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچىسى......... ئابدىلىم ئابدۇرېھىم(131)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-03

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第33卷第1期（总129期）　2012年3月

# 目　录

新疆大学在新阶段以新成就开创了新局面……………………………………塔西甫拉提·特依拜 (1)

## 西域文化研究

塔吉克族文学中的悲剧及其特点……………………………………………………………西仁·库尔班 (8)

浅谈维吾尔语递进复句及其类型…………………………………………………………亚热·艾拜都拉(19)

中国-乌兹别克斯坦留置和定金制度比较研究……………………阿迪力·阿尤甫, 热夏提·莫明 (26)

浅析长篇小说《红岩》的互文性特点……………………………………………………海日古丽·牙合甫 (31)

## 政治、经济与管理学研究

论生态文明及建设中国特色生态文明的措施……………………………………………卡斯木江·依力木(41)

建省后的维吾尔家庭手工业研究………………………………………………………努如拉·莫明·宇里魂(46)

## 语言与文化研究

关于察合台维吾尔语动词构词特点……………………………………………………古丽娜尔·依布拉音(55)

维汉颜色词色彩意义上的异同……………………………………………………………………吐逊江·亚森(63)

初探维吾尔族传统文化中的护身符及其种类…………阿不来提·赛买提, 迪拉热·艾拜都拉木(71)

论维吾尔民间艺术的社会、经济价值……………………………………………………努尔古丽·卡迪尔(79)

## 文学研究

维吾尔现代话剧简述……………………………………………………………………………巴拉提·吐逊巴克(84)

帕尔哈提·吐尔逊诗歌作品该分成两个时代阶段……………………………………………乔舒亚·弗里曼(91)

浅谈儿童文学在教学中的地位及其作用……………………………………………………夏丽帕·吾甫尔(99)

## 历史与社会学研究

论叶儿羌汗国时期文化知识发展……………………………………………………………米丽古丽·艾山(107)

## 出版学与教学研究

探讨古籍整理、出版及其具体方法………………………………………阿布都肉苏力·克其克阿洪(111)

对维吾尔古典文学教学的几点思考…………………………………………吾尔买提江·阿布都热合曼(118)

论提高高校师生的信息素养…………………………………………………………………扎依旦·木沙(125)

数字边疆的拓荒者…………………………………………………………阿不都力木·阿不都热依木(131)

〔期刊基本参数〕: CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2012-03

ماقالە نومۇرى: 07-001-01 (2012) 5878-1005

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى باسقۇچتا يېڭى نەتىجىلەرنى بىلەن يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى

تاشپولات تېيىپ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن ئۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى. 830046)

مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تارىخىي پۇرسەتكە ئىگە قىلدى. شىنجاڭ يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچقا كىردى. بۇ يېڭى پەللىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىنكى 2011-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدا ئاجايىپ يىل بولدى. يىل بېشىدىلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى، بۇ بىر يىلدا يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە سەرپ قىلىپ، خىزمەتتە جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پۈتۈن يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى بىرقەدەر ياخشى ئورۇندىدى.

## 1. سىياسىي نەزەرىيەۋى ساپا ئۆستۈرۈلدى، ئىدىيە-سىياسىي تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، مەكتەپنىڭ مۇقىملىقى قوغدالدى

بىر يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئىدىيە - سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە ئالاقىدار تەلەپلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىغا بىنائەن، كۆپچىلىكنى ئاپتونوم رايون ۋە مەكتەپ قانات يايدۇرغان تۈرلۈك ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي نەزەرىيەۋى سەۋىيەسى ۋە ئىدىيەۋى تونۇشىنى ئۆستۈردۇق. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسىنى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، پارتىيەنىڭ 17-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 8-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيە-سىياسىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى، ئىدىيەسى يېڭىلاندى، سىياسىي ئېڭى كۈچەيدى، ئومۇمىيەت ئېڭى ۋە ئومۇمىيەت قارىشى، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئۆستى، بولۇپمۇ مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەھبىرى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق 8-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا شەرەپ بىلەن قاتناشتىم ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندىم، بۇ يىغىنغا بىۋاستە قاتنىشىپ، يىغىن روھىدىن چەكسىز ئىلھاملاندىم، قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىنى ھېس قىلدىم. بۇ زۆرۈرىيەتنى تونۇپ يەتكەچكە، رەھبەرلىك بەنزىسىدە ۋە باشقا سورۇنلاردا قۇرۇلتاي روھىنى تەشۋىق قىلدىم، ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 8-قېتىملىق پارتىيە

---

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 1-ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تاشپولات تېيىپ(1958 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتورانت يېتەكچىسى.

قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا «شىنجاڭچە روھ»قا، «ۋەتەننى ـ شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئىشلەش ـ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىش ـ ئىلگىرىلەش» دەپ ئېنىق تەبىر بېرىلدى ۋە «شىنجاڭچە روھ»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭچە ئۈنۈم يارىتىپ، ئۆزگىرىش ياساش تەلەپ قىلىندى. بۇ تەلەپنى ئورۇنداشتا، يەنى ۋەتەننى سۆيۈش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، تەلىپىگە يېتىشتە مۇقىملىق، جۈملىدىن مەكتەپنىڭ مۇقىملىقى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىدىيە-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئىدىيە-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى قوشۇن قۇرۇلۇشى، خىراجەت، سىياسەت جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتى مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەم قىيىن نۇقتىسى. شۇنى تونۇپ يەتتۇقكى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان تەربىيەنى تەييارلىق بۆلۈمىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش، بۇ تەربىيەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۈتۈن ئوقۇش جەريانىغا سىڭدۈرۈش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىرى، جۈملىدىن ئۆزۈم ئىنستىتۇتلارغا بىۋاسىتە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى، تەربىيەچىلەر، سىنىپ مەسئۇللىرى بىلەن تەربىيەنى قانداق كۈچەيتىشكە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە قاراتمىلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمچانلىقى بولغان ھالدا مۇھاكىمە قىلدۇق. 2011-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش، قانۇن-تۈزۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، تەرتىپكە ئەھمىيەت بېرىش»كە دائىر مەخسۇس تېمىدىكى تەربىيەنى قانات يايدۇردۇق، «نۇقتىلىق ياردەم قىلىش پائالىيىتى» ئاساسىدا مىللەت، دىننى چۆرىدەپ قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ باردۇق. يىل ئاخىرىدا پۈتۈن مەكتەپتە مۇتەخەسسىسلەر مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى، مەنمۇ سىنىپلار، ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىغا بېرىپ، كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىم، لېكسىيە پائالىيىتى ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئارقىلىق مەكتەپنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ياخشى قوغدالدى.

## 2. ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىلىپ، مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

2011-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدا ئاجايىپ ۋە ھالقىلىق بىر يىل بولدى. يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى ئىدىيە تىكلەپ، يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېڭى ھالقىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، مەكتەپتە يېڭىلىق يارىتىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، تەرەققىيات ئۈستىدە جاسارەت بىلەن ئىزدىنىش، نى-نى ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، تۈرلۈك ئىشلاردا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتۇق، بولۇپمۇ ئۈچ جەھەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇھىم بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق: بىرىنچى، پىروفېسسور ھوشۇر ئىسلام جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكلىقىغا سايلاندى، ئۇ شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرىدىكى تۇنجى ئاكادېمىك، شۇنداقلا مەكتىپىمىز تەربىيىلىگەن تۇنجى ئاكادېمىك، تۇنجى ئۇيغۇر ئاكادېمىك بولۇپ قالدى؛ ئىككىنچى، 1-دەرىجىلىك پەنلەرگە دائىر دوكتورلۇق نۇقتىسى يوق بولۇش ۋەزىيىتىدە بۆسۈش بولۇپ، يوقلۇقتىن بىراقلا سەككىزگە يەتتى؛ ئۈچىنچى، يىللىق پەن تەتقىقات خىراجىتى تۇنجى قېتىم 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن تۈرلىرىنىڭ خىراجىتى 50 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى، بۇ زور ئۇتۇقلارنىڭ قولغا كېلىشى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىقلارنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى

ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇپ چىقىشقا پۇختا ئاساس سېلىندى. بۇ بىر يىللىق خىزمەتتە مەن مەكتەپ مەمۇرىيىتى خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى سۈپىتىدە، بەنزىدىكى باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ پارتكومىنىڭ 2011-يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى چۆرىدەپ، باشتىن-ئاخىر يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ خىزمەتلەرنى پىلانلاشقا تۇرتكىلىك قىلىپ، مەكتەپ خىزمىتىدە تىرىشىپ يۇقىرى سەۋىيە، يۇقىرى ئۈنۈمنى نامايان قىلدۇق، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوبرازىنى ياراتتۇق. 2011-يىلى تاماملىغان خىزمەتلەر ئاساسلىقى مۇنۇلار:

1) «سۈپەت قۇرۇلۇشى يىلى» پۇرسىتىنى تۇتۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردۇق

مەكتەپنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپ پارتكومى 2011- يىلىنى «سۈپەت قۇرۇلۇشى يىلى» قىلىپ بەلگىلىدى. رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى قۇرۇلۇشى مۇقىم ئىلگىرىلەپ، ئوقۇتۇش ئىستىلى ۋە ئۆگىنىش ئىستىلىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىدا كۆرۈنەرلىك يۇكسىلىش بولدى. تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈزۈكسىز مەيدانغا كەلدى. بۇ يىل شەخسەن ئۆزۈم يېتەكچىلىك قىلىپ ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بارلىق ئىنستىتۇتلارنى ئارىلىدۇق، سۆھبەت يىغىنى چاقىرىش، ئىنستىتۇتلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش، دەرسخانىغا كىرىپ دەرس ئاڭلاش، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئوقۇتۇشنىڭ يۈرۈشۈش جەريانىدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ، ئىنستىتۇتلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى قۇرۇلۇشى خىزمەتلىرىنى تەپتىش قىلىپ، مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش سۈپىتى قۇرۇلۇشىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈردۇق.

2) پەنلەر ۋە ئىلمىي ئۇنىۋان نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىدا يېڭى بۆسۈشلەر مەيدانغا كەلدى

مەكتەپنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىنى لايىھەلەش ئارقىلىق، پەن باشلامچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، 2011- يىلى مەكتىپىمىزنىڭ 1-دەرىجىلىك پەنلەردە دوكتورلۇق نۇقتىسى بولماسلىق ۋەزىيىتىدە بۆسۈش بولغاندىن سىرت، يەنە باشقا دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق پەن نۇقتىلىرىمۇ كۆپەيدى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق پەندىن 16 سى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۆستۈرۈلىدىغان پەندىن ئىككىسى تەستىقلاندى. توققۇز بازا تەستىقلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىسلەپكى تۈركۈمدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئادىمىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرى بويىچە نۇقتىلىق تەتقىقات بازىسىغا ئايلاندى. مەكتەپتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بىرقەدەر ياخشى پەنلەر سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. 2011- يىلى «211 قۇرۇلۇشى»غا ئالاقىدار تۈزۈم، چارىلەرنى تۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە رىياسەتچىلىك قىلىپ، 3-قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىگە تولۇق تەييارلىق قىلدۇق.

3) ئىلمىي تەتقىقات يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلدى

مېنىڭچە، مەكتىپىمىزنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتى ناھايىتى زور قېزىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە، ئاچقۇچ ـ قانداق تەشكىللەشتە. 2011- يىلىنىڭ بېشىدا مەكتەپ پەن تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئىنستىتۇتلارنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، 2011-يىلى مەكتىپىمىزنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى ئىشلىرى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ھەر خىل پەن تەتقىقات تۈرلىرى (مەخسۇس تۈرلەر) 374كە يەتتى، ماددىي ياردەم راسخوتى 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ

ئۆتۈپ، 128 مىليون يۈەندىن ئاشتى. چوڭ تۈرلەر بويىچە ئىلتىماس قىلىش جەھەتتە بۆسۈش مەيدانغا كەلدى، دۆلەت پەن-تېخنىكا جەھەتتە يۆلەش پىلانى تۈرىنى زېمىممىزگە ئالدۇق، بۇنىڭغا تەستىقلانغان خىراجەت 11 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندى نۇقتىلىق تۈرى بولماسلىق ۋەزىيىتىدە بۆسۈش بولدى، بۇنىڭغا دائىر ماددىي ياردەم راسخوتى 3 مىليون يۈەن بولدى. پەن تەتقىقات سۈپىتى قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي پەنلەر بازىسى جەھەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

4) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى

ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش، تۇتۇپ قېلىش، جايىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن، مەكتىپىمىزدە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتى، باشقۇرۇش جەھەتتە تۆھپىسى گەۋدىلىك ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش سالمىقىنى ئاشۇردۇق، «ياش ئوقۇتقۇچىلار خاۋتەي ئوقۇتۇش مۇكاپاتى»، «ياشلار پەن تەتقىقات مۇكاپاتى» تەسىس قىلدۇق. بۇ بىرقاتار مېخانىزملارنىڭ تۇرتكىسىدە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتىغا كىرىشىش ئاكتىپلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۆت نەپەر تەڭرىتاغ ئالىمىنى ئالاھىدە تەكلىپلىك پىروفېسسور، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كۆپلىگەن مېھمان پىروفېسسور ۋە پەخرىي پىروفېسسورنى كىرگۈزدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قاراتمىلىق ياردەم بېرىدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياردىمىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان، بىلىم ئاشۇرىدىغان، زىيارەتچى سۈپىتىدە ئوقۇيدىغان سەھنە بىلەن تەمىنلىدۇق. بۇ يىلدا ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئاكادېمىكلىككە سايلىنىشى مەكتىپىمىزنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتىكى نەتىجىسىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى بولدى. يەنە پىروفېسسور لىيۇ لاڭ «8-نۆۋەتلىك جۇڭگودىكى ياش ئايال ئالىملار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تاللىغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى 35 ياشتىن تۆۋەن ئالدىنقى قاتاردىكى ياش ئىختىساسلىقلارنى تونۇشتۇرۇش تىزىملىكىنىڭ ئالدىنقى ئالتە كاتەكچىسى مەكتىپىمىز ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بولدى.

5) تاشقى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى

بىز مەكتەپنىڭ خەلقئارا تەسىر كۈچىگە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىرى ۋە رادىياتسىيە كۈچىنىڭ كېڭىيىشىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق. بىر يىل جەريانىدا مەكتىپىمىز چەت ئەلنىڭ 49 ئۆمەكتىكى 295 ئادىمىنى كۈتۈۋالدى. بىر يىلدىن بېرى مەكتىپىمىز چەت ئەللەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئوقۇش (دوكتورلۇقتا ئوقۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بىلىم ئاشۇرۇش، يېتىشتۈرۈش، پەن تەتقىقاتى جەھەتتە ھەمكارلىشىش، لېكسىيە سۆزلەش، ئىلمىي يىغىنلارغا قاتنىشىش، زىيارەت تەكشۈرۈشىدە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. مەن مەكتەپكە ۋاكالىتەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسىدىكى ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىرى مۇنبىرى يىغىنىغا قاتناشتىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. مەكتىپىمىز بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت مالىيە ئىنستىتۇتى ۋە كورىيەنىڭ پيوڭتايك ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئۇزاق مۇددەت تۇرىدىغان يەتتە نەپەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس، قىسقا مۇددەت تۇرىدىغان 64 نەپەر مۇتەخەسسىس مەكتىپىمىزگە كېلىپ لېكسىيە سۆزلەش، دەرس ئۆتۈش ۋە ھەمكارلىشىپ تەتقىقات قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى.

مەكتىپىمىز چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش بىناسى سېلىپ، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار سانىنى كۆپەيتىشكە تۈتۈش قىلدى، مەكتىپىمىزنىڭ «جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئىستۇدېنتلار ئالماشتۇرۇش بازىسى»نى قۇرۇشى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن ئوقۇغۇچى

قوبۇل قىلىش» تۈرى بويىچە تاللانغان مەكتەپ بولۇشى تەستىقلاندى. مەكتىپىمىز خەنزۇ تىلىنىڭ خەلقئارادا ئومۇملىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، كۇڭزى ئىنستىتۇتىدىن ئىككىنى قۇردى، مەكتىپىمىز بىلەن رۇسىيە نوۋېسىبىرسكى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئورتاق قۇرغان كۇڭزى سىنىپى «دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر كۇڭزى سىنىپى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مەكتىپىمىز ياردەم بېرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر بىلەن كۆپ قاتلاملىق ئۆزئارا زىيارەت قىلىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئۈزۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. قاراتمىلىق ياردەم بېرىش يىللىق يىغىنى چاقىرىپ «جۇڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 10 ئالىي مەكتەپ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراتمىلىق ياردەم بېرىش كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى.

6) 2011 -يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق تۇرمۇشى يىلى تەلىپىگە پائال ئاۋاز قوشۇپ، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاممىنى 1- ئورۇندا قويۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلدۇق، بۇ يىل مەكتەپنىڭ مالىيە كۈچى ئىنتايىن جىددىي بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تىرىشتۇق.

بىرىنچى، تۇرلۇك كونا ئۆيلەرنى تەڭشەپ تەقسىم قىلىش، مەبلەغ توپلاپ يېڭى ئۆي سېلىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ تۇرمۇش شارائىتىنى ھەقىقىي ياخشىلىدۇق. 2011- يىلى مەكتەپ بويىچە كونا ئۆيدىن 395 يۈرۈشنى تەڭشەپ تەقسىم قىلدۇق، مەركىزىي مەكتەپ رايونىدا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن مەبلەغ توپلاپ سالغان ئىگىز قەۋەتلىك ئىككى بىنا — 528 يۈرۈش ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن 180 ئائىلىنىڭ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 300 دىن كۆپ ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ كۆلىمى ئۆلچەمگە يەتتى. ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن سەككىزىنىڭ ئېنېرگىيە تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

ئىككىنچى، ئاساسىي ئىش ئورنى قوشۇمچە پۇلى، تۇرالغۇ جامائەت فوندى، ئىشلەۋاتقان خادىملارغا تاماق تولۇقلىمىسى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردۇق. مەكتىپىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كىرىم سەۋىيەسى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئارىسىدا بىرقەدەر تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا تەدبىر قوللىنىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھەر بىر كىشىنىڭ ئاساسىي ئىش ئورنى قوشۇمچە پۇلىنى 900 يۈەنگە يەتكۈزدۇق، بۇنىڭغا يىلىغا 50 مىليون يۈەن سەرپ قىلىندى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ جامائەت فوندى تاپشۇرۇش ئاساسىي سانىنى بىر ھەسسە ئۆستۈردۇق، ئارامغا ۋە دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارغا ۋەزىپىسىگە قاراپ تۇرمۇش پۇلى تارقاتتۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئايدا ئۈچ مىليون 30 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدۇق ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئوقۇش مۇكاپاتىنى ھەر خىل يوللار بىلەن كۆپەيتتۇق. بۇ بىر يىلدا مەكتەپنىڭ ئۈچ ئوقۇتۇش رايونىدىكى 500 ئېغىزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنىڭ تازىلىقخانىسىنى ئۆزگەرتتۇق. ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىدىن تۆتنى پار بىلەن تەمىنلەش، ئىسسىقلىق ساقلاش جەھەتتە رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتتۇق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئوقۇش مۇكاپاتى ئۈچۈن بىر يىلدا 35 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەندى. بىرمۇ ئوقۇغۇچى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالمىدى. بۇ مەسىلىلەر بانكىدىن قەرز ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ھەر خىل يوللار بىلەن ھەل قىلىندى. 2011 - يىلى 4522 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ شەھەر- بازار ئائىلىلىرى داۋالاش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق.

تۆتىنچى، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلدۇق. بۇ يىلدىن باشلاپ مەكتەپتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرتۈش

خىراجىتى ئۆلچىمى 300 يۈەندىن 500 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. مەكتەپ چوڭ بايرام ۋاقىتلىرىدا پېشقەدەم كادىرلار، كونا پارتىيە ئەزالىرى، كېسەللەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى كۆپ قېتىم يوقلاشنى تەشكىللەپ ئۇلاردىن ھال سورىدۇق.

7) ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمىتىدە يېڭى قەدەم بېسىلدى

مەكتەپتە جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشنىڭ يېڭى شەكلى، يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلىپ، دادىللىق بىلەن «چىقىرىش» ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، 30 دىن ئارتۇق ئالاقىدار نازارەت-ئىدارە ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇن بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، مەكتەپنىڭ جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق. بىرىنچىدىن، ۋىلايەت-ئوبلاستلارغا بېرىپ، پەن-تېخنىكا، ئوقۇتۇشقا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىرى باشلامچى بولۇپ ۋىلايەت-ئوبلاستلارنى زىيارەت قىلىپ، مۇلازىمەت ساھەسى ۋە يۆنىلىشىنى توغرا تاللىدۇق، ھازىر بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋانچىڭ رايونى قاتارلىق جايلار بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدۇق؛ ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى نازارەت-ئىدارىلەر بىلەن ئالاقە باغلىدۇق، 2011-يىلىدا مەكتەپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پەن-تېخنىكا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق؛ ئۈچىنچىدىن، مەكتەپ بىلەن كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىقىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو خەلق مال-مۈلۈك سۇغۇرتىسى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى، شېنخۇا گۇرۇھى شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 20 نەچچە كارخانا بىلەن مەكتەپ-كارخانا ھەمكارلىقى رامكا كېلىشىمى ئىمزالىدۇق.

8) ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇش يىلى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، باشقۇرۇش ئۈزلۈكسىز ئىلمىيلاشتى ۋە قېلىپلاشتى

2011-يىلى مەكتىپىمىزدە ئورگان ئىستىلى قۇرۇلۇشى يىلى يولغا قويۇلدى. ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پىكىر ئالدۇق. ئىشنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئېھتىياجلىق ئىشلاردىن باشلىدۇق، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئەڭ رازى بولمىغان تەرەپلەرنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىدۇق، ئورگاندىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئىرىشىشى بىلەن خىزمەت ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۆستى، بۇنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئورگاننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى 91.21% كە يەتكەن.

بىز يەنە «مەكتەپ مۇدىرىنىڭ خىزمەت يىغىنى قائىدىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا تەدبىر بەلگىلەشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردۇق. مەكتەپ يەنە «تاپاۋەت كىرىم تەقسىماتىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىراجەت تەستىقلاش چارىسى»، «ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە رېمونت قىلىنىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان تۈرلەرنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق لايىھە)»نى تۈزۈپ، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇردۇق ۋە قېلىپلاشتۇردۇق.

## 3. پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، خىزمەت ئىستىلى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى

مەكتەپتە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى قانات

يايدۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندۇق. سودا پارىخورلۇقى قاتارلىق چىرىكلىشىش قىلمىشلىرى قەتئىي توسۇپ قېلىندى، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تېجەشچان ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش پرىنسىپىدا ئىزچىل چىڭ تۇردۇق، تۈرلۈك يىغىن ۋە كۈتۈۋېلىشنى قاتتىق تىزگىنلىدۇق، ئۆتكەن بىر يىلدا كۈتۈۋېلىش چىقىمى زور مىقداردا ئازايدى. بىۋاسىتە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشىغا دائىر «10غا يول قويماسلىق» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاكلىق ئېڭى ۋە ئىنتىزام ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، ھوقۇقنى مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، خەلقنى كۆزلەش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، پاك بولۇش تەلىپىگە يەتتۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيەنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدۇق. پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدۇق، دېموكراتىيە ــ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قارىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتۇق. پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش، پروفېسسورلار ئىلمىي ئىشلارنى باشقۇرۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك يولى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، باشقۇرۇش سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردۇق، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيەمىز ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئىستىلىمىز ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. مەكتەپ تورى ئارقىلىق «مۇدىر لىنىيەسى» سەھىپىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، «مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قىزىق لىنىيە تېلېفونى: 8588888 نى تەسىس قىلدۇق، «مەكتەپ مۇدىرى كۈتۈۋېلىش كۈنى» تەسىس قىلدۇق. شۇ ئارقىلىق تۆۋەن بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە ئۈلگە ياراتتۇق.

قىسقىسى، 2011- يىلىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېڭى بىر باھارى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يېڭى باھاردا مەكتەپتە ئىدىيە-سىياسىي خىزمەت، مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى، پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. باھار شامىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ كەلگەن ئىكەن، ئەمدى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىدۇ» ــ مەكتەپ گۈللىنىدۇ. ئىشەنچىمىز كامىلكى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭچە روھ بىلەن شىنجاڭ سۈرئىتى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە توختاۋسىز تۆھپە قوشىدۇ.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

33 ـ يىللىق 1 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 33 卷第 1 期
2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2012 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 11 ـ 08 ـ 01 (2012) 5878 ـ 1005

# تاجىك ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە توغرىسىدا*

شېرىن قۇربان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئېلىمىز تاجىك مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن تىراگېدىيەلىك ئەسەرلەر بار. ماقالىدە ئېستېتىكىلىق تىراگېدىيە نۇقتىسىدىن «پەرھاد- شېرىن ئۆستىڭى»، «بۈركۈت نەي»، «رۇستەم پالۋان قەبرىسى» قاتارلىق رىۋايەتلەر، «دۇختەرى قەيسەرى چىن»، «دۇختەرى زەرىن» قاتارلىق داستانلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ تىراگېدىيەسى تەھلىل قىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق تاجىك ئەل ئىچى ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيەلەرنىڭ ئاساسىي شەكلى، ئالاھىدىلىكى، ئەستېتىكىلىق ئېڭى ۋە قىممىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

**摘要**: 本文以塔吉克族民间文学作品《帕尔哈德与西琳渠的传说》、《鹰笛传说》、《鲁斯塔木之墓传说》、《勇敢的秦公主》、《杜赫苕尔·扎琳》等长诗为范例，从美学悲剧的角度分析了它们所表现的悲剧人物的美学特征及陷入悲剧的基本方式，揭示出了古代塔吉克族的悲剧意识。

**Abstract**: Our country's Tajik literature contains many tragic works. This article will analyze the tragic elements in the characters in the legends "The Canal of Perhad and Shérin," "The Eagle Flute," "The Grave of Rustem the Hero," and others, and in "Duxteri Qeyseri Chin," "Duxteri Zerin," and other oral epics, and in doing so will demonstrate the basic form, characteristics, aesthetic consciousness, and value of tragedies in the Tajik people's folk literature.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. تىراگېدىيە توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

«تىراگېدىيە» گىرېكچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «پاجىئەلىك تىياتىر»، «پاجىئەلىك ئەھۋال» ياكى «ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت» دېگەندىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەردە ئەگەر باش پېرسوناژنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە ھاياتى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشسا ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترەتسە، بۇنداق ئەسەرلەر ئادەتتە تىراگېدىيە ياكى تىراگېدىيەلىك ئەسەرلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا تىراگېدىيە بولىسمۇ، دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا قەدىمكى گىرېتسىيە (يۇنان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تىراگېدىيە ئەدەبىياتى (تىياتىرى)نىڭ ئانا ماكانى دەپ قارىلىدۇ.

ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6- ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 200 يىلدەك دەۋر گىرېتسىيە تارىخىدا «كىلاسسىك دەۋر» دەپ ئاتىلىدۇ. گىرېكلارنىڭ دىرامىلىرى دەل مۇشۇ دەۋردە تازا گۈللەنگەن.

قەدىمكى گىرېتسىيە دىرامىلىرى تىراگېدىيە ۋە كومېدىيە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى گىرېك ئېلىدە ئەل ئىچىدىكى مەي-شاراب تەڭرىسى بايرىمى مۇراسىمىدا مەي-شاراب تەڭرىسى دىيونوسقا مەدھىيە ئوقۇشتىن كېلىپ چىققانىكەن. كومېدىيە بولسا ئاۋام خەلقىنىڭ مەي-شاراب تەڭرىسىگە ئاتاپ قىلىنغان نەزىر-چىراغلاردا ئوينايدىغان شادلىق ئۇسسۇلى بىلەن قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىدىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن. بىر قەدەر ئومۇمىيلاشقان قاراشقا ئاساسەن، تىراگېدىيە

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 6- ئاينىڭ 10-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: شېرىن قۇربان(1952 -يىلى تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، ماگىستىر يېتەكچىسى، لوگىكا ئوقۇتۇشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قەھرىمانلىق تىراگېدىيەسى، ئائىلە تىراگېدىيەسى، شەخس تىراگېدىيەسى ۋە جەمئىيەت تىراگېدىيەسى دەپ تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر تىراگېدىيە يەنە ئۆز ئارا باغلىنىشلىقتۇر. كومېدىيە بىلەن تىراگېدىيە قارىمۇ-قارشىلىقتا ئىكە بولۇپ، ئۇلار دىراما ژانىرىغا مەنسۇپ. كومېدىيە ئادەتتە قالاقلىق، يىرگىنچلىك ئىشلار، رەزىللىك، ئىپلاسلىق، رەسۋا-شەرمەندە ئىش-ھادىسىلەرنى مەسخىرە ۋە ساتىرا قىلىش ئارقىلىق گۈزەللىك، ئىلغارلىق، ياخشىلىق، ئادىللىق، ھەققانىيەت، ئادىمگەرچىلىككە ئوخشاش رېئاللىق ياكى غايىۋىلىكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، ئاخىرىدا كىشىگە كۈلكە ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. كومېدىيە مۇبالىغە، كۆپتۈرمىچىلىك ۋاستىسىنى، ئەپچىل قۇرۇلمىنى، قىزىقارلىق ۋە يۇمۇرىستىك سۆز-ئىبارىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكت ۋە ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، كومېدىيە، ساتىرىك كومېدىيە، لىرىك كومېدىيە ۋە كۈلكە كومېدىيەسى دەپ بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. كومېدىيەنىڭ خاتىمىسىدە ئىلغارلىق ۋە ھەققانىيەت پېرسوناژلىرى مۇراد-مەقسىتىگە يېتىش بىلەن زىددىيەت توقۇنۇشى ھەل بولىدۇ. قىسقىسى، كومېدىيە كىشىگە يەڭگىللىك، خۇشاللىق ۋە كۈلكە ئېلىپ كېلىدۇ. قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ئارىستوفان (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 446-يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 385-يىلىغىچە ياشىغان)، ياۋروپا، جۈملىدىن ئەنگلىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىسى ۋە دىراماتۇرگى ۋىليام شېكىسپىر (مىلادىيە 1564-1616-يىللىرى) ۋە 17-ئەسىر فىرانسىيە كىلاسسىزم دىرامىچىلىقىنىڭ تىپىك ۋەكىلى مولىېر (مىلادىيەنىڭ 1622-1673-يىللىرى ياشىغان) قاتارلىقلار دۇنيادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان كومېدىيە سەركەردىلىرىدۇر.

ئەسلىي تېمىغا قايتساق، قەدىمكى گرېتسىيە تىراگېدىيەلىرى مىسلىسىز رەڭدار بولۇپ، كىشىلەرنى تەڭرىلەر بىلەن تەڭرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ۋە ئىنسانلار بىلەن تەڭرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئەۋجىگە چىققان مىڭ-ئەپسانىلەر دەۋرىگە باشلاپ بارىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇش، ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن. قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ «كىلاسسىك دەۋرى»دە ئۈچ چوڭ تىراگېدىيە يازغۇچىسى مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار، ئېسخىل (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 525-يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 456-يىلىغىچە ياشىغان)، سوفوكىل (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 496-يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 406-يىلىغىچە ياشىغان) ۋە ئېۋرىپىد (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 485-يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 406-يىلىغىچە ياشىغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە بىر ئۈچچۈرنى دېمەكچىمىز. ئۇ بولسىمۇ، قەدىمكى گرېتسىيەنىڭ كۆپ پەن ياكى ساھەسىنىڭ سەركەردىلىرى ئۈچتىن — ئۈچتىن بولغان. ئالايلۇق، ئۈچ چوڭ تىراگېدىيە يازغۇچىسى — ئېسخىل، سوفوكىل ۋە ئېۋرىپىد؛ ئۈچ چوڭ تارىخشۇناس — ھېرودوت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 484-425-يىللار)، شېسكورىت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 460-400-يىللار) ۋە سنوفىن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 430-354-يىللار)؛ ئۈچ چوڭ پەيلاسوپ — سوقرات (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 469-399-يىللار)، پىلاتون (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 427-347-يىللار) ۋە ئارىستوتىل (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 384-322-يىللار)؛ ئۈچ چوڭ جۇغراپىيون — ستىرابون (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 63-يىلىدىن مىلادىيە 20-يىللارغىچە)، پىتولىمى (تەخمىنەن مىلادىيە 90-168-يىللار) ۋە ئارىئەن (مىلادىيە 95-175-يىللار)؛ ئۈچ چوڭ ئەدىب — ھومېر (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 9-8-ئەسىرلەردە ياشىغان)، ھېسئود (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8-7-ئەسىرلەردە ياشىغان) ۋە «ئىزوپ مەسەللىرى» نىڭ ئاپتورى ئىزوپ (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردە ياشىغان)؛ ئۈچ چوڭ لەشكىرىي ئىشلار سەردارلىرى — پىلپىپوس II (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 382-336-يىللار)، ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 356-323-يىللار) ۋە سېلۇك نېكاتور (مىلادىيەدىن

ئىلگىرىكى 312ـ246ـ يىللار سەلتەنەت سۈرگەن). بۇلار تاسادىپىي ئوخشاشلىقمۇ ياكى بىر خىل سېھىرمۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

ئېلىمىز جۇڭگونىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىمۇ تىراگېدىيە خېلىلا كۆپ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئالەمگە مەشھۇر تۆت چوڭ ئەسىرىنىڭ بىرى بولغان «سۇ بويىدا» ئىسمى-جىسمىغا لايىق تىراگېدىيەلىك ئەسەر بولۇپ، لياڭشەن تېغىدىكى 108 قەھرىمان ئەزىمەت، بىرى، ئوردىدىكى مۇناپىقلارنىڭ ناھەقچىلىكى تۈپەيلىدىن، يەنە بىرى، سۇڭ جياڭنىڭ ساداقەتمەنلىك ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر بىلەن تۈگىشىپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە پەقەت تەسىرلىك ھېكايە-قىسسەلەرلا مىراس قالدۇ، خالاس.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، مەيلى يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن، مەيلى ئەل ئىچى ئەدەبىياتىدا بولسۇن، تىراگېدىيە خېلىلا كۆزگە تاشلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋائىي خەمسەسى ئىچىدىكى «پەرھاد ۋە شېرىن» تىراگېدىيەسى، «لەيلى ۋە مەجنۇن» پاجىئەسى، «سەبئى سەييارە» داستانى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «رابىئە ۋە سەئدىن» داستانلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە پەقەت تاجىك ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىمىز.

## 2. تاجىك ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە توغرىسىدا

تاجىك ئەدەبىياتىدا تىراگېدىيەلىك ئەسەرلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە تاجىكلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي پسىخىكىسىنىڭ يەنە بىر خىل ئەدەبىي شەكىلدە كۆرۈلۈشى ياكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازما ئەدەبىيات تارىخىمىزدا، كىلاسسىكلىرىمىزدىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (940ـ1020) نىڭ «شاھنامە» بەدىئىي دۇنياسىدا كۆپلىگەن تىراگېدىيەلىك داستان ۋە ھېكايەت-قىسسەلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

«شاھنامە» دە تۆت قەھرىمانلىق تىراگېدىيەسى بار. ئۇلاردا تۆت ياش سەركەردىنىڭ سەرگۈزەشت ـ كەچۈرمىشلىرى ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋىتى تەسۋىرلەنگەن. بۇ تۆت قەھرىمانلىق تىراگېدىيەسى ئەراجى تىراگېدىيەسى، سۇھراب تىراگېدىيەسى، سىياۋۇش تىراگېدىيەسى ۋە ئىسفەندىيار پاجىئەسىدىن ئىبارەت. يەنە بىر مۇتەپەككۇر شائىرىمىز ئابدۇراھمان جامى (1414ـ1492) نىڭ خەمسەسى ــ «ھەفت ئەۋرەڭ» (تاجىكچە «يەتتە يۇلتۇز» ياكى «يەتتە ئالتۇن تەخت» دېگەننى بىلدۈرىدۇ) ئىچىدىكى «لەيلى-مەجنۇن» داستانىمۇ كىشىلەرنىڭ يۈرەك-باغرىنى لەرزىگە سالىدىغان تىراگېدىيە داستانىدۇر. يۇقىرىدىكى تىراگېدىيەلەردە باش پېرسوناژلار زۇلمەتلىك ۋە ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا تەقدىرى ناھايىتى پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن ئۇلار ناھايىتى ئۈمىدۋار بولۇپ، يورۇقلۇقنىڭ ھامان قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن، پاكلىقنىڭ ھامان چىركىنلىك ئۈستىدىن، ئادالەتنىڭ ھامان جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەم بۇنىڭ مۇقەررەرلىكىنى قايتا-قايتا قەيت قىلغان. ھالبۇكى، بۇ تەبىئەت دىيالېكتىكىسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىك قانۇنىيىتى. ئۇ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا باغلىق ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، ئۇنى پەقەت ئالدىن كۆرەر دانىش يازغۇچىلارلا ھېس قىلالايدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ھازىرقى شېئىرىيەت ۋە ھېكايىچىلىقتا ئەسەرلەرنىڭ تېز ۋە يۇقىرى سۈرئەتتە ئىجاد بولۇپ، يەنە تېزلا كۆزلەردىن غايىب بولۇپ كېتىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئەسەرلەردە غايە-ئىستەك، پەلسەپە ــ نەزەرىيە، مەنتىق-پىكىر يوق. بۇ تۈپ سەۋەبنى يەنىمۇ ئېچكىرىلىسەك، تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلىش، ئۇنىڭ-بۇنىڭدىن ئېلىپ قۇراشتۇرۇپ ئىجاد قىلىش، دوراپ ئىجاد قىلىش، ئۇرۇپ-سوقۇپ ئىجاد قىلىش، تېز پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىجاد قىلىشتەك ناتوغرا ئىستىللار يامراپ كەتمەكتە. كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇمۇ ۋاقىتلىق ئاپەت. ئۇ ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ.

### 1) «دۇختەرى زەرىن» تىراگېدىيەسى

«دۇختەرى زەرىن» (تاجىكچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئالتۇن قىز» دېگەندىن ئىبارەت) ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ تىراگېدىيەلىك مۇھەببەت داستانى بولۇپ، تاشقورغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاجىكلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. داستاندا سەيياد ئىسىملىك يىگىت بىلەن زەرىن ئىسىملىك قىز ئوتتۇرىسىدىكى پاك سۆيگۈ-مۇھەببەت ھېكايىسى داستانلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. بىراق بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى ئېچىنىشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ پاك سۆيگۈسى زەرىن قىزنىڭ شاھ دادىسى — پادىشاھ غايىبنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. داستاندا ئاچكۆز، قانخور باي تالاسباينىڭ يىللىقچىسى، نەۋقىران، جىگەرلىك يىگىت سەييادنىڭ شاھى غايىبنىڭ گۈزەل مەلىكىسى دۇختەرى زەرىننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولغانلىقى، مەلىكىنىڭ خاس كېنىزىكى ھەم ئۆمۈرلۈك دوستى گۈلرۇخنىڭ بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇقنى دىل مۇرادىغا يەتكۈزۈش يولىدا سېھىر قىلىنىپ، تورغايغا ئايلانغانلىقى، تورغايغا ئايلانغاندىمۇ يەنىلا دوستى مەلىكە دۇختەرى زەرىنگە ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، ئاشىق-مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدا تىنماي ئۇچۇپ يۈرۈپ خەت-خەۋەر يەتكۈزگەنلىكى ھەمدە ئاچكۆز، شەھۋەتپەرەس تالاسباينىڭ سەييادنىڭ مەلىكە دۇختەرى زەرىنگە ئاشىق بولغانلىقى ۋە بۇ مەلىكىنىڭ تولۇن ئايدەك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولسىمۇ، يەنە دۇختەرى زەرىننى قولغا كىرگۈزمەكچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ جادۇگەر، مەككار خوتۇنى مەلەكىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن، سەيياد ۋە زەرىنگە يوشۇرۇن تۇزاق قۇرۇپ، بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىدەك ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ. سەيياد ۋە دۇختەرى زەرىننىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت يولىدا تالاسبايدەك ۋەھشىي، زالىم كۈچلەر بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، ئاخىرى رەزىل كۈچلەر تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىشىدەك تىراگېدىيە جانلىق خەلق تىلى ۋە تەسىرلىك سۆزلەر ئارقىلىق ھېكايە قىلىنىدۇ. ساپ سۆيگۈ، دوستلار ئارىسىدىكى ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق، ساداقەت، پىداكارلىق ۋە مەردانىلىك مەدھىيەلىنىدۇ. ئاچكۆزلۈك، شەھۋەتپەرەسلىك، زالىملىق، چىدىماسلىق، ھەسەتخورلۇق ۋە ۋەھشىلىك قاتارلىق ئەخلاقسىزلىقلارغا لەنەت-نەپرەت ئوقۇلىدۇ. داستاندا سەيياد بىلەن دۇختەرى زەرىننىڭ مۇھەببەتلىشىش جەريانى ھەم مەلىكىنىڭ كېنىزىكى گۈلرۇخنىڭ ئاجايىپ پىداكارانە دوستلۇقى ھېكايە قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يىراققا قاچماقچى بولغاندا، تالاسباينىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ھەمدە سەييادنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سۆزلىنىپ، كىشىنىڭ كۆز چاناقلىرىنى نەملەشتۈرىدۇ.

ئىش تازا پەللىگە يەتكەندە، دۇختەرى زەرىننىڭ شاھ ئاتىسى شاھى غايىب ئەينەن ئەھۋالنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ھەم چەكسىز پۇشايمانغا قالىدۇ. ئۇ كېلىپ مۇھەببەت پاجىئەسىگە ئۇچرىغان مەلىكە قىزى دۇختەرى زەرىننىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتقاندا، مەلىكە زەرىن قىز شاھ دادىسىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي، مۇنداق نەزمە ئوقۇيدۇ:

سەن ئىدىڭ تاجۇ-تەختىم، شان-شەۋكەتلىك ئاتام،
ھەم ئانامدەك مېھرىبان، ئەلدە ھۆرمەتلىك ئاتام.
بىلمىدىڭ دەردىمنى سەن، قىلدىڭ ماڭا زۇلۇم-ستەم،
ئەمدى تۆكتۈڭ سەنمۇ ياش بەكمۇ ھەسرەتلىك ئاتام.
خەير، قەدىرلىك مېھرىبان ئاتا جانىم ئەلۋىدا،
بولدى رۇخسارىم سامان قەدىردانىم ئەلۋىدا.
ئەمدى پۇشمان نە كېرەك غەمگۇزارىم ئەلۋىدا،
بىزگە بولغاي ئارچىزار سايىۋەنىم ئەلۋىدا.

داستاننىڭ ئاخىرى تېخىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇ تاجىكلارنىڭ مۇقەددەس «بۇركۇت نەي» دىن قالسىلا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چالغۇ ئەسۋابى — «سۇر نەي» (قومۇش نەي دېگەننى بىلدۈرىدۇ) نىڭ دۇنياغا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

«سۇر نەي» ياغاچ ياكى قومۇشتىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا يەتتە ئاۋاز تۆشۈكى، كەينى تەرىپىدە بىر ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ. ئاۋازى مۇڭلۇق، لەرزان بولۇپ،

مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق كۈي-مۇزىكىلارنى چالغاندا قوللىنىلىدۇ. ئۇ تىپىك غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، قوغدىلىشقا تېگىشلىك.

«دۇختەرى زەرىن» داستانىنىڭ خاتىمىسىدە ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ «شاھى غايىب» مەلىكە قىزنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرى ياشقا تولغان. ئۇ ياش ئورنىدا قان-خۇن يىغلاۋاتقان دۇختەرى زەرىننىڭ ھالىغا بەكمۇ ئېچىنىدۇ. بىقىياس پۇشايمان يەپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ قان ئاققۇزىدۇ، ساقاللىرىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ ۋە: «بولغۇلۇق بولدى، دۇختەرىم (قىزىم)، ئاتاڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدى، ئەمدى ئەسلىگە كەلمەيدۇ» دەپ تەسەللىي بېرىدۇ شاھ. ئۇ يەنە سەييياد قوللىرىنى سىلايدۇ، ياش ساقىپ تۇرغان مەڭزىنى سۇرتىدۇ. شۇ چاغدا سەييياد كۆزىنى ئېچىپ، دۇختەرى زەرىننىڭ ئاتىسىنى كۆرىدۇ، لېكىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمايدۇ. بېشى دۇختەرى زەرىننىڭ قۇچىقىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشىدۇ...

شاھ سەيييادنىڭ ئېڭىكىنى تاڭىدۇ، تاھارەت ئېلىپ دۇئا-پاتىھە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ بارلىق سەردارلىرى ۋە لەشكەرلىرى داغدا قېلىپ ھەسرەت چېكىشىدۇ. ئۇلار دۇختەرى زەرىننى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولىدۇ، لېكىن مەلىكە ياقىلىرىنى يىرتىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ قانىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆز يېشى ۋە قېنى تەڭ قويۇلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغانلاردىن يۇلقۇنۇپ قېچىپ، ئۆزىنى سەيييادنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئاتىدۇ ۋە زار-زار يىغلايدۇ. بىر ھازا يىغلاپ توختايدۇ. ئۇ تولغىنىدۇ. شاھ: «ئۇ بەلكىم ھوشىدىن كەتكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، يېقىن كېلىپ قىزنى يۆلەيدۇ. شاھ غايىب چۆچۈپ كېتىدۇ، ئۇ دۇختەرى زەرىننىڭ يۇمران كۆكسىگە سېپى قانغا مىلەنگەن خەنجەرنىڭ قادالغانلىقىنى كۆرىدۇ.

شاھ تۈگىمەس ھەسرەت ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ دەرغەزەپكە كېلىپ، سەركەردىسىگە قىزى دۇختەرى زەرىن بىلەن ئاشىقى سەيييادنىڭ گۆدەك جېنىغا زامىن بولغان تالاسبايىنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ، خوتۇنلىرىنى تالاق، قىزلىرىنى ئوغلاق قىلىپ تارتىشقا ئەمىر قىلىدۇ.

پادىشاھ سەييياد بىلەن دۇختەرى زەرىننى دەپنە قىلىشقا تەييارلىنىپ، يەتتە كېچە-كۈندۈز نەزىر - چىراغ قىلىپ بېرىدۇ. مەشرىقتىن مەغرىبكىچە خەۋەرچى ئەۋەتىپ، كاتتا تەزىيە مەرىكىسىنى ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. يېشىل تاغ باغرىدا سان-ساناقسىز چېدىرلار تىكىلىدۇ. بۇ ئىشلارغا شاھ ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ. بۇ چاغدا ئارچىزارلىقتا غەمكىن سايراۋاتقان تورغاي:

«ئەي شاھى ئالەم، مەن ئەزىز قىزىڭىز دۇختەرى زەرىننىڭ ھايات چېغىدىكى ئەڭ يېقىن دىلكەشى گۈلرۇخ بولىمەن. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيسىز، ئۇلارنىڭ خاكجايى بىر بولسۇن، ئۇلار ھايات چېغىدا بىر-بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىدى. ئەمدى ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ دىدارلاشسۇن» دەپتۇ — دە، پۇررىدە قىلىپ كۆپكۆك ئاسمانغا شۇڭغۇپتۇ.

شاھ گۈلرۇخنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئىككى ياشقا بىر قەبرە ياسىتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى ياشنىڭ قەبرىسىدىن ئىككى تال قومۇش ئۈنۈپ چىقىپتۇ. تۇم دەستىلىك، يېشىل يوپۇرماقلىق بۇ ئىككى قومۇشقا تاغنىڭ لەرزان شاملى تەگسىلا ئاجايىپ بىر خىل مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىدىكەن. بۇ ئاۋاز ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى مەھلىيا قىلىدىكەن. كېيىن بىر تاجىك بوۋاي بۇ ئىككى قومۇشتىن بىر جۈپ نەي ياساپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «سۇر نەي» (تاجىك تىلىدا قومۇشتىن ياسالغان نەي مەنىسىدە) دەپ ئات قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاجىكلاردا توي-تۆكۈنلەردە چالىدىغان سۇر نەي بارلىققا كەپتۇ.[1]

بۇ داستان بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە ئىنفورماتسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىرىنچىدىن، مۇھەببەتلەشكۈچى يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سالاھىيىتى ئوخشىمايدۇ. يەنى بىرى باينىڭ ئىشلەمچىسى، يەنە بىرى بولسا پادىشاھنىڭ قىزى؛ ئىككىنچىدىن، يىگىت بىلەن قىزنىڭ پاك مۇھەببىتى زالىم باي ۋە پادىشاھنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. دېمەك، تىراگېدىيەنى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ ئۈچىنچىدىن، مەلىكىنىڭ خاس كېنىزىكى گۈلرۇخ تورغايغا ئايلىنىپ، ئاشىق-مەشۇقلار مۇھەببىتىنىڭ شاھىد-

گۇۋاھچىسى ۋە مەدەتكارى بولغان ھەم ئاخىرىدا پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ، ئىككى ياشنى بىر قەبرىگە قويغۇزغان. بۇ ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدۇر؛ تۆتىنچىدىن، داستان گەرچە تىراگېدىيەلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىزگە يەنە خاسىيەتلىك سۈر نەي مىراس قالغان، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن ئۈمىد تۇغۇلغان، يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلانغان. مانا بۇ تاجىك «دۇختەرى زەرىن» تىراگېدىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى.

**2) «دۇختەرى قەيسەرى چىن» تىراگېدىيەسى**

«دۇختەرى قەيسەرى چىن» (چىن خاقانى قەيسەرى ۋە ئۇنىڭ قىزى مەنىسىدە) تاجىك خەلق داستانلىرى ئىچىدە تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان تىراگېدىيە داستانى ھېسابلىنىدۇ.

داستاندا ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا خاقانى چىننىڭ بىر قىزى بولۇپ، نام-شەرىپى سالارى خۇبان ئىكەن. شاھنىڭ يالغۇز مۇشۇ بىرلا قىزى بولغاچقا، قىز تۇغۇلۇپ 14 ياشقا كىرگەندە، قەيسەر پادىشاھ نۇرغۇن قۇرئەنداز، ئۆلىمالارنى چاقىرىپ كېلىپ، قىزنىڭ كەلگۈسى تەلىيىنى بىلىش ئۈچۈن قۇرئە ئاچقۇزۇپتۇ. قۇرئەنداز قۇرئە ئېچىپ: «مەلىكە چوڭ بولغاندا ناھايىتى ئىززەت-ئابرويلۇق، ئەقىل-پاراسەتلىك، كارامەت دانىشمەن ئادەم بولۇپ، زەرى تەختىنىڭ ياخشى ۋارىسى بولالايدۇ» دەپتۇ. پادىشاھ يەنە قىزنىڭ ئەجىلى نېمىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا پال ئاچقۇزغاندا، قۇرئەندازلار قىزنىڭ ئەجىلى ھەرىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇزۇن ئويلىنىپ، دۆلەت دائىرىسىدىكى ئۈزۈم پىشمايدىغان، ھەرە بولمايدىغان سوغۇق جاينى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۆلىمالار ئۇنىڭغا سەرىكۆي (تاشقورغان) نى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مەلىكىنى نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ ھېمايىسىدە سەرىكۆي دىيارىغا يولغا سېپتۇ.

قىز ھۆسن-جامالدا ئالەمدە تەڭداشسىز ساھىبجامال بولغاچقا، ئۇنى ئەرەنچە ياساندۇرۇپ يۈزىگە نىقاب تارتىپتۇ. سالارى خۇبان سەرىكۆينىڭ ۋەرشىدې يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا چىن مەملىكىتىنىڭ غەربىي چېگراسىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر قېتىم سالارى خۇبان كانجۇت خانى بىلەن سوقۇشماق بولۇپ، لەشكەر تارتقاندا، ئاتا-ئانىسى ئۇنىماپتۇ. كانجۇت خانى قەيسەرى چىنغا ئەل بولۇپ، ھەر يىلى چىن خاقانىغا باج-خىراجەت تاپشۇرىدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاكى يېقىنقى زامانغىچە چىن مەملىكىتىگە يەتتە تۈلۈمدىن باج ھېسابىدا ئالتۇن تاپشۇرۇپ كەپتۇ.

سالارى خۇبان قىز كىچىكىدىن تارتىپ ئۈزۈم يېيىشكە ئامراق ئىكەندۇق. كېيىنكى ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسىدىن ئۈزۈم ئەۋەتىپ بېرىشنى يېنىش-يېنىشلاپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئاتا-ئانىسى كۆپ قېتىم ئاستانىدىن قىزى سالارى خۇبانغا ئۈزۈم ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يىللار، ئايلار، كۈنلەر ئۆتۈپ، سالارى خۇبان 21 ياشلارغا بېرىپ بويىغا يېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسى ئەۋەتكەن ئۈزۈم ساندۇقىدىن ھەرە چىقىپ قىزنىڭ لېۋىنى چېقىۋاپتۇ. ساھىبجامال سالارى خۇبان قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ قەيسەرمۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ خانىش بىلەن بىرلىكتە سالارى خۇباننىڭ بېشىغا ھازىر بولۇپتۇ. ئۇ نۇرغۇن ھېكىم، تېۋىپ-ئۆلىمالارنى چاقىرىپ كېلىپ، قىزى سالارى خۇباننىڭ دەردىگە شىپالىق ئىزدەپتۇ. قىلغان شىپالىقلارنىڭ ھېچقايسىسى قىزنىڭ دەردىگە داۋا بولماپتۇ. پادىشاھ قىزى سالارى خۇباننىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن خەيرى-ساخاۋەت بېرىپ، خەزىنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش ۋە مال-دۇنياسىنى تارقىتىپ، قاماقتىكى گۇناھكارلارنى ئازاد قىلىپ، قىزى سالارى خۇباننىڭ دەردىگە شىپالىق ئىزدەپتۇ. لېكىن بۇمۇ كار قىلماپتۇ. سالارى خۇبان چوڭ بولۇپ بويىغا يەتكۈچە ئۆز ھۆسن-جامالىنى ئەينەكتىمۇ كۆرمىگەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىتاپ ياتقان ھالەتتە ئەينەككە قارىغانىكەن، ئەينەكتە پەرىزات كەبى بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپتۇ ۋە ئانىسىدىن: «بۇ كىم بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

«بۇ سىز بولىسىز، جېنىم قىزىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىسى.

سالارى خۇبان ئۆزىدەك ساھىبجامالنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ قارارسىز بەربات بولۇشىدىن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ ۋە يىغلاپ نالە قىلىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى داستان شەكلى بىلەن نەزمە قىلىپ ئوقۇپتۇ. «دۇختەرى قەيسەرى چىن» داستانى شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا، ماكاندىن ـ ماكانغا كۆچۈپ، ھازىرقى دەۋر ـ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەنىكەن. داستاننىڭ تىلى گۈزەل، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى تەسىرلىك بولۇپ، ئوقۇغاندا كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى كۇپلېتنى مىسال قىلماقچىمىز.

مەن ئىدىم خاقانى چىننىڭ بىرلا ئارزۇلۇق قىزى،
ھەم ئىدىم شاھانە تەختىنىڭ ئىز باسارى ۋارىسى.
«پۇر ئەقىل، دانا خىرەدمەن»[2]ھەممە خەلق دېيتتى مېنى،
يىغلىدىم پەرياد چېكىپ، بولغاچ خازان ھالىم مېنىڭ.
ئاھ، ئەجەب بولدۇم خاراب، ئۇ لالە گۈلزارىم قېنى؟
ھۆسنىگە تولغان تولۇن ئاي، رەڭگى ـ رۇخسارىم قېنى؟
ئەلگە چاچقان خۇشپۇراق ئۇ مۇشكى ـ ئەتتارىم[3]قېنى؟
يىغلىدىم پەرياد چېكىپ، بولغاچ خازان ھالىم مېنىڭ.[4]

«دۇختەرى قەيسەرى چىن» داستانىدا ساھىبجامال مەلىكە سالارى خۇباننىڭ تىراگېدىيەسىنى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت ئەمەس، بەلكى تەقدىر ـ قىسمەت كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ قىسمەتكىمۇ تەن بەرگۈلۈك. چۈنكى بەزىدە تۇيۇقسىز كەلگەن تاسادىپىي ئاپەتمۇ تىراگېدىيە پەيدا قىلىدۇ. ئالايلۇق، ئوت ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى، قاتناش ھادىسىسى، ئاغرىق ـ كېسەللىك دېگەندەك. قانداقلا بولمىسۇن، مەلىكە سالارى خۇباننىڭ تەقدىرى ئېچىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىزگە بىر قىممەتلىك شېئىرىي ئابىدە يادىكار قالدى.

**‹3› «پەرھاد ۋە شىرىن ئۆستىڭى» تىراگېدىيەسى**

ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئېلىمىز شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەدەبىياتىدا نىمە كۆپ دېسە، «خىسرەۋ ۋە شىرىن» ياكى «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى كۆپ. ئالايلۇق، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدىكى «خىسرەۋ پەرۋىز ۋە شىرىن» داستانى، گېنىئال پارس شائىرى نىزامى گەنجەۋى (1141ـ1209) نىڭ «خىسرەۋ ـ شىرىن» داستانى، ھىندىستانلىق تاجىك ـ پارس شائىرى ئەمىر خىسرەۋ دېھلەۋىنىڭ خەمسەسى ئىچىدىكى «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى، ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ۋە ماقالىمىزدا مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ ئەل ئىچى ئەدەبىياتىدىكى «پەرھاد ـ شىرىن ئۆستىڭى» رىۋايىتى قاتارلىقلاردۇر.

شۇنىڭغا دىققەت قىلدۇقكى، مەيلى «خىسرەۋ ۋە شىرىن» داستانى بولسۇن، مەيلى «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى ياكى رىۋايىتى بولسۇن، خاراكتېر جەھەتتىن ھەممىسى تىراگېدىيەلىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ باش يىلتىزى ياكى مەنبەسى «كىتابلار شاھى» ــ «شاھنامە»دۇر.

تاجىك ئەدەبىياتىدىكى «پەرھاد ۋە شىرىن ئۆستىڭى» رىۋايىتىدە تۆت پېرسوناژ بار. ئۇلار، پەرھاد، شىرىن، خىسرەۋ ۋە جادۇگەر كەمپىردۇر. تەڭداشسىز گۈزەل شىرىن بىر كۆنى ئۆزىگە ئاشىق بولغان پەرھاد بىلەن پادىشاھ خىسرەۋنى چاقىرىپ ئۇلارغا: ئىككىڭلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۆنىلىشى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى ئۆستەڭ قېزىڭلار، قازغان ئۆستەڭ تۆت ياشلىق كالىنى ئېقىتىپ كېتەلەيدىغان چوڭقۇرلۇقتا بولسۇن، ئەگەر كىمىكى مۇشۇنداق ئۆستەڭنى ئالدىن پۈتتۈرۈپ تەييار قىلسا، مەن شۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتىمەن دەپ شەرت قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەركەك ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆستەڭ قېزىشقا باشلاپتۇ. ئەمما جادۇگەر كەمپىر ئارىدا چېپىپ يۈرۈپ ئىشنى بۇزۇپتۇ. ئۇ: ئەي، پەرھاد، مەن سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭگە ئېچىنىۋاتىمەن، شىرىن خىسرەۋنىڭ قۇچىقىدا يايراۋاتسا، سەن بۇ يەردە ئۆستەڭ قېزىپ بىھۇدە جاپا چېكىۋاتىسەن، دەپتۇ. جادۇگەر كەمپىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پەرھاد شۇنداق غەزەپكە كەپتۇكى، بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ جېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ. جادۇگەر كەمپىر دەرھال شىرىننىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە: پەرھادنى تاغ بېسىپ ئۆلدى. سەن بۇ يەردە نېمىنى كۈتۈپ ئولتۇرىسەن؟ دەپتۇ. ئۆزىنىڭ ۋاپادار يارىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ،

شېرىن نالە- پەرياد قىلىپ، پەرھادنىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە: ئېھ ۋاپادار يايرىم، مېنى دەپ شۇنچە ئازابلارنى چەكتىڭ. ئاخىرى زالىم خىسرەۋ شاھنىڭ ئالدامچىلىقى ۋە كۇشكۇرتۇشى بىلەن ۋىسالىمغا يېتەلمەي، دەرد-ئەلەم ئىچىدە جان ئۈزدۈڭ. ئەمدى بۇ زالىم شاھ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ، مەن ئۆزۈمنى بۇ زالىمغا ھەرگىزمۇ راۋا كۆرمەيمەن، ئەمدى باقىي ئالەمدە روھىمىز بولسىمۇ تېپىشسۇن، ئۆلۈكىمىزمۇ بىرگە بولسۇن، دەپتۇ ـ دە، يۈرىكىگە خەنجەر تىقىپ، ئۆزىنى پەرھادنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. كىشىلەر شېرىننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنى بىر يەرلىككە قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ «پەرھاد ۋە شېرىن ئۆستىڭى» ۋە ئۇ ھەقتىكى گۈزەل رىۋايەت بىزگە مىراس بولۇپ قاپتۇ.[5]

«پەرھاد ۋە شېرىن ئۆستىڭى» نىڭ ئىزناسى ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ بىر مۆجىزە بولۇپ، باشقا يەرلەردە پەقەت ھېكايىسى ۋە داستانى بار. بىزدە بولسا ھەم ئۆستەڭ ئىزى بار، ھەم ئۆستەڭ ھېكايىتى بار.

«پەرھاد ۋە شېرىن ئۆستىڭى» رىۋايىتىدە كۆپ ئۇچۇر-مەلۇمات بار. بىرى، رىۋايەتتىكى پەرھاد بىلەن شېرىن پاجىئەسىنى زالىم شاھ بىلەن جەمئىيەت داشقىلى جادۇگەر كەمپىر كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنە بىرى، رىۋايەتتە پەرھاد بىلەن شېرىن مۇھەببىتى خىلۋەت مۇھىت ئىچىگە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىچىگە قويۇلغان. ئۈچىنچى، پەرھاد بىلەن شېرىننىڭ ھاياتى تىراگېدىيە بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارزۇسى، ئۇلارنىڭ غايىسى يەنە باشقا يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشقان. ئالايلۇق، زالىم شاھ خىسرەۋنىڭ نىيىتى ئىشقا ئاشمىغان، جادۇگەر كەمپىرمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي، ئۆلۈكى چۆل-باياۋانغا تاشلىنىپ، قاغا-قۇزغۇنغا يەم بولغان. ئەمگەكچى خەلق ناھايىتى ئۇزۇنغىچە «پەرھاد ۋە شېرىن ئۆستىڭى» دىن پايدىلانغان. ئەدەبىياتتا بىزگە بىر تەسىرلىك رىۋايەت خەزىنىسى قالغان. پەرھاد بىلەن شېرىن بولسا ئەمەلىيەتتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئوبرازى بولۇپ، بىزبۇ ئەينەكتىن قەدىمكى تاجىك جەمئىيىتىنىڭ بىرقىسىم مەنزىرىسىنى كۆرەلەيمىز.

**«4» رۇستەم پالۋان تىراگېدىيەسى**

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا رۇستەم پالۋان ھەققىدە ناھايىتى كۆپ رىۋايەت-قىسسەلەر بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پالۋانى رۇستەم تاجىكلارنىڭ بوۋىسى ئىكەن. ئۇ تېخى تاشقورغاندا تۇغۇلغانىكەن. ئۇ خەلقنى زۇلۇم-ستەمدىن قۇتۇلدۇرۇش، تاجاۋۇزچى كۈچلەرنى يوقىتىش، خەلقنىڭ بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك قاباھەتلىك كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. دۈشمەنلەرنى بىر-بىرلەپ يوقىتىپ، ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدىغان. لېكىن ئاخىرى ھىيلىگەر دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئۆتەر يولىغا ئورا كولاپ، ئورىنىڭ ئىچىگە خەنجەرلەرنى ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىپ، توپا چېچىپ، رۇستەم پالۋان ئۈچۈن تۇزاق قويغان. چۈنكى ئۇلار رۇستەم پالۋان بىلەن ئاشكارا ئېلىشىشقا زادىلا تەڭ كېلەلمىگەن، ئۇنىڭ قولىدا كۆرمىنىڭ قېتىم مەغلۇپ بولغان. رۇستەم پالۋان ماڭىدىغان يولنى ئىنىسى ھەسەتخورلۇق بىلەن رۇستەم پالۋانغا خائىنلىق قىلىپ، دۈشمەنگە كۆرسىتىپ بەرگەن. رۇستەم قەدىناس رەقىش ناملىق تۇلپىرىغا مىنىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز دۈشمەن كولىغان ئورىغا چۈشۈپ كېتىپ، بەدىنىگە خەنجەرلەر سانچىلىپ ئېغىر يارىلىنىپ، ئورىدىن چىقالمايدىغان ھالغا چۈشكەن. ئۇنىڭ ئورىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ئاسىي ئىنىسى ۋە دۈشمەن شاھى خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەپتۇ. ئىنىسى پالۋان ئاكىسى رۇستەمگە تەنە قىلىپ دەپتۇدەك: «ئەي پالۋان، سەن مېنى زادىلا كۆزگە ئىلمايتتىڭ، دائىم مېنى ئىشقا يارىمايدىغان كېرەكسىز ئادەم ھېسابلايتتىڭ، ئۆزۈڭ بىلەن زادىلا تەڭ كۆرمەيتتىڭ، دۇنيادا ھېچكىمنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرمەيدىغان تەڭداشسىز پالۋان، ئىشقا يارىماس دەپ قارالغان مەندەك كىشىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولدۇڭمۇ؟» رۇستەم پالۋان ئىنىسى ۋە دۈشمەن شاھىغا قاراپ: «ئەي نامەردلەر، سىلەر مەن بىلەن ئاشكارا ئېلىشىشقا زادىلا

جۈرئەت قىلالمايدىغان توخۇ يۈرەكلەر، سىلەر پەسكەشلىك قىلىپ، باتۇرلارچە ئېلىشىشىنىڭ ئورنىغا، سۇيىقەستلىك ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتىڭلار، سىلەر ئۆلسەڭلار مەڭگۈ سۇيىقەستچى، خائىن دېگەن سېسىق نامىڭلار قالىدۇ. مەن ئەل ـ يۇرتىنىڭ خاتىرىسىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىمەن. ئەمما سىلەرچۇ؟ كىشىلەر سىلەرگە لەنەت ـ نەپرەت ئوقۇيدۇ. مېنى بولسا ھەر زامان، ھەر ماكان ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ تۇرىدۇ» دەپتۇ ھەممىدە يارىسىنىڭ ئازابىغا چىداپ، يېنىدىكى ئوقياسىنى ئېلىپ بۇ ئىككى ئەبلەخنى ئاتماقچى بوپتۇ. دۈشمەن پادىشاھى بىلەن خائىن ئىنىسى ئۇنىڭ ئوقيا ئاتماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ، ئۆزلىرىنى ئىككى چوڭ چىنارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپتۇ. رۇستەم پالۋان ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ئوقيادىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئوق ئۈزگەنىكەن، ئوقلار بۇ ئىككى چوڭ چىنارنى تېشىپ ئۆتۈپ، قارا نىيەتلەرنى ئارقىدىكى ئىككى چىنارغا مىخلاپ قويۇپتۇ. رۇستەم پالۋان ئۆزىمۇ ھالسىزلىنىپ ئورنىنىڭ ئىچىدە ئوقياسىنى تۇتقان پېتى جان ئۈزۈپتۇ. كىشىلەر سۆيۈملۈك پالۋىنى رۇستەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ يىغا ـ زار قىلىشىپتۇ. ھېلىقى ئىككى ئەبلەخنىڭ جەسىتىنى ھېچكىم ياشمايدىغان چۆلگە ئاپىرىپ پارچە ـ پارچە قىلىپ، قاغا ـ قۇزغۇن ۋە يىرتقۇچلارغا بىر ۋاقىتلىق يەم قىلىپ بېرىپتۇ. رۇستەم پالۋاننى بولسا سۆيۈملۈك دىيارى تاغارما[6] ئوتلىقىغا بارىدىغان تەڭگى جىلغىسىدىكى[7] ئاستىدا سۈپسۈزۈك «مۇز تاغ ئاتا» سۈيى ئېقىپ تۇرغان بىر دۆڭگە دەپنە قىلىپتۇ. بۇ جاي يول ئۈستىدىكى دۆڭلۈك بولۇپ، ئاستى تەرىپىدىن «مۇز تاغ ئاتا» مۇزلىرىدىن ھاسىل بولغان تاغارما سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدا ياپيېشىل چۆپلۈك بولۇپ، كىشىلەر دائىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە تەڭداشسىز قەھرىمانغا بولغان چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن.[8]

ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراسىتى، ئەقىل ـ ئىدرىكى، ھۈنەر ـ ماھارىتى ۋە شىر يۈرەكلىكى بىلەن كۈللى ئالەم ـ مەخلۇقاتنى ھەيران ـ ھەيرەتتە قالدۇرغان تەڭداشسىز پالۋان رۇستەمنىڭ ئاخىرقى ھاياتى مانا مۇشۇنداق تىراگېدىيە بىلەن ئاياغلاشتى. بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

رۇستەم پالۋان تىراگېدىيەسى بىزگە تۆۋەندىكى ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، باشقىلارغا ئورا كولىغان ئادەم ئاخىرى بېرىپ شۇ ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ، ھەرگىزمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، خائىنلىق، جاسۇسلۇق، ئاسىيلىق ۋە ئىشپىيونلۇق قاتارلىقلار رەزىللىك بولۇپ، بۇنداق ئادەملەر بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا زادىلا نىجادلىق تاپالمايدۇ. ئومۇمىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار دوزاخقا چۈشىدۇ.

**«5» تاجىك ئەدەبىياتىدىكى باشقا تىراگېدىيەلىك ئەسەرلەر**

تاجىك ئەل ئىچى ئەدەبىياتىدا، قەھرىمانلارغا ئائىت تىراگېدىيەلىك رىۋايەتلەردىن «شىرەك» رىۋايىتى، «تۇمارىس» رىۋايىتى، «داپ» رىۋايىتى ۋە «قۇلچاق» رىۋايىتى بار. بۇ رىۋايەتلەردىكى تىراگېدىيەلەرنىڭ بەزىلىرىنى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان (مەسىلەن، شىرەك تىراگېدىيەسى، تۇمارىس تىراگېدىيەسى) بولسا، بەزىلىرىنى تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن، داپ ئىسىملىك يىگىت زەھەرلىك يىلاننى يوقىتىپ، خەلققە خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىق ياراتقان. ئەمما ئۆزىمۇ زەھەرلىنىپ قۇربان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىزگە ئەبەدىيلىك يادىكارلىق ــ چالغۇ ئەسۋابى داپ مىراس قالىدۇ. يەنە بەزى تىراگېدىيەلەرنىڭ سەۋەبىنى ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبتىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، قۇلچاق رىۋايىتىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئاساسىي پېرسوناژ قۇلچاق ئاچقۇچلۇق پەيتتە دۈشمەنلەرنىڭ شەرقتىن شەپە بېرىپ، غەربتە ھەرىكەت قىلىش ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ نەسىھەت ـ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي ناھايىتى زور خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، سۆيۈملۈك يۇرتى، ئەزىز خەلقىگە زور بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. ئۆزىمۇ چەكسىز پۇشايمان ئىچىدە قۇربان بولىدۇ.

خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق. ئەمما ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىق ئىجتىمائىي تىراگېدىيە ۋە شەخس تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تاجىك ئەدەبىياتىدا يەنە يېرىمى كومېدىيە، يېرىمى تىراگېدىيە بىلەن ئارىلاشقان ئەسەرلەرمۇ كۆپ. بۇنى كومېدىيە ئىچىدە تىراگېدىيە بار، تىراگېدىيە ئىچىدە كومېدىيە بار دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈلتاجىسى دەپ تەرىپلىنىدىغان «مۇز تاغ ئاتا» رىۋايىتى بىلەن «بۇركۇت نەي» رىۋايىتى دەل شۇ جۈملىدىندۇر. «مۇز تاغ ئاتا» رىۋايىتىنىڭ خاتىمىسىدە ئىككى خىل نەتىجە بارلىققا كېلىدۇ. بىرى، تاجىك يىگىتى كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، «ئىلاھىي گۈل» نى باققۇچى پەرىزات قىزغا رەھمەت-تەشەككۇر ئېيتىپتۇ ۋە يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ «ئىلاھىي گۈل»نى تىلسىمات تېغىدىن چۈشۈرۈپ تېرىپتۇ. قاقاس يەرلەرنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك-تۈمەن گۈللەر ئېچىلغان گۈلزارلىققا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇ گۈلزارلىق ئىچىدە ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ تويىنى قىلىپ، ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپتۇ. مانا بۇ كومېدىيە. ئەمدى پەرىزاتنىڭ تەقدىرىگە كەلسەك، ئۇ تەڭرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، «ئىلاھىي گۈل» نى ئىنسانلارغا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، تاغ ئۈستىگە زەنجىر بىلەن باغلىنىپ بەنت قىلىنىپتۇ. ئۇ توختىماي يىغلاپ ياش تۆكىدىكەن. پەرىزات بىر تەرەپتىن ئىنسانلارغا گۈل ئاتا قىلىپ، كىشىلەرگە بەخت-سائادەت كەلتۈرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ خۇشاللىقتىن ياش تۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك بەندىتە قالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ ياش تۆكىدىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىدىن شادلىق ياشلىرى ئېقىپ، سان-ساناقسىز بۇلاق-چەشمىلەرنى ھاسىل قىلىپ، نۇرغۇن چىمەنزار- گۈلىستانلارنى پەيدا قىلغان بولسا، سول كۆزىدىن ھەسرەتلىك ياشلىرى ئېقىپ، مۇز-قارلارغا ئايلىنىپ مۇز تاغ ئۈستىنى يېپىپتۇ. مۇز تاغ ئاتا باغرىدىكى چەكسىز چىمەنزار-بوستانلىقلارنىڭ ھاسىل بولۇشى، بۇلاق-چەشمىلەرنىڭ توختىماي ئېقىپ تۇرۇشى مۇز تاغ ئۈستىدىكى قار-مۇزلارنىڭ ئەسىرلەر بويى ئېرىمەي تۇرۇشى، ئەنە شۇ ئاقكۆڭۈل پەرىزات قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان «شادلىق يېشى» بىلەن «ھەسرەتلىك يېشى» دىن ھاسىل بولغانىكەن.[9] مانا بۇ تىراگېدىيە.

«بۇركۇت نەي» توغرۇلۇق تاجىكلار ئارىسىدا خىلمۇخىل سۇژېتلىق رىۋايەتتىن ئون نەچچىسى بار. ئەمما ئۇلارنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى ئوخشاش، يەنى ھەممىسىدە ئىنسان بىلەن بۇركۇت ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق-ھەمدەملىك مۇناسىۋىتى تەسۋىرلىنىدۇ. ھەققانىيەت تەرەپدارلىرى مۇراد- مەقسىتىگە يېتىدۇ، قاباھەت ۋە رەزىللىك مەغلۇپ بولىدۇ. مانا بۇ كومېدىيە. ئەمما سۆيۈملۈك بۇركۇت ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ، بىزگە بىر جۈپ نەينى مىراس قالدۇرىدۇ. مانا بۇ تىراگېدىيە. بىزنىڭچە، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش دانالىقتۇر. چۈنكى، مەيلى تەبىئەت دۇنياسى بولسۇن، مەيلى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بولسۇن ۋە مەيلى تەپەككۇر- بىلىش پائالىيەتلىرى بولسۇن، ھەممىسى خىلمۇخىللىققا، رەڭدارلىققا، تېخىمۇ ئېنىق قىلغاندا، كومېدىيەلىككە ۋە تىراگېدىيەلىككە ئىگە بولىدۇ. ھاياتلىقمۇ شۇنداق، تۇرمۇشمۇ شۇنداق، ئەدەبىياتمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

تاجىك ئەدەبىياتىدا تىراگېدىيە تەتقىق قىلىنمىغان بىر ساھە. بۇ ماقالە مۇشۇ جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ باشلاش رولىنى ئوينىسا ئەجەپ ئەمەس.

## ئىزاھلار

[1] بۇ داستاننى تاجىك يازغۇچىسى مۇنى تابىلدى بىلەن رەھمانقۇل توپلاپ رەتلىگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1984-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تاجىك خەلق ئەدەبىياتى» دىن ئېلىندى.

[2] «پۇر ئەقىل، دانا خىرەدمەن» تاجىكچە ئەقىل-پاراسەت، دانا، ئۆتكۈر دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

[3] مۇشكى-ئەتتار ــ پارسچە ئىپار، ئەتىر مەنىسىدە.

[4] مەزكۇر داستاننى تاجىكلارنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى مەرھۇم ئابدۇلئەزىزخان ئىشان ئېيتىپ بەرگەن. تاجىك يازغۇچىسى مەدەلىخان بالۇن رەتلەپ تەرجىمە قىلغان.

[5] بۇ رىۋايەتنى مەرھۇم تاجىك شائىرى دەرياباي توپلاپ رەتلىگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان «تاجىك خەلق ئەدەبىياتى» دىن ئېلىندى.

[6] تاغارما ــ تاشقورغاندىكى «مۇز تاغ ئاتا» باغرىدىن ئورۇن ئالغان بىر يېزىنىڭ نامى.

[7] تەڭگى جىلغىسى ــ تاشقورغاندىكى بىر جىلغىنىڭ نامى.

[8] بۇ ھېكايە «تاشقورغان خەلق چۆچەكلىرى» (1989 ـ يىلى نەشرى) دىن ئېلىندى.

[9] مەدەلىخان بالۇن توپلاپ، رەتلەپ تەرجىمە قىلغان «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى» دىن ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

## پايدىلانمىلار

1. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى: «شاھنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن، ئاتىكەم زىمرى: «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى.
3. «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى. چەت ئەل ئەدەبىياتى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.
4. شېرىن قۇربان، زىمىر سەيدۇللازادە، رۇستەم ماناس: «تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
5. مۇھەممەد ئىمىن: «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 7-019-01 (2012) 5878-1005

# كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە ۋە ئۇنىڭ تىپلىرى توغرىسىدا*

## يارى ئەبەيدۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە تەڭداش جۈملىنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە بۇ ماقالىدە، مۇئەييەن ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ۋە كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىلدى ھەمدە بۇ ئىككى چوڭ تىپقا مەنسۇپ بولغان ھەر بىر كىچىك تىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى پاكىتلىرى ئاساسىدا بايان قىلىندى.

**摘要**：过去一直认为递进复句是联合复句的一个类型，但在本文中，我们把递进复句按一定的划分标准，分为联合关系的递进复句和偏正关系的递进复句两大类型，并对属于上述两大类型的各种小类，用实例进行了阐述。

**Abstract**: This article, on the basis of clear standards, divides progressive duplicate sentences, which have always been considered a subtype of the coordinate compound sentence category, into unified progressive duplicate sentences and subordinate progressive duplicate sentences, and, on the basis of evidence from the modern Uyghur language, explains the various subtypes of sentences within these two major types.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H04　ماتېرىيال بەلگىسى: A

كېيىنكى تارماق جۈملە ئالدىنقى تارماق جۈملىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوي-پىكىرنى ئۆزىگە ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، دەرىجە جەھەتتە يەنىمۇ يۇقىرى، دائىرە جەھەتتە يەنىمۇ كەڭ، سان جەھەتتە يەنىمۇ كۆپ، فۇنكسىيە جەھەتتە يەنىمۇ ياخشى بولغان ياكى باشقا جەھەتلەردە يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملە كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ[1].

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن تارتىپ ياكى ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان دەرسلىك ۋە ماقالە-ئەسەرلەردە كۆچەيتىلىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە ئىزچىل تۈردە تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىلىۋاتىدۇ[2]. توغرا، ئۇيغۇر تىلىدا كۆچەيتىلىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە ھەقىقەتەن مەۋجۇت. لېكىن بۇ تۈردىكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنماي تۇرۇپ، تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنە مۇناسىۋىتى ئىنچىكە كۆزىتىلمەي تۇرۇپ ھەمدە ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن بېقىندىلىق قوشما جۈملىنى ئايرىش ئۆلچەملىرى ئېنىق بېكىتىلمەي تۇرۇپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ بىر تۈرى دەپ قاراشقا بولمايدۇ ھەم ئۇنداق قاراشمۇ مۇكەممەل قاراش ھېسابلانمايدۇ.

بىزنىڭ كۆزىتىشىمىزچە، كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىنى نوقۇل ھالدا تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ بىر تۈرى دەپ قاراشتا، ھېچبولمىغاندا، مۇنداق ئىككى خىل مەسىلە مەۋجۇت:

---

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 1-ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

ئاپتور: يارى ئەبەيدۇللا (1957-يىل10-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىرى، بۇ خىل قاراشتا، كۆچمە مۇناسىۋەتتىكى بەزى قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆچمە ـ كۆچمىلىشىشتىن ئىبارەت مەنە مۇناسىۋىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە سەل قارالغان. نەتىجىدە كۆچمە مۇناسىۋەتتىكى تۆۋەندىكىدەك قوشما جۈملىلەر تەڭداش قوشما جۈملە دەپ قارالغان:

*«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭلا شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر پارچە گۆھەردۇر[3].*

*ئۇ يېرىگە ئۇرۇق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھازىرغىچە تېخى يېرىنىمۇ ھەيدىمەپتۇ[4].*

*تۆۋەن ئېقىمدىكىلەر كەلكۈندىن يۇتۇلەي ساقلىنىپ قالدىلا ئەمەس، بەلكى ھۆلچىلىك ئاپىتىمۇ زور دەرىجىدە يېنىكلەشتى[5].*

مەنە مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، بۇ قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا كۆچمىلىشىشتىن ئىبارەت مەنە مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىنقى تارماق جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنمىگەن، يەنى ئۇ تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى شۇ تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى نىسپىي تولۇق ئاياغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. كېيىنكى تارماق جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى بولسا گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن، يەنى ئۇ تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى شۇ تارماق جۈملىلەردىكى ئوي-پىكىرنى نىسپىي تولۇق ئاياغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. دېمەك، ئۇ قوشما جۈملىلەردە ئالدىنقى تارماق جۈملىلەر تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە ئەمەس، كېيىنكى تارماق جۈملىلەر تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئوخشاش ياكى باراۋەر ئەمەس، شۇڭا ئۇلار تەڭداش قوشما جۈملە ھېسابلانماسلىقى كېرەك.

يەنە بىرى، «بەلكى» باغلىغۇچىسىغىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ مەنە مۇناسىۋىتىگە سەل قارالغان. نەتىجىدە تۆۋەندىكىدەك قوشما جۈملىلەرمۇ كۆچمە مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە دەپ قارالغان:

*تىل- تەبىئىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ھادىسە[6].*

*مۇنۇ بىر پارچە ئالتۇن دادامنىڭ ماڭا قالدۇرغان مىراسى ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى[7].*

بۇ تۈردىكى قوشما جۈملە كۆچمە مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش جۈملە بولماستىن، بەلكى بۇرۇلما (قارىمۇقارشى) مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى «بەلكى» باغلىغۇچىسى كۆچمە مۇناسىۋىتىنى ئەمەس، بەلكى بۇرۇلما (قارىمۇ-قارشى) مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا شۇ قوشما جۈملىلەردە «بەلكى» باغلىغۇچىسى بىلەن «ھەتتا، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە» دېگەندەك كۆچمە مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچىلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇرۇلما (قارىمۇقارشى) مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان «ئەكسىچە» دېگەن باغلىغۇچى بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئىككى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىنقىسى ئىنكار شەكىلدە، كېيىنكىسى تەستىق شەكىلدە كەلگەن. دېمەك، ئۇ ئىككى تارماق جۈملە ئوتتۇرىسىدىكى مەنە مۇناسىۋىتى بۇرۇلما (قارىمۇقارشى) مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ.

تۇغرا، قوشما جۈملىلەرنى تۈرگە ئايرىشتا باغلىغۇچىلارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا خۇددى «بەلكى» باغلىغۇچىسىغا ئوخشاش بەزى باغلىغۇچىلار ئوخشىمىغان تىپتىكى تارماق جۈملىلەر تەركىبىدە ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى مەنە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. «يا» باغلىغۇچىسى ئىككى خىل مۇناسىۋەتنى ــ بىرىكتۈرۈش ۋە تاللاش (ئايرىش) مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ، بولۇشلۇق جۈملىلەردە كەلگەندە تاللاش (ئايرىش) مۇناسىۋىتىنى، بولۇشسىز جۈملىلەردە كەلگەندە بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

*ئۆرنەك يا يۈزىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولمىدى، يا كالپۇكلىرى قىمىرلاپ قويمىدى.*

*ئۇ يەردە يا ئوت-چۆپ چىقمايدۇ، يا دەرەخ ئۆسمەيدۇ*[8].

شۇڭا، قوشما جۈملىلەرنى تۈرگە ئايرىشتا نوقۇل هالدا باغلىغۇچى ئۆلچەم قىلىنسا، بەزى مەسىلىلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەلۇم بىر قوشما جۈملىنىڭ كۈچەيتىلىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە ياكى ئەمەسلىكىگە هۆكۈم قىلىشتا، بىرى، شۇ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا كۈچەيتىش-كۈچەيتىلىشتىن ئىبارەت مەنە مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقى، يەنە بىرى، ئېنىق هالدا پەقەت كۈچەيتىش-كۈچەيتىلىشتىن ئىبارەت مەنە مۇناسىۋىتىنىلا ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچىلارنىڭ بار-يوقلۇقى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. بۇ بىرىنچى قەدەم.

ئەگەر بىرىنچى قەدەمدە ئۇ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا كۈچەيتىلىشتىن ئىبارەت مەنە مۇناسىۋىتى هەقىقەتەن بار بولۇپ، ياكى ئۇ تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېنىق هالدا پەقەت كۈچەيتىش-كۈچەيتىلىشتىن ئىبارەت مەنە مۇناسىۋىتىنىلا ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچىلار بار بولۇپ، ئۇ قوشما جۈملە كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، ئىككىنچى قەدەمدە شۇ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق جەهەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن ياكى شەكىللەنمىگەنلىكى كۆزىتىلىشى كېرەك. ئەگەر كۈچەيتىلىش مۇناسىۋىتىدىكى شۇ قوشما جۈملىنىڭ هەرقايسى تارماق جۈملىلىرىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق جەهەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن بولسا، يەنى هەرقايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى شۇ تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى نىسپىي تولۇق ئاياغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، ئۇ تارماق جۈملىلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەت دەپ قارىلىشى هەم ئۇ قوشما جۈملە كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە هېسابلىنىشى كېرەك. چۈنكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى هەر بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى پەقەت گىرامماتىكىلىق جەهەتتىن تولۇق شەكىللەنگەندىلا، ئاندىن هەر بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى شۇ تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى نىسپىي تولۇق ئاياغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ. پەقەت هەرقايسى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى شۇ تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى نىسپىي تولۇق ئاياغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ تارماق جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولالايدۇ، يەنى ئۇلار ئاددىي جۈملىدە بولىدىغان قۇرۇلما جەهەتتىن مۇكەممەل بولۇش، مەنە جەهەتتىن ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىگەن بولۇشتەك ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە بولالايدۇ. پەقەت هەرقايسى تارماق جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار «هوقۇقتا باراۋەر» بولۇپ، بىر-بىرى بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

ئەگەر كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى شۇ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق جەهەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن بولۇپ، يەنى ئۇ تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى شۇ تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى نىسپىي تولۇق ئاياغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، يەنە بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق جەهەتتىن تولۇق شەكىللەنمىگەن بولسا، يەنى يەنە بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى شۇ تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنى نىسپىي تولۇق ئاياغلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، ئۇ ئىككى تارماق جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەت دەپ قارىلىشى هەم ئۇ خىل قوشما جۈملە كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە هېسابلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭدا بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق جەهەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن، يەنە بىر تارماق جۈملە تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ تارماق جۈملە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولسا، يەنە بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق جەهەتتىن تولۇق شەكىللەنمىگەن بولۇپ، ئۇ تارماق جۈملە ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ

تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرى مۇكەممەل، يەنە بىرى «كەمتۈك». دېمەك، ئۇلار «ھوقۇقتا باراۋەر» ئەمەس.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر تىلىدا كۈچەيتىلىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ.

**1) كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە**

بۇ تىپتىكى تەڭداش قوشما جۈملىدە تەركىبىدىكى ھەر بىر تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ ۋە تەركىبىدە كۈچەيتىش-كۈچەيتىلىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت مەنە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچىلار بولىدۇ. كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك قۇرۇلما شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ....، ھەتتا // ھەتتاكى...مۇ ...... مەسىلەن:

*ئۇ ئۆيىدىكى ھايۋانلىرى، مەھەللىسىدىكى ھېلىقىدەك ئادەملىرى بىلەن ھەريەر-ھەريەرلەردە ماختىنىدۇ، ھەتتا بىر قېتىم تاھىر يۈزىنىڭ شاگىيوسى بىلەن كىمنىڭ مەھەللىسىدە قاغا جىقلىقى ھەققىدە سوقۇشۇپمۇ قالغان.*

*بۇنداق چاغلاردا زەربىخان قاقاقلاپ كۈلەتتى، ھەتتا ناخشىمۇ غىڭشىپ قوياتتى.*

(2) ....، بولۇپمۇ.... . مەسىلەن:

*باللار خۇشال، بولۇپمۇ نۇرى تولىمۇ خۇشال ئىدى.*

*پادىشاھلارنىڭ ئۆزئارا مېھمان بولۇپ، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى تەڭدىشى يوق ئىشلاردىن بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەلنى باشقۇرۇپ، يۇقىراغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن بۇ پەرز ھەم قەرز.*

(3) ....، يەنە كېلىپ ..... . مەسىلەن:

*مېنىڭچە، ئىككى ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردا، تەبىردىن تارتىپ تۈرلەرگە بۆلۈشكىچە ۋە بۇ تۈردىكى پېئىللارنىڭ كونكرېت ئەزالىرىغىچە زور پەرق بار، يەنە كېلىپ بۇ پەرقلەر ماھىيەتلىك پەرق ھېسابلىنىدۇ.*

*باغلىغۇچىلار گىرامماتىكىلىق مەنىلا ئاڭلىتىدۇ، يەنە كېلىپ بۇخىل گىرامماتىكىلىق مەنە مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ئىچىدە روشەنلىشىدۇ.*

(4) .... ، ئۇنىڭ ئۈستىگە .....(مۇ) ..... . مەسىلەن:

*سەن تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجرىبەڭمۇ يوق.*

*ھازىر ئايلىنىپ كېلىشكە بەك كېچىكتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تالادا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.*

(5) .... ، ئۇنى (بۇنى) ئاز دەپ .... (مۇ) ..... . مەسىلەن:

*ئۇ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان جاپانى يەتكۈچە تارتتى، ئۇنى ئاز دەپ سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلساڭ بولامدۇ؟*

*بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ بىرمۇنچە ئۆيلەردىن تامچە ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئۇنى ئاز دەپ بوران چىققىلى تۇردى.*

(6) ..... ، خۇسۇسەن ..... . مەسىلەن:

*ئۇ يەرگە سىلەر بارساڭلار بولمايدۇ، خۇسۇسەن سىز بارسىڭىز بولمايدۇ.*

*مەن رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىمەن، خۇسۇسەن جۇڭگوچە رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىمەن.*

(7) ..... ، ..... تېخىمۇ ..... مەسىلەن:

*مەن بۇ سوۋغاتنى بەك قەدىرلەيمەن، ئۇنىڭ جۇڭگو خەلقى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى تېخىمۇ قەدىرلەيمەن.*

*ئۇ شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، قارتا ئويناشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.*

(8) ......،...... مۇ ..... ، .....تېخىمۇ..... . مەسىلەن:

*مەن ئاق ئەجدىھانىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، پادىشاھنىڭ ماڭا قانداق ئىلتىپاتىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيمەن.*

*مەن سۈيۈقئاشقا ئۆچ، گاڭپەنگىمۇ ئۆچ، سېرىقئاشقا تېخىمۇ ئۆچ.*

**2) كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە**

كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە بېقىندى جۈملە باشتا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ

خەۋىرى گىراماتىكىلىق جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاددىي جۈملىنىڭ خۇسۇسىيەتلەر تولۇق ھازىرلانمىغان بولىدۇ. بېقىندۇرغۇچى جۈملە بولسا كەينىدە كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ خەۋىرى گىراماتىكىلىق جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاددىي جۈملىنىڭ خۇسۇسىيەتلەر تولۇق ھازىرلانغان بولىدۇ.

كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك قۇرۇلما شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) .....ـپ (ـپلا) قالماستىن (قالماي)، .....مۇ .... . مەسىلەن:

*بەنجاڭ شۇنداق قىلىپ قالماستىن، زاۋۇت باشلىقىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.*

*نەۋايى يالغۇز ئۆز تىلىنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن، شۇ دەۋردە ئۆزئارا زىچ ئالاقە ۋە ھەمكارلىقتا ياشىغان باشقا مىللەتلەر تىلىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن.*

(2) ..... پ (ـپلا) قالماستىن (قالماي)، بەلكى .... (مۇ)..... . مەسىلەن:

*ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قامدايدىغان بولدى.*

*«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭلا شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر پارچە ئېسىل گۆھەردۇر.*

(3) ......ـپ (ـپلا) قالماستىن (قالماي)، يەنە (شۇنىڭ بىلەن بىرگە // شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا) ..... (مۇ) ...... . مەسىلەن:

*يېزىق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.*

*ئۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبى بىلەن 20 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسىي ھوقۇقىدىنمۇ 10 يىل مەھرۇم قىلىندى.*

*بۇ كەنت نامرات كەنت دېگەن قالپاقنى باشلامچىلىق بىلەن چۆرۈۋېتىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روناق تېپىپ بېيىشتىن ئىبارەت يېڭى يولغا قەدەم قويدى.*

(4) .... ـپ (ـپلا) قالماستىن (قالماي)، ھەتتا ....مۇ..... مەسىلەن:

*ئۇ ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ بولدى.*

*ئۇنىڭ خاتىرىسى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، ھەتتا بەزى كىچىك ئىشلارنىمۇ ئېسىگە ئېنىق ئالالىدى.*

(5) .....ـپ، ھەتتا ....مۇ..... . مەسىلەن:

*ئۇ ئالدىراشچىلىقتا كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئۇلاپ ئىشلەپ، ھەتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئايالىنىمۇ قارىيالمىدى.*

*ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەتتا ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنى تونۇيالمىدى.*

(6) .... ـلا ئەمەس، ..... مۇ .... . مەسىلەن:

*بۇنداق مۇرەككەپ ھايات يولىنى بېسىپ ئۆتكەن شائىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىزلا بىلىپ قالماستىن، ئەۋلادلارمۇ بىلىشكە تېگىشلىك.*

*يالغۇز ئوتتۇرا ياشلىقلارلا تەسىرلىنىپ قالماستىن، نۇرغۇن ياشلارمۇ تىياتىردىكى پېرسوناژلاردىن تەسىرلەندى.*

*ئۇ ئۆگىنىش توغرىسىدىلا سۆزلەپ قالماستىن، تۇرمۇش توغرىسىدىمۇ سۆزلىدى.*

بۇ قۇرۇلما شەكىلدە بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ خەۋىرى ئەينى بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ ۋە بېقىندى جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنمىگەن خەۋىرى ئىخچاملىنىدۇ.

(7) ...... ـ(لا) ئەمەس، بەلكى .... مۇ .... . مەسىلەن:

*مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا ئۆزىنىڭ مول ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن دىيارىمىزدىكىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكىرىدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى داڭلىق تۈركولوگلارنىمۇ قايىل قىلدى.*

*ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، يالغۇز چوڭ*

*شەھەرلەر ئەمەس، بەلكى بەزىبىر كىچىك شەھەر-بازارلاردىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.*

بۇ قۇرۇلما شەكلىدىمۇ بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ خەۋىرى ئەينى بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ ۋە بېقىندى جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن تولۇق شەكىللەنمىگەن خەۋىرى ئىخچاملىنىدۇ.

(8) (خەۋىرى تولۇق شەكىللەنگەن ئاددىي جۈملە) + لا ئەمەس، بەلكى ....مۇ.... . مەسىلەن:

*تۆۋەن ئېقىمدىكىلەر كەلكۈندىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالدىلا ئەمەس، بەلكى ھۆلچىلىك ئاپىتىمۇ زور دەرىجىدە يېنىكلەشتى.*

*بۈگۈن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇلا ئەمەس، بەلكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ // ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆرۈشۈشۈم كېرەك.*

(9) .... يەردە، .... مۇ ..... . مەسىلەن:

*چەت ئەللىكلەر ئالەم بوشلۇقىغا چىقالىغان يەردە، بىزمۇ چىقالايمىز.*

*بۇ يەردىن سىز ئۆتەلىگەن يەردە، مەنمۇ ئۆتەلەيمەن.*

(10) .... يەردە، .... قانداقمۇ // نېمە ..... ؟ مەسىلەن:

*بۇنداق سوغۇق ھاۋاغا چوڭ ئادەم چىدىمىغان يەردە، كىچىك بالىلار قانداقمۇ چىدىسۇن؟*

*پېشقەدەم ئۇستاز شۇنچە كەمتەر، ئەستايىدىل بولغان يەردە، ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىستۇدېنتلار قانداقمۇ ئۇنداق بولمىسۇن؟*

*رودا تاشلارنىمۇ پارتلاتقىلى بولغان يەردە، ئىستىھكام دېگەن نېمە ئىدى؟*

(11) ھەتتا .... يەردە، ..... تېخىمۇ ..... . مەسىلەن:

*ھەتتا بۇ مەسىلىنى مۇئەللىممۇ ئىشلىيەلمىگەن يەردە، بىز ئۇنى تېخىمۇ ئىشلىيەلمەيمىز.*

*ھەتتا 100 يىللىق قەدىمىي دەرەخ تۈنۈگۈنكى بوران-چاپقۇندا يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كەتكەن يەردە، بىزنىڭ يېڭىدىن تىككەن كۆچەتلىرىمىز تېخىمۇ قومۇرۇلۇپ كېتىدۇ.*

(12) .... ئۇ (بۇ) ياقتا تۇرسۇن //تۇگۇل// تۇرماق، ....مۇ .... مەسىلەن:

*ئۇ غۇلجىغا بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، سانجىغىمۇ بېرىپ باقمىغان.*

*بۇ كىتابنى ساڭا بېرىۋېتىش تۈگۈل، كۆرۈپ تۇرۇشقىمۇ بەرمەيمەن.*

(13) .... ئۇ (بۇ) ياقتا تۇرسۇن //تۈگۈل// تۇرماق، ھەتتا// بەلكى ...مۇ .... . مەسىلەن:

*ئۇ ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مىس ئۈزۈكمۇ ئالالمايدۇ.*

*ئۇ يېرىگە ئۇرۇق سېلىش تۈگۈل، بەلكى ھازىرغىچە تېخى يېرىنىمۇ ھەيدىمەپتۇ.*

(14) .... دىن باشقا (سىرت//تاشقىرى)، يەنە ....مۇ .... مەسىلەن:

*ئۇ جەرىمانە تۆلىگەندىن باشقا، يەنە تېخى بەند قىلىپمۇ قويۇلدى.*

*كارخانىلارنىڭ گۈللىنىشىدە يۇقىرى ساپالىق باشقۇرۇش قاتلىمى بولغاندىن سىرت، يەنە تېخنىكىدا قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىشچىلار قوشۇنىمۇ بولۇشى كېرەك.*

*ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت پەنلىرى نەتىجىسى ئۆلچەمگە يەتكەندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلار قاتتىق بەدەن چېنىقتۇرۇشتىنمۇ ئۆتۈشى كېرەك.*

(15) ..... ـغاننىڭ سىرتىدا، يەنە...مۇ.... . مەسىلەن:

*ئۇ كۈندىلىك خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىققانلىقنىڭ سىرتىدا، يەنە ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ ماڭغانىدى.*

*ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى تاپشۇرۇق ئىشلىگەننىڭ سىرتىدا، يەنە باشقا ماتېرىياللارنىمۇ كۆرمەتتى.*

(16) .... ھېلىغۇ.... ئىكەن، .....مۇ ..... مەسىلەن:

*قورساق ئاچقاندا، ھېلىغۇ بۇنداق تاماق ئىكەن، قېتىپ كەتكەنناننىمۇ يەيدۇ ئادەم.*

*ھېلىغۇ ئوتتۇز توخۇم ئىكەن، يۈز توخۇمغىمۇ تېگىشمەن بۇنى.*

(17) ..... ـش بىلەنلا قالماستىن (قالماي)، بەلكى //يەنە....مۇ.... . مەسىلەن:

*ئۇ يالغۇز بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ كۆكتات يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى بېيىش يولىغىمۇ يېتەكلىدى.*

*ئۇ ماڭا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ياردەم بېرىپ كەلدى.*

ئۇيغۇر تىلى تۈرلىنىشچان تىل، شۇڭا كۆچەيتىلىش مۇناسىۋىتىدىكى قوشما جۈملىنى ئاۋۋال تەگداش ۋە بېقىندىلىق دېگەن ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىش، ئاندىن ئۇلارنى يەنە ئۆز ئىچىدىن كىچىك تىپلارغا ئايرىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ھەم ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا ئەھمىيىتى بار دەپ قارايمىز. ئەگەر ماقالىدە كېتىپ قالغان ياكى چۈشۈپ قالغان يەرلىرى بولسا، كەسىپداشلارنىڭ يېقىندىن تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئىزاھلار

[1] شاۋ جىڭمىن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىن ئومۇمىي بايان»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى، 2001- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 251-بەت.

[2] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي ۋېيىۋەنخۇي ماۋزېدۇڭ سىشياڭى شۆشىبەنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، 1972-يىلى 8-ئاي ماي باسما نۇسخىسى، 2-قىسىم، 355-بەت؛ چېن شىمىڭ، رازاق مەتنىياز: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى، 1991-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 385-بەت؛ چېڭ شىلياڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 685-بەت؛ يى كۈنشيۇ، گاۋ شىجيې: «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998-يىل خەنزۇچە نەشرى، 380-بەت؛ كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى، 613-بەت؛ سۇلايمان سەپەر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 358-بەت؛ مەمتىمىن سالى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 370-بەت؛ گاۋ لىچېن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا تەھلىل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 292-بەت.

[3][7]كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى، 614-بەت.

[4][5] ياڭ چېڭشىڭ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى. 335 ،-336-بەت.

[6] سۇلايمان سەپەر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى، 358-بەت.

[8] قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، 2-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985- يىلى نەشرى، 534-، 535 - بەتلەر.

## پايدىلانمىلار


1. چېڭ شىلياڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997- يىلى خەنزۇچە نەشرى.
2. ئارسلان ئابدۇللا، يارى ئەبەيدۇللا، تاش راخمان مۇزات، ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004-يىلى نەشرى.
3. جاڭ بىن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «يېڭى تۈزۈلگەن ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى»، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002- يىلى خەنزۇچە نەشرى.
4. لى چېن، مېڭ چىڭخې: «رۇس تىلى گىراماتىكىشۇناسلىقى»، شاڭخەي چەت ئەل تىلى مائارىپى نەشرىياتى، 2006- يىلى خەنزۇچە نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 05-026-01 (2012) 5878-1005

# جۇڭگو-ئۆزبېكىستان كاپالەت تۈزۈمى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات*

## ئادىل ئايۇپ، رىشات مۆمىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكى ھەق تەلەپ قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو-ئۆزبېكىستان ئىككى دۆلەت ئوخشىمايدىغان جەمئىيەت، مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغاچقا، ئىككى دۆلەتنىڭ قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكى تۈزۈمىدە روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ ماقالىدا، جۇڭگو بىلەن ئۆزبېكىستان ئارىسىدىكى كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىۋاتقان ئىقتىساد، سودا ھەمكارلىقى شۇنداقلا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە پايدىلىق مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن، قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكىدىكى كاپالەت تۈزۈمى ئەمەلىي قانۇندىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىندى.

**摘要**：债务履行的担保制度在民法学上是个重要的范畴。由于特定的社会、文化、历史背景，中国-乌兹别克斯坦两国关于合同责任方面的规定有明显差异。本文为了我国与乌兹别克斯坦之间日益频繁的经贸、科技合作及学术交流等活动创造有利环境，选取债务履行的担保中的保证制度，结合实定法上的具体规定逐一进行了比较分析。

**Abstract:** Guaranteeing the return of loans is an important part of civil law; because China and Uzbekistan have different social, cultural, and historical backgrounds, there are clear differences in the two countries' rules for guaranteeing the return of loans. This article, in an effort to help create a beneficial environment for the daily increasing economic and trade cooperation and academic exchange between China and Uzbekistan, compares the structures designed to guarantee the return of loans, along with the relevant concrete legal rules.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D926　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

گەرچە جۇڭگو ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ قانۇنلىرى قانۇن ئەنئەنىسى جەھەتتە ئوخشاشلا چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي قانۇن چىقىرىش مەدەنىيىتىدە بىرقەدەر چوڭ پەرق مەۋجۇت، خۇسۇسىي قانۇن چىقىرىش مەدەنىيىتىدىكى پەرق كونكرېت تۈزۈم جەھەتتىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكى تۈزۈمىدە بۇ پەرق تېخىمۇ گەۋدىلىك. جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد-سودا ئالاقىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزبېكىستان جۇڭگولۇق مەبلەغ سالغۇچىلار مەبلەغ سالىدىغان نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارغا دىققەت قىلىش بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگىمۇ پايدىلىق.

## 1. ئومۇمىي مەسىلىلەر ۋە سىستېما جەھەتتىكى سېلىشتۇرۇش

جۇڭگونىڭ توختام قانۇنى نەزەرىيەسىدە توختامدىكى جاۋابكارلىق بىلەن توختامغا خىلاپلىق

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ-ئىنستىتۇت بىرلەشمە تەتقىقات تۈرى «جۇڭگو-ئۆزبېكىستان ھەقدارلىق قانۇنى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى (تۈر نومۇرى: 070354)

**ئاپتور:** ئادىل ئايۇپ (1975-يىلى9-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورانتى. ھەق تەلەپ، سودا قانۇنىغا ئائىت ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قىلىش جاۋابكارلىقىنىڭ مەنا جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختامدىكى جاۋابكارلىق بىلەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى پەرقلىك ۋە پەرقى يوق دەپ ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. توختامدىكى جاۋابكارلىق بىلەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى پەرقلىك دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىمۇ ئىككى خىل، بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: «توختام جاۋابكارلىقى بولسا، توختام قانۇنىدىكى جاۋابكارلىق، يەنى توختام جاۋابكارلىقى توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى بىلەن توختام تۈزۈشتىكى سەۋەنلىك جاۋابكارلىقىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ» دەپ قارايدۇ . يەنە بىرخىل قاراشتىكىلەر: «توختام جاۋابكارلىقى توختامدىكى جاۋابكارلىق، ئۇ توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: (1) توختامنى بىكار قىلىش، ئۆزگەرتىشتىن كېلىپ چىققان جاۋابكارلىق؛ (2) كاپالەت جاۋابكارلىقى؛ (3) توختامغا خىلاپلىق قىلمىغان تەرەپ كېلىپ چىققان زىياننى ئازايتىش، ئالدىنى ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىقتىن كېلىپ چىققان جاۋابكارلىق» دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ بىرىنچى خىل قاراش بىلەن بولغان تۈپ پەرقى شۇكى ، بۇ خىل قاراشتىكىلەر: «توختام جاۋابكارلىقى توختام تۈزۈشتىكى سەۋەنلىك جاۋابكارلىقىنى ئۆزئىچىگە ئالمايدۇ»[1] دەپ قارايدۇ. توختامدىكى جاۋابكارلىق بىلەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى ئوخشاش بىر مەنىدە دەپ قارىغۇچىلار: «توختام جاۋابكارلىقى توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى، يەنى توختامدىكى مەجبۇرىيەتكە خىلاپلىق قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خۇسۇسىي قانۇندىكى جاۋابكارلىق»[2] دەپ قارايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار. ھالقىلىق مەسىلە ــ ئىككىسىنىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىشتا نېمىنى ئاساس قىلىشتا. ئاپتور توختام تۈزۈشتىكى سەۋەنلىك جاۋابكارلىقىنىڭ جۇڭگونىڭ قانۇن نەزەرىيەشۇناسلىقى ۋە يازما قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن قەرز ئىكەنلىكىنى ئويلاشقاندا شۇنداقلا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئاساس قىلغاندا، توختام جاۋابكارلىقى دېگەن بۇ ئۇقۇمنى چۈشىنىشتە، توختام جاۋابكارلىقىنى توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى بىلەن ئوخشاش مەنىدە چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «توختامغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى بىزنىڭ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن سۆزىمىز، بىراق قانۇن ئاتالغۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ‹توختامغا خىلاپلىق قىلىش› (breach of contract) تىپىك ھالدىكى ئەنگلىيە- ئامېرىكا قانۇن سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ قارىشى»[3] ، «ئامېرىكا-ئەنگلىيە قانۇن سىستېمىسىدا توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى دائىم توختامغا خىلاپلىق قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەپ قارىلىدۇ. ئەمما چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسىدا دائىم قەرزنى ئادا قىلماسلىق جاۋابكارلىقى دائىرىسىدە ياكى قەرزنىڭ ئۈنۈمى دائىرىسىدە تەھلىل قىلىنىدۇ»[4] توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىغا ماس كېلىدىغان چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ سۆز ئىشلىتىش ئادىتى بولسا «قەرزنى ئادا قىلماسلىق». جۇڭگونىڭ توختام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەرزگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن ئىككى قىسمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى قانۇندا بەلگىلەنگەن قەرز (توختام تۈزۈشتىكى سەۋەنلىك جاۋابكارلىقى) بىلەن پۈتۈشكەن قەرز(توختام قەرزى)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى توختام قانۇنى»نىڭ 107-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ توختام قانۇنىدىكى توختام جاۋابكارلىقى پەقەت توختامدىكى قەرزنى ئادا قىلماسلىق ۋە ئادا قىلىشى پۈتۈمگە ئۇيغۇن بولماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توختام تۈزۈشتىكى سەۋەنلىك جاۋابكارلىقى ۋە باشقا قانۇندا بەلگىلەنگەن قەرزنى ئۆزئىچىگە ئالمايدۇ.

جۇڭگودا نۆۋەتتە يولغا قويۇۋاتقان يەككە قانۇنغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزبېكىستاندا خۇسۇسىي قانۇننىڭ دەستۇرلىشىشى ئاللىبۇرۇن تاماملانغان بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»[5] بار. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ 3-بۆلۈمى («قەرز قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپى») ئىككى تارماق بۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1-بۆلۈم «قەرز ھەققىدە ئادەتتىكى قائىدىلەر» بولۇپ، مەزمۇنى قەرز ئۇقۇمى ۋە ئالاقىدارلار، قەرزنىڭ ئادا

قىلىنىشى، قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكى («خىلاپلىق قىلىش سوممىسى، رىنە، قالدۇرۇۋېلىش، كاپالەت، زاكالەت») قەرزنىڭ يۆتكىلىشى، قەرزگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى، قەرزنىڭ ئاخىرلىشىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2- بۆلۈم «توختام ھەققىدە ئادەتتىكى بەلگىلىمىلەر» بولۇپ، مەزمۇنى توختام ئۇقۇمى، شەرتى ھەمدە توختامنىڭ ئىمزالىنىشى، توختامنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىكار قىلىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا توختام جاۋابكارلىقى ئايرىم بەلگىلەنمىگەن.

جۇڭگونىڭ «ھەق تەلەپ ئومۇمىي قائىدىسى»، «مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى»[6] «كېپىللىك قانۇنى»، «توختام قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن قەرز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلار ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى قەرز قانۇنى ئومۇمىي پىرىنسىپلىرى قىسمىدا يىغىنچاقلىنىپ بەلگىلەنگەن. ئىككى دولەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى كونكرېت قانۇن بەلگىلىمىلىرىدە بەزى نۇقتىلاردا ئوخشاشلىق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۆرۈنەرلىك پەرقلەرمۇ مەۋجۇت.

## 2. كونكرېت تۈزۈملەر ھەققىدە سېلىشتۇرۇش

يۇقىرىدا كورسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگونىڭ توختام قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ۋە ئاپتورنىڭ توختام جاۋابكارلىقى ئۇستىدىكى تەشەببۇسىغا ئاساسەن، توختام جاۋابكارلىقى توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى (قىسقارتىلىپ خىلاپلىق جاۋابكارلىقى دېيمۇ ئاتىلىدۇ) داۋاملىق ئادا قىلىش، تولۇقلاش تەدبىرلىرى (رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇش، قايتىدىن ياساش، قايتۇرۇش ۋە باھاسىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلار)نى قوللىنىش، زىياننى تۆلەش، خىلاپلىق پۇلى، زاكالەت جازا قائىدىسى قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزبېكىستان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشنىڭ كېپىللىكى (خىلاپلىق پۇلى، رىنە، قالدۇرۇۋېلىش، كاپالەت، زاكالەت)، قەرزگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى قاتارلىق بەلگىلىمىلەر «توختام جاۋابكارلىقى» نىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تۆۋەندە ئىككى دۆلەتنىڭ قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكىدىكى كاپالەت تۈزۈمى ئىلگىرىلىگەن ھالدا سېلىشتۇرۇلۇپ تەھلىل قىلىنىدۇ:

كاپالەت دېگەندە، كاپالەت بەرگۈچى ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە تايىنىپ، قەرزدارنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان كېپىللىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى، ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكى ئارقىلىق ھەقدارنىڭ ھەقدارلىقىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كېپىللىك قىلىدىغان كېپىللىك شەكلى.

جۇڭگو-ئۆزبېكىستان ئىككى دۆلەتنىڭ كاپالەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق پەرقى كاپالەت بەرگۈچىلەرنىڭ دائىرىسى، كاپالەت بەرگۈچى بىلەن قەرزدارنىڭ مۇناسىۋىتى، ھەقدارلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە كاپالەت مۇددىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ «كېپىللىك قانۇنى»نىڭ 8- ماددىسىدا: « دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كېپىل بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، لېكىن گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ياكى خەلقئارا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بەرگەن قەرز پۇلنى ئىشلىتىش ئۈچۈن قەرز پۇلنى يۆتكەپ بەرگۈچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ، 9- ماددىسىدا: « مەكتەپ، بالىلار باغچىسى، دوختۇرخانا قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىقىنى مەقسەت قىلغان كەسپىي ئورۇنلار، جامائەت تەشكىلاتلىرى كېپىل بولسا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، ئورگان، قانۇنىي ئىگىلەر، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇرۇلغان كەسپىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار كاپالەتچى بولسا بولمايدۇ، باشقا ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى بىردەك كاپالەتچى بولسا بولىدۇ. ئۆزبېكىستان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا، كاپالەتچىنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا چەكلەش خاراكتېرلىك بەلگىلىمە يوق، لېكىن دەستۇردا كاپالەتنى كاپالەت[7] ۋە پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ كاپالىتى[8]دەپ ئايرىغان.

كاپالەت بەرگۈچى بىلەن قەرزدارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ قانۇنىدا كۆنكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. لېكىن ئۆزبېكىستان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ 297-ماددىسىدا: «ئەگەر توختامدا باشقىچە

پۈتتۈم بولمىسا، كاپالەت بەرگۈچى قەرزدار ئۆچۈن تەمىنلىگەن ئەمگىكىگە قارىتا قەرزداردىن ھەق تۆلەشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. دەستۇرنىڭ 300-ماددا 2-تارمىقىدا: «پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كاپالەت بەرگەن توختاملاردا، قەرزدار كاپالەت بەرگۈچىنىڭ كاپالەت بېرىش ھەرىكىتىگە چوقۇم ھەق بېرىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. دەستۇرنىڭ 302-ماددىسىدا: «پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كاپالەت بەرگەن توختاملاردا ئەگەر باشقىچە بەلگىلىمە بولمىسا، كاپالەت بېرىشتىن يېنىۋالسا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ھەقدارلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئائىت مەسىلىلەردە، ئۆزبېكىستان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا «كاپالەت»كە بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان، ئەمما «پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ كاپالىتى»گە دەستۇرنىڭ 303-ماددىسىدا: «پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كاپالىتىدە باشقىچە پۈتتۈم بولمىسا كاپالەتتىن مەنپەئەتلەنگۈچى بەھرىمەن بولىدىغان كاپالەت بەرگۈچىدىن تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭگونىڭ «كېپىللىك قانۇنى»نىڭ 22-ماددىسىدا: « كېپىللىك مەزگىلىدە، ھەقدار ئاساسىي ھەقدارلىق ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسا، كېپىل ئەسلىدىكى كېپىللىككە كاپالەتلىك قىلىش دائىرىسىدە كېپىللىك جاۋابكارلىقنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالىدۇ. كېپىللىك توختامىدا ئايرىم پۈتۈشكەن بولسا، شۇ پۈتتۈم بويىچە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇن ماددىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ قانۇنىدا كاپالەت بەرگۈچى بىلەن قەرزدار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئالاقىدارلار ئۆزلىرى پۈتۈشۈشكە، ئاساسىي ھەقدارلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئادەتتە يول قويۇلۇپ، «خۇسۇسىي قانۇندا ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» پىرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلغان.

كاپالەت مۆھلىتى جەھەتتە، جۇڭگونىڭ «كېپىللىك قانۇنى»نىڭ 25-ماددىسى 1-تارمىقىدا: «ئادەتتىكى كېپىللىكتىكى كېپىل بىلەن قەرزدار كېپىللىك مۇددىتىنى پۈتۈشمىگەن بولسا، كېپىللىك مۇددىتى ئاساسىي قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش مۇددىتى توشقان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي بولىدۇ» دەپ، 26-ماددىسى 1-تارمىقىدا: «چاتما جاۋابكارلىق كېپىللىكىدىكى كېپىل بىلەن ھەقدار كېپىللىك مۇددىتىنى پۈتۈشمىگەن بولسا، ھەقدار ئاساسىي قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش مۇددىتى توشقان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە كېپىلدىن كېپىللىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. «كېپىللىك قانۇنى ئىزاھاتى»نىڭ 32-ماددىسى1-تارمىقىدا: «كاپالەت توختامىدا پۈتۈشكەن كاپالەت سۈرۈكى ئاساسىي قەرزنى تۆلەش مۆھلىتىدىن بالدۇر بولۇپ قالسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇپ قالسا، پۈتۈشمىدى دەپ ھېسابلىنىدۇ، كاپالەت سۈرۈكى ئاساسىي قەرزنى تۆلەش سۈرۈكى توشقان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي بولىدۇ. كاپالەت توختامىدا كاپالەت بەرگۈچى كاپالەت جاۋابكارلىقنى ئاساسىي قەرزنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇپ بولغانغا قەدەر ئۈستىگە ئالىدۇ، دېگەندەك مەزمۇنلار پۈتۈشۈلگەن بولسا، پۈتتۈم ئېنىق بولمىغان دەپ قارىلىدۇ. كاپالەت سۈرۈكى ئاساسىي قەرزنى تۆلەش سۈرۈكى توشقان كۈندىن باشلاپ ئىككى يىل بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆزبېكىستان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ 298- ماددا 2-تارمىقىدا: «توختامدا پۈتۈشكەن كېپىللىك مۇھلىتى توشقاندا، كېپىللىك بىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر كېپىللىك مۇھلىتى بەلگىلەنمىگەن بولسا ھەممىدە كېپىللىك قىلىنغان قەرزنىڭ ئادا قىلىش مۆھلىتى توشقان كۈندىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە ھەقدار كېپىلگە دەۋا تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا كېپىللىك بىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاساسىي قەرزنى ئادا قىلىش مۆھلىتى بەلگىلەنمىگەن بولسا ياكى بەلگىلەشكە مۇۋاپىق كەلمىسە، كېپىللىك توختامى تۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە ھەقدار كېپىلگە دەۋا تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويمىسا كېپىللىك بىكار قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇنىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۈتتۈم بولمىغاندا ياكى پۈتتۈم ئېنىق بولمىغان ئەھۋالدا، گەرچە قانۇندا كاپالەتلىك قىلىش مۆھلىتى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بەلگىلەنگەن مۆھلەتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بىردەك ئەمەس. بۇ يەردە توغرا-خاتالىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ

ئىقتىسادىي ئالاقىسىدە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر يورۇق نۇقتا.

يۇقىرىدا سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىنغان مەزمۇنلار قەرزنى ئادا قىلىش كېپىللىكى تۈزۈمىدىكى كاپالەتنى چىقىش نوقتىسى قىلىپ، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىدىكى كونكرېت تۈزۈملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرۇش بولۇپ، ماقالىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزبېكىستان ۋە جۇڭگونىڭ بۇ جەھەتتىكى قانۇن بەلگىلىمىلىرىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىق بار. قانۇننىڭ بىردەكلىككە يۈزلىنىشى، بولۇپمۇ قەرزگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ تەدرىجىي بىردەكلىككە قاراپ يۈزلىنىشى نۆۋەتتىكى قانۇن تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىدۇر. لېكىن ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە قانۇنىنىڭ سىستېمىلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، ئىككى دۆلەتنىڭ «كاپالەت تۈزۈمى»گە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىدە يەنىلا بىر قەدەر روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. ئىككى دۆلەت ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن يولغا قويۇۋاتقان «كاپالەت تۈزۈمى»گە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە مۇناسىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي قانۇننى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلقئارادىكى بىرلىككە كەلگەن قائىدىلەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى چەتكە چېتىشلىق بولغان ئىقتىساد، سودا پائالىيىتى ۋە پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتىكى قارىغۇلارچە ھەرىكەتتىن ساقلانغىلى، ئوڭۇشلۇق ھالدا توختام تۈزۈشكىلى ۋە توختامنىڭ ئادا قىلىنىشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلغىلى، تالاش-تارتىش يۈز بەرگەندە دەل ۋاقتىدا ئادىل، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئىككى دۆلەت مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە تىجارەتچىلىرىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىغىلى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا ۋە خادىملارنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

## ئىزاھلار


[1] 王利明.违约责任论[M].北京:中国政法大学出版社,1996:26.

[2] 崔建元.合同责任研究[M].长春:吉林大学出版社,1992:8.

[3] 韩世远.合同法总论[M].北京:法律出版社, 2008:523.

[4] 王家副主编.民法债权[M].北京:法律出版社,1991:128.

[5] 《Узбекистан республикасининг фукаралик кодекси》 [M].Тошкент,Тошкент Адалат наширяти, 1996.
(ماقالىدە پايدىلىنىلغان «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ ماددىلىرى دەستۇرنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، كېيىنكى مەزمۇنلاردا ئەسكەرتىلمەيدۇ.)

[6] «物权法» گەرچە نۆۋەتتە «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» دەپ ئېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ قانۇننىڭ ئوبيېكتىنىڭ ئادەتتىكى ئابستراكت «نەرسە» بىلەن بولغان پەرقىنى نەزەردە تۇتۇپ « مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى » دەپ ئېلىندى. مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىمۇ ئابستراكت «نەرسە»نى ئەمەس، مەزكۇر قانۇننىڭ ئوبيېكتى نەزەرگە ئېلىنغاندا «مۈلۈك» دەپ ئېلىندى.

[7] «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ 292-ماددىسىدا: «كاپالەت توختامىغا ئاساسەن، كاپالەت بەرگۈچى باشقا بىر كىشىنىڭ ھەقدارى ئالدىدا، مۇشۇ كىشى (قەرزدار)نىڭ بارلىق قەرزنى ياكى قىسمەن قەرزنى ئادا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى بار » دەپ بەلگىلەنگەن.

[8] «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نىڭ 290-ماددىسىدا: « پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ كاپالىتى دېگەندە، بانكا، باشقا ئامانەت-قەرز ئورگانلىرى ۋە سۇغۇرتا تەشكىلاتلىرى (كاپالەتچى) باشقىلار (كاپالەتلىك قىلىنغۇچى)نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كاپالەتچى ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتنى شەرت قىلىپ، كاپالەتلىك قىلىنغۇچىنىڭ ھەقدارى يازمىچە كاپالەتلىك قىلىنغان قەرزنى تۆلەشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۆزىنىڭ يازمىچە ۋەدىسىگە ئاساسەن كاپالەتلىك قىلىنغۇچىغا تەلەپ قىلىنغان پۇلنى تۆلەيدىغان ھەرىكەت» دەپ بەلگىلەنگەن.


جاۋابكار مۇھەررىرى : قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005-5878(2012)01-031-10

# «قىزىل قىيا» رومانىدىكى ھەمتېكىستلىق ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا دەسلەپكى تەھلىل*

خەيرىنىگۇل ياقۇپ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە «قىزىل قىيا» رومانىدىكى ھەمتېكىستلىق تۈرلىرى تەتقىقاتى مەركەز قىلىنىپ، ئەدەبىي تەرجىمە تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان، 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى فرانسىيەدە جۇلىيا كرىستېۋا ئوتتۇرىغا قويغان ھازىرقى دۇنياۋى تەتقىقات قىزىق تېمىلىرىنىڭ بىرى — ھەمتېكىستلىق ھادىسىسى، ئۇنىڭ مەزمۇنى، كونكرېت تۈرلىرى، ھەمتېكىستلىق تەتقىقاتىنىڭ دۇنياۋى قىزىق تېمىغا ئايلىنىشىغا تۆھپە قوشقۇچىلار، ھەمتېكىستلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى ھاياتىي كۈچى...قاتارلىق مەزمۇنلار بىر قەدەر تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**摘要:** 本文以分析长篇小说《红岩》里出现的互文性特点为中心，重点介绍20世纪60年代，在巴黎，被茱莉亚.克里斯蒂哇提出的，现在成为文学翻译研究重要成分的互文性现象，它的主要内容，分类，把它成为世界热点研究话题的主要贡献者，它给文学和文学翻译研究事业发展带来的新的生命力…等内容.

**Abstract:** This article, by focusing on the intertextual elements in the novel *Red Cliffs*, will thoroughly explain the concept of intertextuality, which was put forth in France in the 1960s by Julia Kristeva and has since become an important part of literary research and one of the hottest subjects in contemporary world research. The article will introduce intertextuality's content, its concrete types, the researchers who have contributed to intertextual research's becoming an important global theme, the new life force brought by intertextual research to literature and literary translation, and other related issues.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I0 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىي تەرجىمە خۇددى قۇشنىڭ جۈپ قانىتىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتلار داۋامىدا، ئۇلار بىر-بىرىگە يېڭى قان بېرىشىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ كەلدى. تارىخ چاقى ئالغا ئىلگىرىلەپ 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئېھتىياجى يەنىمۇ ئېشىپ، تەخىرسىز ھالەتكە يەتتى. چۈنكى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك-تۈمەن خىل ئۆزگىرىشلەر ئىنسانلار سۇبيېكتىپ دۇنياسى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەرجىمىدىن بۇ يېڭى ئۇچۇرلارنى ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل ئۇسلۇبتا كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە ماس ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىياتنىڭ تېما ئېتىزىنى مۇنبەتلەشتۈردى. ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنىڭ زور دەرىجىدە كېڭىيىشى ئۆز

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 8-ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇۋېلىنغان.

ئاپتور: خەيرىنىگۇل ياقۇپ (1976-يىلى 12-ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورانتى، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نۆۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئوڭ تاناسىپلىق تەرەققىيات مۇناسىۋىتىدىكى ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى رامكىلار ئىچىدىن چىقىپ، دەۋر ئېھتىياجىغا ماس ئۆزگىچە يېڭى يول تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدى. شۇڭا 21-ئەسىردىكى تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ ئىلگىرىكى جۇغلانما نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى مەزمۇن جەھەتتىن موللىشىپ، تەرجىمە تەتقىقاتىدا تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە تالانتى، تەرجىمە ماھارىتى ۋە تەرجىمە سەزگۈسىنىلا مەركەز قىلىشتەك دەسلەپكى باسقۇچتىن خېلىلا ھالقىپ ھازىرقى تەرجىمە ئىلمى، ئوبيېكتىپ، ئېنىق ۋە جىپسىلاشقان بولۇشتەك قۇرۇلما تىلشۇناسلىق باسقۇچىغا كىردى. بۇ ئېلىمىزنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70-80- يىللىرىدا غەربنىڭ تىلشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىدىن بولدى. نەتىجىدە تەرجىمە تەتقىقاتىدا پەقەت بىۋاسىتە سەزگۈنىلا ئاساس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى شەكىلدىن بۆسۈپ چىقىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ساپ سۇبيېكتىپلىقتا ياتىدىغان لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە قۇرۇلما تەھلىلچىلىكىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىش تەرجىمىنى خەت ۋە تېكىستكە مەركەزلەشكەن تېكىستشۇناسلىق تەتقىقات دائىرىسى ئىچىگىلا چۈشەپ قويىدۇ، ئەلۋەتتە. «ھادىسە پەلسەپە مېتودولوگىيەسىنىڭ ھەر قايسى پەن ئىلىملىرىگە ئاستا-ئاستا سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە تەرجىمە تەتقىقات ساھەسىدىمۇ تەرجىماننىڭ سۇبيېكتىپلىقى، ئىجادچانلىقى، ئىماگى ۋە سۇبيېكتىپ ھالقىشچانلىقىنى ئۆزىگە ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان فېنومېنولوگىيە (ھادىسىشۇناسلىق) ئىلمىي ئۇسۇلىنى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىش كەڭ قانات يېيىپ، تەرجىمىنى ئەسلىدىكى بېكىنمە قورۇلمىشۇناسلىقتىن قۇتۇلدۇردى». [1] بۇنىڭ بىلەن تەرجىمىنىڭ مېخانىكىلىق تەرجىمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى، شۇ ئاساستا تەرجىمە بولۇپمۇ ئەدەبىي تەرجىمە ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى پائالىيىتىگە ئايلاندى. بۇ ئىدىيەۋى تەپەككۇر پائالىيەتلىرى غەربتە (بولۇپمۇ فىرانسىيەدە) 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىنىڭ ئاخىرى بارلىققا كەلگەن «ھەمتېكىستلىك» [2]تەتقىقاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . 60 يىللار فىرانسىيە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ساھەسىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر مەزگىل ئىدى. بۇ چاغدىكى فىرانسىيە ئەدەبىيات مۇنبىرى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە كوپ خىل يېڭى ئىدىيەۋى ئېقىملارنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، ئىدىيەسى ئىلغار ، ئىقتىدارلىق بىر تۈركۈم يېتۈك ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە نەزەرىيەچىلەر ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. جۇلىيا كىرىستېۋا ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. ئۇ فىرانسىيەنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى ، ئەدەبىي تەنقىدچىسى، ھەمتېكىستلىك نەزەرىيەسىنى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە رەسمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويغۇچى. 1966-يىلىدىن 1975-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يازغان «سۆز ، دىيالوگ ۋە ھېكايە » (Word,Dialogue and the novel) ، «بېكىنمە تېكىست» (The closed texst) ، «تېكىستتىكى قۇرۇلمىلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا» (the Structural Problems of Text )، «شېئىر تىلى ئىنقىلابى» (The Revolution in poetic language ) ناملىق ماقالىلىرىدە، ئۇ ھەمتېكىستلىك «intertextuality» دېگەن يېڭى ئاتالغۇنى دەسلەپكى قەدەمدە قوللانغان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئېنىقلىما بەرگەن. بۇ ئېنىقلىمىلارنىڭ تۈپ نېگىزى-«ھەمتېكىستلىك ھادىسىسى - بىر تېكىست ئىچىدە كىرىشمە ھالەتتە بارلىققا كەلگەن/ كۆرۈلگەن باشقا تېكىستلەرنىڭ بايان قىلىنىشى، ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى بايانلارنىڭ جىپسىلىشىشى ۋە ئۆز-ئارا ئورۇن ئالمىشىشىدۇر» [3]. كىرىستېۋانىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ھەر بىر تېكىست ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تېكىستلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈلۈشى ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئۆزگىرىشىدۇر. شۇڭا بىر تېكىست ھامان باشقا بىر تېكىست بىلەن ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى، دۇنيادا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە مەۋجۇت بولغان باشقا تېكىستلەردىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ھالدا، مۇستەقىل مەۋجۇت بولغان بىر تېكىست بولمايدۇ. ھەمتېكىستلىك ھادىسىسىنىڭ بۇ خىل ئۆز ئارا كىرىشمە ھالەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلاش، قوبۇلدۇرۇش، كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتەك

ئالاھىدىلىكلىرى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنى ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىلگىرىكى كونا قېلىپلار ئىچىدىلا تۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرىغا خاتىمە بېرىش، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى بېيىتىش قاتارلىق تەرەپلەردىن يېڭى ئۆلچەم ۋە كەڭلىك بىلەن تەمىن ئەتسە، ئەدەبىي تەرجىمىدە ماكرولۇق تەتقىق قىلىش بىلەن مىكرولۇق تەتقىق قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش زېمىنىنى ھازىرلىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەمتېكستلىك تەتقىقاتى ھازىر ئەدەبىيات، سېمىئولوگىيە ئىلمى تەتقىقاتىدا دائىم قوللىنىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېستېتىكا، پىسخولوگىيە، تەرجىمىشۇناسلىق، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلىدىغان يېڭى بىر تۈرلۈك تەتقىقات تۈرى بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى ئىلىم رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان 50 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئىلىملەردە جانلىق تۈردە قوللىنىشقا ئېرىشىشى، جۇلىيا. كىرىستىۋادىن باشقا يەنە رولاند بارتىس ( 1915-1980, Roland Barthes ) ، مىشېل رىفات ( Riffaterre, Michel 1924-2006) دېرىدا (-Jacques Derrida, 1930) ، ئامېرىكا يالې ئېقىمىدىكىلەر، شۇنىڭدەك گېدىمور (Hans-Georg Gadamer, 1900-2002) ، تەرجىمە تەتقىقاتى ساھەسىدىكى خاتىم (-Basil Hatim, 1949)، مېيسىن ( -Lan Mason, 1949) قاتارلىق نۇرغۇن نەزەرىيەچىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشىغا باغلىق. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىزدىنىشى بولغاچقا، بۇ ئىلىم قىسقىغىنە يېرىم ئەسىرلىك مۇساپىسىدە كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغىدەك ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

ھەمتېكستلىك تەتقىقاتىنىڭ كونكرېت تۈرلىرى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەر خىل. ھەمتېكستلىك نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ھەمتېكستلىك ئىچكى ھەمتېكستلىك(内互文性) ۋە تاشقى ھەمتېكستلىك (外互文性) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىچكى ھەمتېكستلىك دېگىنىمىز بىر تېكست ئىچىدىكى ھەمتېكستلىك ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتسە، تاشقى ھەمتېكستلىك دېگىنىمىز ئوخشاش بولمىغان تېكستلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمتېكستلىك ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ھەمتېكستلىك يەنە كەڭ مەنىدىكى ھەمتېكستلىك (广义互文性) ۋە تار مەنىدىكى ھەمتېكستلىك (狭义互文性) دېگەن تۈرلەرگىمۇ بۆلۈنىدۇ. تار مەنىدىكى ھەمتېكستلىككە جېرارد جېنىت (-Gerard.Genette, 1930) ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ: ھەمتېكستلىك ـ بىر تېكست بىلەن مۇشۇ تېكست ئىچىدە مەۋجۇت بولغان باشقا تېكست ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. كەڭ مەنىدىكى ھەمتېكستلىككە رولان بارتېس ۋە جۇلىيا كىرىستىۋالار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار: «ھەمتېكستلىك ـ ھەر قانداق بىر تېكست ۋە مۇشۇ تېكستكە يۈكلەنگەن مەنا توغرىسىدىكى بىلىم، شەرتلىك بەلگە (كود) ۋە شۇ تېكستتە ئىپادىلەنگەن مەنالار ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى. بۇ بىلىم، شەرتلىك بەلگە ۋە مەنالار بىر-بىرى بىلەن تۇتىشىپ، چەكسىز كەڭلىكتىكى بىر تورنى ھاسىل قىلىدۇ. ھەمتېكستلىك يالغۇز تېكست شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە تەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە تېكست مەزمۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، ئەسلى مەنبەسى نامەلۇم بولغان شەرتلىك بەلگە، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرى...قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ»[4]دەپ قارايدۇ. فرانسىيەلىك دىفىنا ساموۋايو (蒂费纳.萨莫瓦约) (شاۋ ۋېي تەرجىمىسى، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى) نىڭ «ھەمتېكستلىك تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا ھەمتېكستلىك نەقىل ئېلىش ۋە كۆچۈرۈش (从引用到抄袭) ، دوراش ۋە ئۆزگەرتىش (戏拟和仿作)، بىرىكتۈرۈش/ چاپلاش (合并/粘贴) دېگەن ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان . بۇ خىل ئايرىشنىڭ ئاساسچىسى جېلاز رېنات (杰拉尔.热奈特) بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى تۈرلۈكى مەۋجۇت ھەمتېكستلىك (共存互文性) تۈرىگە مەنسۇپ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۈرى بولسا بۆلۈنمە ھەمتېكستلىك (派生互文性) تۈرىگە مەنسۇپ. ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى يۇقىرىقى تۈرلەر ئاساسىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەردە

كۆرۈلىدىغان ھەمتېكىستلىك تۈرلىرىنى نەقىل ئېلىش (引用语)، تەمسىل ئېلىش (典故和原型)، چاپلاش (拼贴)، دوراش (嘲讽的模仿)، شەرتلىك بەلگە/كود (无法追溯来源地代码) دېگەن بەش تۈرگە بۆلگەن. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەسلىي بىر ئەسەر بىلەن بۇ ئەسەر ئىچىدە كۆرۈلگەن شۇنداقلا ئەسلىي ئەسەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن باشقا بىر ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئەسەر ۋە ئەسلى ئەسەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋىتى ياكى باغلىنىشى بولغان باشقا ئەسەرلەردە تەكرار بايان قىلىنىش، تەكىتلىنىش، قويۇلدۇرۇلۇش، كۆچۈرۈلۈش، يۆتكىلىش ۋە چوڭقۇرلىشىشنى ئۆزىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈش ئوق يىلتىزى قىلغان.

ھەمتېكىستلىك ھادىسىسىنى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە تەتقىق قىلىش خاتىم بىلەن مېيىسىدىن باشلانغان. ئۇلار «بىر تېكىستنى ئالاھىدە مۇھىتتىكى ئالاقە پائالىيىتى دەپ قاراپ، تەرجىمىنى بۇ ئالاھىدە مۇھىتتىكى ئالاقە جەريانى، كونتېكىستنى بولسا تەرجىمان تاللىغان سۆزلەرنىڭ ئاساسلىق مۇھاكىمە ئېلېمېنتلىرى»[5] دەپ قارايدۇ. ھەمتېكىستلىك نۇقتىسىدىن ئەدەبىي تەرجىمىنى تەتقىق قىلىشتا ھازىر ماكرولۇق تەتقىقات ۋە مىكرولۇق تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەتقىقات خاھىشى مەۋجۇت. ماكرولۇق تەتقىقات ئاساسلىقى ھەمتېكىستلىك نەزەرىيەسىنى ئۆزىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى قىلىپ، تەرجىمە ۋە ئەسەرنى سېلىشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش، تەرجىمىنىڭ ھەمتېكىستلىك مۇناسىۋىتى، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشى، تەرجىمە ۋە تاشقى مۇھىت، تېكىست ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئابستراكت نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلسا، مىكرولۇق تەتقىقات ئاساسلىقى بىر تەرجىمە تېكىستى ئىچىدىكى كونكرېت ھەمتېكىستلىك ھادىسىلىرى (ئامىللىرى) نى تەھلىل قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ تەتقىقات نۇقتىسىنى ئەمەلىي تەرجىمە جەريانىغىمۇ قارىتىدۇ. مەزكۇر ماقالىگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى مىكرولۇق تەتقىقات بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندە مەن تەرجىمە رومانى «قىزىل قىيا» دا كۆرۈلگەن ھەمتېكىستلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى مۇلاھىزەمنى باشقا تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

«قىزىل قىيا» رومانى ئازادلىق ھارپىسىدا چۇڭچىڭدىكى ئامېرىكا ـ جياڭ جېشى ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ مەخپىي تۈرمىلىرى بولغان ‹زازىدۇڭ› ۋە ‹بەيگۇڭگۇەن›گە قامالغان، كېيىن يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىققان قانلىق تارىخنىڭ تىرىك شاھىدلىرى لو گۇاڭبىن ۋە ياڭ يىيەنلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئەسلىي تارىخنىڭ ئېينەن بايان قىلىنىشى ئاساس قىلىنىپ، ئۆز ھايات كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان تارىخىي رومان. شۇڭا بۇ رومان «كوممۇنىزمچىلارنىڭ جانلىق دەرسلىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رومان يازغۇچىلىرى چۇڭچىڭ جازا لاگېرىغا قامالغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار، ئۇلار روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەھەر، يېزا ـ بازار، زاۋۇت، مەكتەپلەردىن تارتىپ تاكى ئامېرىكا ـ جياڭ جېشى ئىشپىيونلۇق مەخپىي ئورگانلىرى، جازا لاگېرى، تۈرمىلىرىگە قەدەر بولغان كەڭ ھەم مول ئىنقىلابىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، ئىنقىلابچىلارنىڭ مىسلىسىز كۈچلۈك ئىنقىلابىي قىزغىنلىق ۋە كوممۇنىزملىق روھتا، چۇڭچىڭنىڭ ئازادلىق ھارپىسىدىكى دۈشمەن بىلەن ئېلىپ بارغان ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشى بولۇپمۇ جازا لاگېرىدىكى ئىنقىلابتىن ئىبارەت بۇ چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە جانلىق ماتېرىيال ئاساسىدا، ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ ئازادلىققا، كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق روھى، ئۆلسىمۇ دۈشمەنلەرگە تىز پۈكمەسلىكتەك قەيسەرانە جاسارىتىنى قىزغىن مەدھىيەلىگەن. 30 بابتىن تەشكىل تاپقان بۇ چوڭ ھەجىملىك تارىخىي رومان ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، رومانىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكى ۋە بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەنلىكى، جانلىق، ئوبرازلىق يارىتىلغان پېرسوناژلىرى، ۋەقەلىكنىڭ جىددىي بولۇشىغا قارىماي يەنە يۇمۇرلۇق ۋە قىزىقارلىقلىقى قاتارلىق ئۆزگىچە بەدىئىيلىكى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ رومان ئارقا ـ ئارقىدىن گېرمان، ئىنگلىز، چاۋشيەن، فرانسۇز، رۇس ۋە ياپون تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ،

ئۇقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. بۇ رومان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شائىرى ۋە تونۇلغان ئەدىبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجايوف بىلەن پېشقەدەم تەرجىمان، شىجائەتلىك مۇھەررىر، توھپىكار نەشرىياتچى ئەھمەت پاسار تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1963 - يىلى ئۈرۈمچىدە كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بېرى، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق چىققان. تەرجىمە ئەسلى ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، ئۇدۇل تەرجىمىنى ئاساس قىلغان. شۇڭا رومانىنىڭ تەرجىمىسىدە ئۇدۇل تەرجىمىگە يانداش ھالەتتە يەنە مەنەن تەرجىمىمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. رومانىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدىغان، ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرى بولغان، بىلىم قىممىتىگە ۋە پەلسەپۋى چۈشەنچىگە ئىگە بولغان، بىر مىللەت مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئەڭ روشەن ئەينەكلەردىن بىرى بولغان ئەقلىيە سۆزلەر شۇ قەدەر جانلىق، ئەسلىي مەنىگە يېقىن، ئوبرازلىق تەرجىمە قىلىنغانكى، رومانى ئوقۇغان كىشىگە بۇ رومان تەرجىمە رومانى ئەمەس، بەلكى ئەسلى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان روماندەك تەسىر بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس تەرجىمە ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئۆزگىچە ھەمتېكىستلىك ئالاھىدىلىكلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «قىزىل قىيا» رومانىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ھەمتېكىستلىك ئالاھىدىلىكلەردىن نەقىل ئېلىش (allusion)، ماقال-تەمسىل (proverb)، شەرتلىك بەلگىنىڭ ئالمىشىشى(code-switching)، چاپلاش (collage) تىن ئىبارەت.

**نەقىل ئېلىش** (allusion) : نەقىل ئېلىش ئادەتتە ئەسەر ئاپتورىنىڭ كۆپىنچە داڭلىق ياكى ئادەتتىكى تېكىستلەر، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ئۆز ئەسىرىگە نەقىل ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەرلەردە بۇ خىل ئۇسۇل يەنە ئۆزلەشتۈرمە نەقىل ئېلىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «قىزىل قىيا» رومانىدا بىر قەدەر كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى ئەقلىيە سۆزلەردىن ئېلىنغان ئۆزلەشتۈرمە نەقىل ئېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ تەرجىمە تېكىستىدىكى ئىپادىلىنىشى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئەسەر مەزمۇنىغا سىڭىشلىك. مەسىلەن:

— كىشىنى بىلمىسۇن دېسەڭ ، ئۆزۈڭ ئىشلىمە! دەپتىكەن، — دېدى چېڭ ياۋ تەبەسسۇم بىلەن خۇا ۋېيگە قاراپ. (1-قىسىم، 63-بەت)، [6]

— خەقنىڭ گۈلى بىلەن خەقنى خوش قىلىپتۇ دېگەندەك، — دېدى ئۇ، — ئالدى بىلەن ئايال ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىمەن. (1-قىسىم، 351-بەت) [7]

— كۆڭۈلدىكى دوستۇڭنى ئۇچراتقاندا مىڭ رۇمكا ھاراقمۇ ئازلىق قىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. ... (1-قىسىم، 356-بەت) [8]

شۇي يۈنفىڭ بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماستىن سوغوققىنا سۆزلىدى:

— مېھمان كەلسە ئارام بەر، دەپتىكەن. ئەركىنلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش- كەلتۈرمەسلىك توغرىسىدا مېنىڭ باش قاتۇرۇشۇمنىڭ ئورنى يوق، ئۇ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار. (1-قىسىم، 368-بەت) [9]

... چاغلاپ ئىش قىلغىنى باتۇر دەپتىكەن، ئەڭ ياخشىسى سەنمىنجۈيىنى مۇلاھىزە قىلىشىڭنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن....(1-قىسىم، 395-بەت) [10]

— كونىلارنىڭ قۇشلار ئۆلۈش ئالدىدا مۇڭلۇق سايرايدۇ، ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا چىرايلىق سۆزلەيدۇ ، — دېگەن گېپى بار. (2-قىسىم، 476-بەت) [11]

— ھەي، كونىلار : «سالامەتلىكىنى ئاسرىمىغانلار، ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئاقلىمىغانلار» دەپتىكەن. بىكاردىن- بىكارغا ئۆزۈڭلەرنى ئازابلاپ نېمە قىلىسىلەر! — دېدى. (2-قىسىم، 483-بەت) [12]

يۈي شىجاڭ ھەدەپ ئەترابنى تىمىسقىلاۋاتقان ئىت ئېيىقنىڭ (گۈندىپاي، ئىتئېيىق ئۇنىڭ لەقىمى) قارىسىغا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، زەردىسى بىلەن تىللىدى: « ياخشى ئىتنىڭ يولۇچىغا كاشىلىسى يوق ! دەپتىكەن، سەن بولساڭ ئۆلۈكىڭنى قاغىمۇ يېمەيدىغان ئىت ! » (2- قىسىم، 554-بەت) [13]

كونىلارنىڭ قىۋۇ توشقاننىڭ ئۈۋىسى ئۈچ بولىدۇ دېگىنىدەك، كۆپرەك يول تاللاپ قويسام زىيانلىق بولماس بەلكى، دېگەن يەرگە كەلدى. (2-قىسىم، 854-بەت) [14]

ئۇچۇشقا ئاسمان تارلىق قىلمايدۇ، ئۈزۈشكە ئوكيان ئازلىق قىلمايدۇ، دەپتىكەن. ھاۋادىن بېرىلىدىغان ياردەم يېتەرلىك بولسىلا.....(3-قىسىم، 1038-بەت) [15]

ــ مىڭ ئەسكەردىن بىر ئەسكەر باشلىقى ئەۋزەل دەپتىكەن. ھازىر ئەڭ كۈچلۈك تايانچىمىزنى قوزۇقلۇقتا قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز...(3-قىسىم، 1040-بەت) [16]

ــ ئەپسۇسكى قولىمىزدا بۇنداق كادىرلار بەك ئاز. كونىلاردا مەردنى مەيداندا سىنا دېگەن گەپ بار، بۇ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا تازا باب سۆز. (3-قىسىم، 1042-بەت) ...... [17]

بۇ ئەقلىيە سۆزلەر كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە بىر قەدەر تونۇش، ئۇلار ئاسان ھەزىم قىلالايدىغان سۆز-ئىبارىلەردۇر. ئاپتورنىڭ تەرجىمە ئەسەرىدە ئۇلارنى كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ھەزىمى كۆتۈرەلىگىدەك دەرىجىدە مىللىي پۇراقتا تويۇندۇرۇپ تەرجىمە قىلىشى، بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ مەزمۇن پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئەسەرنىڭ ئوبرازچانلىقى بىلەن بەدىئىي جەلب قىلىش كۈچىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىماننىڭ پىشقان قەلىمى ۋە تالانتىنى نامايەن قىلىدۇ.

**ماقال-تەمسىل** (proverb) : ماقال-تەمسىللەر چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق، يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملاشقان، ئاھاڭدارلىقتا ئىگە خەلق تىل جەۋھىرىدۇر. ماقال- تەمسىللەر ئاممىباب، خەلق ئارىسىغا كەڭرى تارقالغان، ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولغاچقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، چوڭقۇر تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى ۋە ئۆمىد-ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن :

ــ سۇ كەتسە تاش قالىدۇ، ئوسما كەتسە قاش قالىدۇ. ئىشچىلار تارتقان زىيىنىنى ئاخىرى دۈشمەندىن تۆلىتىۋالماي قويمايدۇ ! ، ــ دېدى. (1-قىسىم، 11-بەت) [18]

ــ ھا، ھا، ھا... شۇ پىكىرىي قاقاھلاپ كۈلدى ۋە ئۆزى نەمۇنىلىك ئەقلىيە سۆز دەپ بىلىدىغان «توخۇ يۈرەك خاقان بولالماس، قەھرى يوق ئەر...! »دېگەن جۈملىلەرنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى. (1-قىسىم، 238-بەت) [19]

ــ قورۇق داۋراڭ سالغاننىڭ نېمە ھاجىتى، ــ دېدى شۈي يۈنفىڭ گويا مەسخىرە قىلغاندەك ۋە گويا تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال رەقىبىنى رىقابەتكە چاقىرغاندەك قىلىپ، كېيىن غىمىدە يوق ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. (1-قىسىم، 318-بەت) [20]

...ئاداشقاننىڭ ئالدى غار، ئەقىل تاپقان يول تاپار.....(1-قىسىم، 391-بەت) [21]

ــ ئەر سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس ! ــ دەپ ھىجايدى مايمۇن. (گۇندېپاي. مايمۇن ئۇننىڭ لەقىمى) (2-قىسىم، 490-بەت) [22]

... بىراق شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ-دە...شۇ سەۋەبتىنمۇ مېنى پاكىتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئەۋەتتى. (2-قىسىم، 684-بەت) [23]

...بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققاندەك ئوبدان چارە بولار ئىدى! (3-قىسىم، 856-بەت) [24]

... دەرت-ئەلەمنىڭ دەستىدىن كىرىۋالاي دېسەڭ يەر قاتتىق، چىقىۋالاي دېسەڭ ئاسمان يىراق بىلىنگەن ئەشۇ ئازابلىق كۈنلەر....( 3-قىسىم، 1056-بەت) [25]

...قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ دېگەن مانا شۇ ! ــ دەپ تۇرۇپكىنى تاشلاپ قويدى شۈ پىڭفېي...(3-قىسىم، 1125-بەت) [26]

بۇ ماقال-تەمسىللەر ئىنتايىن ئىخچام قۇرۇلما ئارقىلىق چوڭقۇر ئوي- پىكىرنى ئىپادىلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى كونكرېت ئىش - ۋەقەلەر ئارقىلىق ئومۇمىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەقلىيە سۆز، ئىدىيوم ۋە ماقال-تەمسىللەر ئېيتىلىش جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا ياشاپ ۋە ئىجات قىلىپ كەلگەن خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق 56 مىللەتنىڭ ياشاش ۋە تۇرمۇش شەكىللىرى گەرچە بىر-بىرىگە

ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن، ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختىن بېرى بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە نۇرغۇنلىغان ئوخشاش ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى جۇغلاش ۋە يەكۈنلەش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. شۇڭا بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاساستا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال-تەمسىللەر ئىپتىلىش ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرى جەھەتتە خىلمۇخىللىق، مەنە جەھەتتە يېقىنلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن. بۇ يالغۇز ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىغا ئورتاق خۇسۇسىيەت بولۇپ قالماستىن بەلكى، ئېلىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرىغىمۇ ئورتاق خۇسۇسىيەتتۇر.

**شەرتلىك بەلگە/كود ئالماشتۇرۇش (code-switching)** : «شەرتلىك بەلگىنىڭ ئالمىشىشى — ھەر خىل ئىجتىمائىي پىسخولوگىيەلىك مۇھىتتا، ئالاقە ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بىر شەرتلىك بەلگىنىڭ بىر خىل بەلگە سىستېمىسىدىن يەنە بىر خىل بەلگە سىستېمىسىغا ئالمىشىشىنى كۆرسىتىدۇ.»[27] «قىزىل قىيا» رومانىدا (ئۇيغۇرچە تەرجىمە تېكىستىنى كۆرسىتىدۇ) نۇرغۇنلىغان شەرتلىك بەلگىلەر مەسىلەن : ئىنگلىزچە، خەنزۇچە سۆز-جۈملىلەر، ئەرەبچە رەقەملەر، تىنىش بەلگىلەر...قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قارايلى:

...پىكاپلار ئالدىغا كۆپ يۇلتۇزلۇق ئالا بايراق قادالغان ھەم جۇڭگوچە «美国新闻处» دېگەن خەت ئېنىق يېزىلغان ئىدى. [28] (1-قىسىم، 6-بەت)

— شۇنداق، — دېدى پۇ جىڭاۋ،-جۇڭچىڭدىكى ھەربىي سانائەت، جياڭ جيېشىنىڭ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ 80% تەشكىل قىلىدۇ. [29] (1-قىسىم، 12-بەت)

چامادانىدا «تىڭجىنباۋ» گېزىتىنىڭ 200 نۇسخا «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز » دېگەن مەخسۇس سانى، ھەر بىرى 100 تالدىن ئوقى بىلەن 3 دانە تاپانچا بار ئىدى. (1-قىسىم، 128-129 - بەتلەر) [30]

— ھە، «Life»نىڭ يېڭى سانىنى سېتىۋېلىڭلار، «مىڭشىن ژۇرنىلى»نى كۆرۈڭلار ! (1-قىسىم، 278-بەت) [31]

....ئاندىن پەۋقۇلئاددە مەسلىھەتچى ئۆز قولى بىلەن يادىكار قىلغان «51»ماركىلىق پاركېر قەلەمنى قولىغا ئېلىپ.....(2-قىسىم، 465-بەت) [32]

شۇ ئارىدا ئۈستۈن قەۋەت 7-كامېرنىڭ ئىشىكنى جالاقىدە ئىتتىرىپ ئېچىشتى.

— 3148-نومۇر، تاماق ئېلىشقا چىق ! - دەپ غەزەپ بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى بىر ئىشپىيون.(2-قىسىم، 478-بەت) [33]

— oh, my dear،- دېدى مارىي ناز-خۇلقى بىلەن،- قارىسىڭىزا، مۇخبىرلار شۇنچە جىققۇ...(2-قىسىم، 616-بەت) [34]

— شۆي جۈجاڭ، تونۇشۇپ قېلىڭ، — دېدى مارى نازلىنىپ، — she is my friend . شۇ گۇاڭ رىباۋ گېزىتىنىڭ مۇخبىرى چېن جىڭ. (2-قىسىم، 617-بەت) [35]

ok miss! ... چېن، شۆي جۈجاڭ ئىككىمىزنى خاتىرە ئۈچۈن بىر رەسىمگە چۈشۈرۈپ قويسىكەن! (2-قىسىم، 617-بەت) [36]

— Ladies first خانىملارنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن، — دېدى. (2-قىسىم، 617-بەت)

...بۈگۈن ئاخشام سائەت 8 دە لىنسېن كوچىسىدىكى 318- نومۇرلۇق ئەنپىڭ ئۆمۈر كاپالەتلەندۈرۈش شىركىتىگە كېلىڭ، دېگەن سۆزلەر يېزىقلىق ئىدى. (2-قىسىم، 644-بەت) [37]

...بۇ يەردىكى قاماق كىيىمىنىڭ بەلگىسى «×» شەكلىدە ئەمەس، كۆك لاتىدىن قىلىنغان «△»شەكلىدە بولۇپ، ئۇنى كۆكرەك ۋە دۈمبە تەرەپكە تىكىپ قويۇشقان. ليۇ سياڭ تىزىم دەپتىرىنىڭ تېشىغا S.A.C.O دېگەن ئىنگلىزچە خەتلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. ( 2-قىسىم، 703-بەت) [38] (جۇڭگو-ئامېرىكا ھەمكارلىق ئىدارىسىنىڭ ئىنگلىزچە تولۇق ئاتىلىشى: ( Sino - American cooperation organization

...پېنىسىلىننىڭ مىقدارى خەلقئارالىق ئۆلچەم بويىچە 100مىڭ ، 200 مىڭ بىرلىك قىلىناتتى.... بۇلار بولسا .c.c.,5,c.c دېيىشىۋاتىدۇ...يەنە تېخى بىر، ئىككى، ئۈچ ...دەپ ساناپ دەۋاتىدۇ.....(2-قىسىم، 730-بەت) [39]

ــ ماڭا ئەگىشىپ ساناڭ. 13، 14،..... 18.....

ئىشپىيوننىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلىشىپ، خىيالدىكى ئاۋازدەك ئاڭلىناتتى.

ـــ! He falls...asleep (ئۇ، ئۇيقۇغا....غەرق بولدى)

ــ Yes...تۇگەل.... بىھۇش بولسۇن. (2-قىسىم، 731-بەت) [40]

ــ ئۇلارنىڭ كىيىمىدىمۇ «Δ»شەكلىدىكى كۆك بەلگە بار ئىكەن. ( 2-قىسىم، 757-بەت) [41]

ـــ گۇندىپاي، 5782-، 5784-، 5785- لەرنىڭ ھەممىسگە ئېغىر كىشەن سېلىپ قوي ! ـ دېدى...(3-قىسىم، 828-بەت) [42]

ـــ دۆلەت مۇداپىئە بۇسىنىڭ 4- نازارىتى T.N.T دىن ئارانلا ئىككى مىڭ تونىنا بېرىشكە قوشۇلۇپتۇ. مۇبادا پارتلىتىشى بەلگىلەنگەن 600 ئورۇن ئەسلىدىكىدىن ئۆزگەرتىلمىسە.... (3-قىسىم، 1032-بەت) [43]

...شۇ پىڭفېيىنىڭ پىكاپى جىيا لىن يېڭى مەھەللە 6 B نومۇرلۇق قورۇغا كېلىپ توختىدى. (3-قىسىم، 1033- بەت) [44]

ــ بەش بۇرجەكلىك بىنا بىلەن B.L.S.، دېدى يەن زۇي باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ... (3-قىسىم، 1041-بەت)... [45]

يۇقىرىقىدەك شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ تەرجىمە ئەسىرىدە ئەسلى ئەسەردىكىدەك ئەينەن قوللىنىلىشى بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ مەزمۇن رەڭدارلىقىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت ئۇچۇرچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

**چاپلاش** (collage) : چاپلاش ئادەتتە ئەسەر بېشىغا چاپلاش ۋە ئەسەر ئارىسىغا چاپلاش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئەسەر بېشىغا چاپلاش كۆپىنچە كىرىش سۆز ئورنىدىكى مەزكۇر ئەسەرگە مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشى بولغان بىر جۈملە ياكى بىر ئابزاس سۆزنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاپلانمىلار ئەسلىي ئەسەردىن كۆچۈرۈلمە ئەسەرگە ئەينى پېتى ئۆزگەرتىلمەي چاپلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەسلىي ئەسەر بىلەن قىسمەن مۇستەقىللىكنى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن، ئەسلىي ئەسەر مەزمۇنىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆرسىتىش ياكى قىسمەن كۆرسىتىش رولىنى ئۆتەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز بۇ چاپلىمىلاردىن بىر پۈتۈن ئەسەردە تەخمىنەن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز ياكى قىياس قىلالايمىز. ئۇلار كۆچۈرۈلمەكچى بولغان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ بەدىئىي ئۇسۇلدا ئەڭ ئىخچام، ئەڭ مەركەزلىك ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر. ئەسەر ئارىسىغا چاپلاش ئادەتتە كۆپىنچە رەسىملىك قىستۇرمىلارنى كۆرسىتىدۇ. «قىزىل قىيا» روماندا دەل ئەسەر ئارىسىغا چاپلاش ھەمتېكىستلىك ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، پۈتۈن ئەسەرگە جەمئىي 12 پارچە سۈرەت قىستۇرۇلغان. بۇ قىستۇرما رەسىملەر ئوخشاشلا ئەسلىي ئەسەر مەزمۇنىنى قوليۇلدۇرۇش، بېيىتىش، موللاشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەمتېكىستلىك تۈرلىرىدىن يەنە ژانىر ھەمتېكىستلىك (generic intertextuality)، قۇرۇلما ھەمتېكىستلىك ( structural intertextuality)، ئۇسلۇب ھەمتېكىستلىك (stylistic intertextuality) ۋە فۇنكتسىيە ھەمتېكىستلىك (functional intertextuality) لەرمۇ بار. «قىزىل قىيا» روماندا نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگىنى ژانىر ھەمتېكىستلىك (generic intertextuality) بىلەن قۇرۇلما ھەمتېكىستلىك (structural intertextuality) ئالاھىدىلىكىدۇر.

**ژانىر ھەمتېكىستلىك** (generic intertextuality) : «ژانىر ھەمتېكىستلىك دېگىنىمىزدە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تۈرگە ئايرىلغان پىروزا (novel)، پوئېزىيە (poem)، دىراما (drama)، ئەسلىمە (office memo)، ئېلان (advertisements)، ئۇقتۇرۇش (notice)، باش ماقالە (editorial) ، ئۇچۇر ( information ) ... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەردە كىرىشمە ھالەتتە قوللىنىلىشى» [46] نى كۆرسىتىدۇ.

«قىزىل قىيا» روماندا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ژانىر ھەمتېكىستلىك ئالاھىدىلىكتىن نەسرىي + نەزمىي ، نەسرىي + ئېلان، نەسرىي + ئەسلىمە ، نەسرى + چاقىرىق قاتارلىقلارنىڭ جىپسىلىشىپ كېلىشىدۇر. مەسىلەن:

... ئۇ، قەلەمنى توككىدە تاشلىۋېتىپ، يازغانلىرىنى دۈشمەنىنىڭ جېنىغا تەگكىدەك ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى :

پۈتلىرىمغا ئېغىر كىشەن سالساڭمۇ،
قامچا بىلەن مىڭ دېۋىلەپ تۇرساڭمۇ.
ساڭا ئېيتار «ئىقرارىم» يوق بىلىپ قوي،
كۆكرىكىمگە سىداۋ تەڭلەپ تۇرساڭمۇ! [47] (1-قىسىم، 337-بەت)

ئىشچىلارنىڭ بۇ شۇئارلىرى قاتارىدا يەنە ساغرىپ كەتكەن كونا ئېلانلارمۇ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىرسىدە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان ئىدى:

«دۆلەت مۇداپىئە بۇسى قارمىقىدىكى چاڭجياڭ ھەربىي سانائەت باش زاۋۇتى، دۆلەت مۇداپىئە بۇسى ھەربىي سانائەت مەھكىمىسىدىن تاپشۇرۇۋالغان 0272-نومۇرلۇق بۇيرۇقتا شۇنداق دېيىلگەنكى : ...... » [48] (1-قىسىم، 85-بەت)

بىز سوراققا تارتىلغان چاغلىرىمىزدا، كۈنىگە ئىككى ۋاقلا بېرىلىدىغان، كۆكىرىپ كەتكەن گۈرۈچ تامىقىنى ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ چايىنىغان چاغلىرىمىزدا، يېرىم كېچىلەردە تاك-تاك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، گېلۇشەن تېغىدا دەھشەتلىك ھۆركىرەۋاتقان بوران ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغلىرىمىزدا، ھامان سىزنى ئەسلىدۇق — سۆيۈملۈك جياڭ ھەدە! [49] ( 2-قىسىم، 546-بەت)

... ھەر بىر كامېردىكى يولداشلار چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا، جياڭ ھەدىنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان خېتىنى قولدىن- قولغا ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشكەن ئىدى. جياڭ ھەدىنىڭ خېتىدىكى يالقۇنلۇق سۆزلەرنى گويا كۈندۈزدىكىدەك روشەن كۆرۈپ ئوقۇيتتى :

ئۇرۇش-تىللاش، قىيناش كىچىككىنە سىناق !
بامبۇك مىخ بامبۇكتىن ياسالغان،
كوممۇنىستلارنىڭ ئىرادىسى بولسا گاڭدىن! [50]

ئوخشىمىغان ژانىرلارنىڭ ئەسەردە بۇنداق گىرەلەشمە ياكى كىرىشمە ھالەتتە قوللىنىلىشى ئەسەرگە مەزمۇن سەرخىللىقى، ئۇسلۇپ ئۆزگىچىلىكى، مەدەنىيەت ئۆتۈشمىچانلىقىنىكى كۆۋرۈكلۈك رول...قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلەرنى بەخش ئېتىدۇ.

قۇرۇلما ھەمتېكىستلىك (intertextuality structural) : يۇقىرىقى ھەمتېكىستلىك ھادىسىلىرىنىڭ بىر ئەسەردە قوللىنىلىشى يەنى نەقىل ئېلىش، ماقال-تەمسىل، شەرتلىك بەلگە/ كود ئالماشتۇرۇش، چاپلاش شۇنىڭدەك ھەر خىل ژانىر...قاتارلىقلارنىڭ بىر ئەسەردە تولۇق ياكى مەلۇم نىسبەتتە تورسىمان، زەنجىرسىمان قوللىنىلىشى قۇرۇلما ھەمتېكىستلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار شەكىل جەھەتتىن ئەسەرگە ھەر خىل يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلسە، مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلى ئەسەردىكى مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئەسلىگە سادىق بولغان ئاساستا تەرجىمە ئەسەردە ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىتابخانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرىدۇ، ئېستېتىك بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. بۇنىڭ ئوقۇرمەننىڭ ئەسلى ئەسەردىكى مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى بىلەن تەرجىمە ئەسىرىدىكى مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىمكان بار تولۇق چۈشىنىۋېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. (كونكرېت مىساللار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مىساللارنىڭ تەرجىمە ئەسىرىدىكى كىرىشمە ھالىتىدۇر. تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ يەردە يەنە قايتا يېزىلمىدى.)

ئومۇمەن، تەرجىمە ئەسەرنى ھەمتېكىستلىك نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بىرىنچىدىن، ئەسلى ئەسەر، تەرجىمە ئەسەر، ئاپتور، تەرجىمان، ئوقۇرمەن، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، تارىخىي مۇھىت، ئۇقۇملارنىڭ كېڭىيىشى، كەڭ مۇھىت ئىچىدىكى تەپەككۇر، كونكرېت تەرجىمە ئەمەلىيىتى قاتارلىقلارنى بىر-بىرىگە ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىي تەرجىمىدە پەقەت ئەسلى ئەسەرنىلا مەركەز قىلىشتەك ئەنئەنىۋى ھالەتكە خاتىمە بەردى؛ ئىككىنچىدىن، تېكىستلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىي ئەسەر تېكىستى تەرجىمە ئەسىرىنىڭ بىردىنبىر كېلىش مەنبەسى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان تېكىستلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە تەتقىقات مۇناسىۋىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە سىنخرونىك ئامىللار بىلەن تارىخىي ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىقى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى؛ ئۈچىنچىدىن، تەرجىمىدىكى ئىجادچانلىق، تەرجىمە ئۆلچىمى، تەكرار تەرجىمە قىلىش ، تەرجىمە قىلىنىپ بېكىتىلگەن نۇسخا...قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئوبيېكتىپ تەرزدە باھالاپ، «ئەڭ ئاخىرقى نۇسخا» ( 终极意义) بولۇشتەك قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ ، كېيىنكى تەرجىمىلەرنىڭ ئالدىنقى

تەرجىملەردىنمۇ ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى، تەرجىمە تېكىستىنىڭ مەڭگۈگە ئوچۇق، تەرجىمانلار تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، بېيىتىلىپ تۇرىدىغان بىر جەريان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تەرجىمە تەتقىقاتىدىكى ھەمتېكىستلىك تەتقىقاتى، ئەنئەنىۋى تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ بېكىنمە ھالىتىگە تولۇق خاتىمە بېرىپ، تەرجىمە تەتقىقاتىنى تىل ئىشلىتىش قاتلىمىدىن ھالقىغان چاچما ھالەتتىكى ئىستېرېئولۇق، كۆپ ئۆلچەملىك سۆز تەتقىقاتى بوشلۇقىغا ئېلىپ كىرىپ، تەتقىقات دائىرىسى ۋە تەتقىقات نۇقتىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى.

## ئىزاھلار

[1] چىن ۋېنخۇا «تەرجىمە تەتقىقاتىنىڭ ھەمتېكىستلىك نۇقتىسى»، شاڭخەي ئەدەبىي تەرجىمە نەشرىياتى، 2006- يىلى 10- ئاي 1- نەشرى، 1-بەت .

[2] گۈلنار ئوبۇل «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەمتېكىستلىك ئالاھىدىلىكى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2009- يىللىق 2- سان، 41-بەت. (بۇ ئاتالغۇ گۈلنار خانىمنىڭ بۇ ماقالىسىدە تۇنجى رەت «ھەمتېكىستلىك» دەپ ئېلىنغاچقا، مەنمۇ مەزكۇر ماقالىدە شۇنداق دەپ ئالدىم. بۇ نەزەرىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسچىلىرى توغرىسىدا گۈلنار خانىم ماقالىسىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە بەرگەچكە، مەن ماقالەمدە يەنە ئۇ ھەقتە توختىلىپ ئولتۇرمىدىم.).

[3] ياڭ ياڭ «ھەمتېكىستلىك ۋە رۇسچە ـ خەنزۇچە ئەدەبىي تەرجىمە توغرىسىدا ـــ (ئاننا كارېنىنا) نىڭ تەرجىمە تېكىست تەھلىلى»، خاربىن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى، 2010- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت ماقالىسى، 14- بەت.

[4] ياڭ ياڭ «ھەمتېكىستلىك ۋە رۇسچە ـ خەنزۇچە ئەدەبىي تەرجىمە توغرىسىدا ـــ (ئاننا كارېنىنا) نىڭ تەرجىمە تېكىست تەھلىلى»، خاربىن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى، 2010- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت ماقالىسى، 6- بەت.

[5] خاتىم ۋە مېيسىن «سۆز ۋە تەرجىمان»، ۋاڭ ۋۋبىن تەرجىمىسى، بېيجىڭ : چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات نەشرىياتى، 2005- يىلى نەشرى، 135-بەت.

[6] دىن [26] مىسالغىچە : ئا. خوجايوف، ئەخمەت پاسار تەرجىمىسى «قىزىل قىيا» ، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1963- يىلى نەشرى.

[27] دى يەنخۇا «خەنزۇچە بايراملىق بەخت تىلەش قىسقا ئۇچۇرلىرىدىكى ھەمتېكىستلىك تەتقىقاتى»، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، 2010 ـ يىللىق ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى (ئىنگلىزچە) ، 25-بەت

[28] دىن [45] مىسالغىچە : ئا. خوجايوف، ئەخمەت پاسار تەرجىمىسى «قىزىل قىيا» ، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1963-يىلى نەشرى.

[46] دى يەنخۇا «خەنزۇچە بايراملىق بەخت تىلەش قىسقا ئۇچۇرلىرىدىكى ھەمتېكىستلىك تەتقىقاتى»، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، 2010 ـ يىللىق ماگىستىرلىق دىسىرتاتسىيەسى (ئىنگلىزچە) ، 28-بەت

[47] دىن [50] مىسالغىچە : ئا. خوجايوف، ئەخمەت پاسار تەرجىمىسى «قىزىل قىيا» ، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1963- يىلى نەشرى.

## پايدىلانمىلار

1. كىرىزنېل، مېندېل (Kirszner & Mandell) : « ئەدەبىيات : ئوقۇش، ئىنكاس قايتۇرۇش، يېزىقچىلىق » (پىروزا قىسمى)، «ئىنگلىزچە»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006- يىللىق 7- ئاي نەشرى

2. لياڭ لوڭ «غەرب تەرجىمە نەزەرىيەسى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ئوقۇشلۇقى» (ئىنگلىزچە)، دۇنيا كىتاب نەشرىيات شىركىتى،2007-يىللىق 5- ئاي نەشرى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

第 33 卷第 1 期 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 33-يىللىق 1-سان
2012 年 3 月 | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012-يىلى 3-ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2012) 01-041-05

# ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا*

قاسىمجان ھېلىم

(قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى، قەشقەر. 844000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئىپتىدائىي مەدەنىيلىك، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيلىكى ۋە سانائەت مەدەنىيلىكىنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىر سانائەت مەدەنىيلىكىدىن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ. بۇ ھالدا، يولداش خۇ جىنتاۋ پارتىيە 17-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىپ، ئېنېرگىيە، بايلىق تېجەيدىغان ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرايدىغان كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېشىش شەكلى، ئىستېمال ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا يېڭى تەلەپ قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ ماقالىدە، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ مەزمۇنى، جۇڭگوچە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنغان.

**摘要:** 人类文明发展的历史经历了原始文明、农业文明和工业文明。目前正处于从工业文明向生态文明过渡阶段。胡锦涛同志在党的十七大报告中指出要把建设生态文明，基本形成节约能源资源和保持生态环境的产业结构、增长方式、消费模式，作为对实现全面建设小康社会奋斗目标的新要求。本文详细地讲述并分析了生态文明的内容和建设中国式生态文明的措施。

**Abstract:** The history of the development of human culture has traversed primitive culture, agricultural culture, and industrial culture. Industrial culture is on the verge of giving way to ecological culture. Thus, Comrade Hu Jintao declared at the Party's Seventeenth Congress that it is necessary to have as our goal the creation of an ecological culture, and the development of a job structure, growth type, and consumption pattern that is efficient in its use of energy and resources, and which preserves the ecological environment. This article thoroughly narrates and deeply discusses the content of ecological culture, as well as measures by which a Chinese ecological culture can be achieved.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I253.7    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيەمىز كۆپ قېتىم ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن پارتىيەمىز نەزەرىيەۋى جەھەتتە پىششىپ يېتىلىپ، ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى مەدەنىيلىك تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2002-يىلى جياڭ زېمىن: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى»[1] دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «سىياسىي مەدەنىيلىك» پارتىيە 16-قۇرۇلتىيىدىكى بىر يورۇق نوقتا بولدى. 2007-يىلى يولداش خۇ جىنتاۋ پارتىيەنىڭ 17-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىپ، ئېنېرگىيە، بايلىقنى تېجەيدىغان ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرايدىغان كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېشىش شەكلى، ئىستېمال ئەندىزىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈش... پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيلىك قارىشىنى مۇستەھكەم

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: قاسىمجان ھېلىم (1965-يىلى 6-ئايدا تۇغۇلغان)، بىيولوگىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۇرغۇزۇش»[2]نى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا يېتىشتىكى يېڭى تەلەپلەرنىڭ بىرى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، پارتىيە17-قۇرۇلتىيىدا تۇنجى قېتىم پارتىيە قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىكتىن كېيىن يەنە يېڭى بىر مەدەنىيلىك — ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، شەك-شۈبھىسىزكى، ئىلگىرىكى مۇھەت ئاسراش خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلىنى پارتىيەنىڭ نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى. بۇنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قارىشىنىڭ ئىلمىي مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قارىشىنىڭ ئىلمىي مەنىسى

مەدەنىيەت-مىللەتنىڭ قان تومۇرى ۋە روھىي تۈۋرۈكى، دۆلەتنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنىڭ مۇھىم ئامىلى، ئۇ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدە باشقىلار ئورنىنى ئالالمايدىغان رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇڭا تۇرلۇك مەدەنىيلىكنى تەشەببۇس قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. مەدەنىيلىك ئىنسانلار ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ۋە ماھىيەتلىك بەلگىسى، ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان تاشقى دۇنياغا ماسلىشىش ۋە تەبىئەتنى جانلاندۇرۇش جەريانىدا ئېرىشكەن ماددىي ۋە مەنىۋى نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئىپتىدائىي مەدەنىيلىك، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيلىكى ۋە سانائەت مەدەنىيلىكىنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىر سانائەت مەدەنىيلىكىدىن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئېيتقاندەك 21-ئەسىر ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى دەۋرى بولىدۇ. ئىپتىدائىي مەدەنىيلىك بۇلغىنىشسىز مەدەنىيلىك بولغان بولسا، يېزا ئىگىلىكى مەدەنىيلىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلىپ تېرىلغۇ يەر ئېچىشقا يۈزلەنگەن «سېرىق مەدەنىيلىك»، سانائەت مەدەنىيلىكى ئىس-تۈتەك ۋە بۇلغىنىشلار بىلەن تولغان «قارا مەدەنىيلىك» بولغان ئىدى، «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈلگەن «يېشىل مەدەنىيلىك»، ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە چوقۇنۇشىدىن ئىبارەت تەبىئىي ماھىيىتىنىڭ نامايان بولۇشى- «گۈزەل مەدەنىيلىك» بولىدۇ. ھالبۇكى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىق دەرىجىسىدىكى ئىلگىرىلەش ۋە كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قارىشىنىڭ كۈچىيىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ مەنىسىنى كەڭ ۋە تار مەنىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئالدىنقى ئۈچ مەدەنىيلىكتىن كېيىنكى يېڭى مەدەنىيەت شەكلىدىن ئىبارەت. ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ھەرىكەت ئۆلچىمى قىلىپ، ساغلام، تەرتىپلىك ئېكولوگىيە مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت، تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ مەدەنىيەت شەكلى ماددىي، مەنىۋى ۋە سىياسىي قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلار قولغا كەلتۈرگەن ماددىي، مەنىۋى، تۈزۈم نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسىدا گەۋدىلىنىدۇ. تار مەنىدىن قارىغاندا، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك بىلەن ئۆزئارا بىرلەشكەن ئەمەلىي مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىرتەرەپ قىلغاندا يېتىدىغان مەدەنىيەت دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە تەكىتلەيدۇ.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئىناق بىرلىكى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتقان مەدەنىيەت نەتىجىسىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئالاقە قىلىش ھالىتىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ مەدەنىي ھالدا تەبىئەتكە مۇئامىلە قىلىشىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىي قىممەت قارىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش

شەكلى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ياۋايىلارچە بولمىغان ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىدىغان، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ شۇنداق مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان يېڭى قاراش.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ يادروسى-«ئادەمنىڭ تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى»دىن «ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشى»غا ئۆتۈشتىن ئىبارەت. سىياسىي تۈزۈم جەھەتتىن مۇھىت مەسىلىسى سىياسىي قۇرۇلما، قانۇن سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ماددىي شەكىل جەھەتتە، ئۇ يېڭى ماددىي شەكىللەرنى يارىتىپ، ئەنئەنىۋى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى كەسىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن: ئايلانما ئىقتىساد، يېشىل كەسىپ، مەنىۋى ساھەدە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى فورمىسىنى يارىتىش. بۇ مۇھىت تەربىيەسى، مۇھىت پەن-تېخنىكىسى، مۇھىت ئېتىكىسى، مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2.جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى قىممەت قارىشى، تۈزۈم، سىياسەت، قانۇن-نىزام قاتارلىق جەھەتلەردىن چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياسىشىمىزغا مۇھتاج، شۇڭا بىر نەچچە تەرەپتىن كۈچ سەرپ قىلىپ قەتئىي بوشاشماي ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، ئېنېرگىيە، بايلىق تېجەش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشقا پايدىلىق قانۇن-سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش كېرەك. تۈزۈم بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراشنىڭ ئاساسى، تۈزۈم بولماسلىق، تۈزۈلمە، مېخانىزم مۇۋاپىق بولماسلىق ئېلىمىز بايلىق ئىسراپچىلىقى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى تۈزۈم ئاساسىدىن ئايرىۋېتىدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا زور كۈچ سەرپ قىلىپ بۇ جەھەتتىكى تۈزۈم خاراكتېرلىك توسالغۇلارنى يوقىتىش كېرەك. پارتىيە 17-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ بويىچە «ئېنېرگىيە بايلىقنى تېجەش ۋە ئېكىلوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشقا پايدىلىق قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش»، چوقۇم ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

ئىككىنچى، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئېكولوگىيەلىك ئەخلاق قارىشىنى پائال تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئەخلاق ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت-ماھىيەتتە ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە ئەخلاقى ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيەلىك مەسىلىلەرنى تەڭشەيدىغان ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ تەبىئەتكە بولغان ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت مەسىلىسى بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئېكولوگىيە ئەخلاقى قۇرۇلۇشىدا كىشىلەر ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى چىڭ تۇرۇپ كەلگەن «ئىنسانىيەتنى مەركەز قىلىش قارىشى»نى تۈگىتىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تەبىئەتنى ھۆرمەتلەش، ئېكولوگىيەنى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي كەيپىياتنى بەرپا قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىنى جەمئىيەت، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى ھۆرمەتلەش، ئېكولوگىيەنى قەدىرلەش، مۇھىتنى ئاسراش تەرەپكە يېتەكلەش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئېسىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇنداق خاراكتېر بولغاندىلا، ئەتراپىمىزدا ياشاۋاتقان ھەرقانداق ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىكرو جانلىقلارنى ياخشى ئاسرايدىغان، تېجەشلىك بولۇشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق قارىشىدا چىڭ تۇرالايدىغان بولىمىز.

ئۈچىنچى، ھەممە كىشىدە «سىجىل تەرەققىيات» قارىشىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. «سىجىل تەرەققىيات»

دېگىنىمىز، ھەم زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان، ھەم كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارىغا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان تەرەققىياتنى كۆرسىتىدۇ. سىجىل تەرەققىيات سىجىل ئىقتىساد، سىجىل ئېكولوگىيە ۋە سىجىل جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تەڭگەش بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلاردىن تەرەققىيات جەريانىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېكولوگىيەلىك تەڭگەشلىككە ئېتىبار بېرىپ، ئىجتىمائىي ئادىللىققا ئىنتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە ئىگە كىشىلەر بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئىناق، گۈزەل سىجىل تەرەققىيات كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتالايدۇ.

تۆتىنچى، ئايلانما ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش لازىم. ئايلانما ئىقتىساد ماھىيەتتە بىر خىل ئېكولوگىيەلىك ئىقتىساد بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىگە مېخانىكا قانۇنىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېكولوگىيە قانۇنىيىتى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىقدارنى ئازايتىش، قايتا پايدىلىنىش، بايلىققا ئايلاندۇرۇش ئۇنىڭدىكى ئۈچ چوڭ پرىنسىپ. ئەنئەنىۋى ئىقتىساد «بايلىق ـ مەھسۇلات ـ بۇلغىما چىقىرىش»تىن ئىبارەت بىر يۆنىلىشلىك سىزىقلىق ئىقتىساد بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپ ئېچىش، ئاز پايدىلىنىش، كۆپ بۇلغىما چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئايلانما ئىقتىسادنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى مۇھىتقا ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتنى «بايلىق ـ مەھسۇلات ـ ھاسىلىي بايلىق»تىن ئىبارەت قايتما ئىنكاسلىق جەريانغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاز ئېچىش، كۆپ پايدىلىنىش، ئاز بۇلغىما چىقىرىشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئايلانما ئىقتىساد ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئىقتىساد. شۇڭا جايلار ئايلانما ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم. ئايلانما ئىقتىساد ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئايلانما ئىقتىساد تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان زۆرۈر شەكىلگە تەڭشەش، تارقاق، تەرتىپسىز ھالەتتىكى كارخانىلارنى بىرلەشتۈرۈپ كەسىپ زەنجىرى، كەسىپ توپى شەكىللەندۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا پاكىز ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش، كەسىپ رايونلىرىدا ئېكولوگىيەلىك لايىھەلەش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش لازىم.

بەشىنچى، يېشىل GDPنى يادرو قىلغان تەكشۈرۈپ باھالاش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. GDP «ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى»نىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىپ يېزىلىشىدىن ئىبارەت. ئۇ بىر دۆلەت ياكى رايون ئاھالىسىنىڭ مۇئەييەن ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنئەنىۋى ئىقتىسادشۇناسلىقتا، ئۇ بىر دۆلەت ياكى رايون ئىشلەپچىقارغان ئەڭ ئاساسلىق ئومۇمىي مىقدارنى ئۆلچەيدىغان كۆرسەتكۈچ. ھالبۇكى بۇنداق ئۆلچەم ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئۇ بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆلىگەن مۇھىت بەدىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان GDP كۆرسەتكۈچلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئۇچرىغان زىيىنى ۋە خورىشىنى پۈتۈنلەي ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. بىر دۆلەت ياكى رايوندا ئېكولوگىيەلىك بايلىق جەھەتتە «قىزىل رەقەم» كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېسابلاپ چىقىلغان GDPغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا نوقۇل ھالدا GDPدىنلا پايدىلىنىپ تەرققىياتنى ئۆلچەرلەش كۆپايە قىلمايدۇ. لېكىن ئۇزاقتىن بېرى ئېلىمىزدە كادىرلارنىڭ نەتىجىسىنى باھالاشتا ياكى بىر رايوننىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى دەڭسەشتە بولسۇن، GDPنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئىزچىل تۇردە نەتىجە ۋە ئۈنۈمنى باھالاشنىڭ كۆرسەتكۈچى بولۇپ كەلدى. بۇ باھالاش تۈزۈلمىسى ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارنىڭ ئېشىشىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئىقتىسادنىڭ بايلىق ۋە مۇھىتقا بولغان تەسىرى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرەلمىدى. شۇڭا، «يېشىل GDP» سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشنى چىڭ

تۇتۇپ، ھازىر يۇرگۈزۈلىۋاتقان بىرتەرەپلىمە ھالدىكى GDPھېسابلاش سىستېمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك. بۇمۇ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ، بۇنداق قىلغاندا ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە، قانۇن، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي قاتارلىق ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، قەدەممۇقەدەم بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراشقا پايدىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئىستېمال شەكلىنى بەرپا قىلىش لازىم.

يۇقىرىدا بىز سوتسىيالىستىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختالدۇق. بۇ تەدبىرلەر ۋە باشقا تەدبىرلەر ۋاقتىدا يولغا قويۇلمىسا دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەك تەس. يولداش خۇجىنتاۋ ئېيتقانىدەك: «دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئېكولوگىيە ئومۇمىي جەھەتتىن ناچارلىشىش يۈزلىنىشىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىدى، مۇھىت تۈزۈش ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۈشكۈل. مۇھىتنىڭ ناچارلىششى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا خەۋپ كەلتۈرۈپ، ئېلىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتمىگەندە، ئېنېرگىيە، بايلىقتا داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىش تەسكە چۈشىدۇ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا بىز خەلققە جاۋاب بېرەلمەيلا قالماستىن، تارىخقا، ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ جاۋاب بېرەلمەيمىز»[4] «ئۆزىمىز، گۆشىمىز، قېنىمىز ۋە كاللىمىز بىلەن قوشۇلۇپ تەبىئەت دۇنياسىغا تەئەللۇقمىز»[5] ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى پىرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلماي تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلساق، تەبىئەت دۇنياسى بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ سانائەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك، يۇقىرىقى تەدبىرلەر يولغا قويۇلسا، بۇ مۇقەررەرلىك تېز ئايان بولىدۇ. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئىنسانىيەت-جەمئىيەت-تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىياتىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى.

## ئىزاھلار


[1] جياڭ زېمىن: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى»، «15-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ھۆججەتلەر» (3)، خەنزۇچە، 2416- بەت.

[2] «17-قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 2007- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 14- بەت.

[3] «17- قۇرۇلتاي دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 2007- يىلى نەشرى.

[4] خۇ جىنتاۋ: «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەيلى»، «ئېلىمىز تەرەققىيات قارىشىغا دائىر مۇھىم بايانلاردىن تاللانما»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 2008- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 53- بەت.

[5] ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 3- توم، 883- بەت.


## پايدىلانمىلار


1. «يۈزمىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» (مۇھىت ئىلمى قىسمى)، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتىنىڭ 2001- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى**

33 ـ يىللىق 1 ـ سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 33 卷第 1 期
2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2012 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 046 ـ 01 (2012) 5878 ـ 1005

# ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتى ھەققىدە تەتقىقات*

نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844008 )

**قىسقىچە مەزمۇنى :** شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغان(1884-يىلى) دىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ۋەيران بولغان شىنجاڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، كانچىلىق، سودا-سېتىق، باج-سېلىق، ھاشار، قاتناش تىرانسپورت، پوچتا-تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەردە بىر قاتار ئۈنۈملۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان. بۇ تەدبىرلەر ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن شىنجاڭ ئىقتىسادىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. ماقالىدە، بۇ خىل تەدبىرلەرنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەنلىكى، ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى(1884-1950-يىللار)، ئاساسلىق تارماقلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：新疆建省（1884 年）后，清政府为了迅速恢复和发展遭受严重破坏的新疆经济，在农业、畜牧业、矿业、商业、税制、徭役、交通运输、邮电等领域实行了一系列有效的改革措施。当时，这些措施在一定程度上促进了全疆的社会经济。本文专门探讨了这种改革措施对当时维吾尔家庭手工业的具体推动作用，维吾尔家庭手工业的发展过程（1884－1950）和维吾尔家庭手工业的重要行业以及主要特点。

**Abstract**: After the Province of Xinjiang was established (1884), in order to restore and develop the shattered economy of Xinjiang, the Qing government employed a number of measures in agriculture, rangelands, mines, trade, taxes, corvée labor, transportation, communications, and other fields. These measures substantially advanced the Xinjiang economy of their era. This article will discuss the ways in which these measures also served to advance the Uyghur home handicraft industry of their era, the development of this industry from 1884 to the 1950s, and the industry's major branches and characteristics.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F127    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئاساسلىق سانائەت تارماقلىرى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتى پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. باشقا ئىگىلىك تارماقلىرىغا قارىغاندا، ئائىلە قول سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى نىسبەتەن تار، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئاددىيراق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشى خېلى تېز بولغان. شۇڭا، ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تەدرىجىي تۇراقلاشقاندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ھەم جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىدە ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە، ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىدىكى توقۇمىچىلىق، تېرە(خۇرۇم)چىلىك،

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى - «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى شىنجاڭ ئىقتىسادى ھەققىدە تەتقىقات» (تەستىق نومۇرى: 10BJL014، تەستىقلانغان ۋاقتى: 2010-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنى) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى

**ئاپتور:** نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن (1970 ـ يىلى تۇغۇلغان) دوتسېنت، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى.

جۇۋازچىلىق، قەغەزچىلىك، سوپۇن ياساش، يىمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، پاختىچىلىق، باپكارچىلىق، بوياقچىلىق، پىلىچىلىك[1] قاتارلىق تارماقلار خېلى تېز ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە توقۇمىچىلىق، تېرىچىلىك، جۇۋازچىلىق، قەغەزچىلىك، بوياقچىلىق، سوپۇن ياساش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى نىسبەتەن تېز بولغان. تۆۋەندە، مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئائىلە قول سانائەت تارماقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىمىز.

1) توقۇمىچىلىق. ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى توقۇمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىپادىلەنگەن. يەنى بۇرۇنقى يەككە ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بۇ مەزگىلدە تەدرىجىي ھالدا ئۇستاز ۋە شاگىرت(ياكى ئىمكار) مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان ئائىلىۋى كارخانىغا ئۆزگەرگەن. ئائىلىۋى كارخانىلارنىڭ زور كۆلەمدە بارلىققا كېلىشى ئەينى دەۋردىكى توقۇمىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولغان. لېكىن بۇ خىل كارخانىلارنىڭ كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولغان بولۇپ، 1876-1877-يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن چاررۇسىيەلىك ئا. ن. كوروپاتكىن بۇ ھەقتە توختىلىپ: «...بىز زىيارەت قىلغان دەستىگاھلار(ئائىلىۋى كارخانىلار-ئا)نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قازناقتا ئوخشايدىغان پاكار-پاكار كىچىك ھوجرىلارغا جايلاشتۇرۇلغان ئىكەن. مۇشۇنداق ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئىككى ياكى ئۈچتىن باپكارچىلىق دەستىگاھى بار ئىكەن. ھەر بىر دەستىگاھتا بىردىن ئاددىي ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر دەستىگاھنى بىر ئادەم باشقۇرىدىكەن...»[2] دېگەن. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئائىلىۋى كارخانا شەكلىدىكى قول سانائەتتە تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى بىر دەۋرلەرگىچىمۇ ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. مەسىلەن: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى خوتەن يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، كۆپلىگەن يېزىلاردا، بولۇپمۇ شەھەر-بازارلار ئەتراپىدىكى قول سانائەتچىلەردە ئائىلىۋى كىچىك كارخانىلار يەنىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ[3]، بۇ خىل كارخانىلارنىڭ ئۈستىلىرى مۇھىمراق ياكى تېخنىكىسى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان ئەمگەكلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئىمكار ۋە شاگىرتلار بولسا ئاددىيراق، قوشۇمچە ھەم نىسبەتەن ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلغان.

ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە توقۇمىچىلىق سانائىتىدە توقۇمىچىلىق ئۈستىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاتا-بالا، ئاكا-ئۇكا مۇناسىۋىتىدە بولغان بولۇپ، ھەر بىر توقۇمىچىلىق ئۈستىسىنىڭ ئاتىسى يوتۇنلەي دېگۈدەك توقۇمىچى بولغان. بوۋىسىمۇ كۆپ ھاللاردا توقۇمىچىلىق ئۈستىسى بولغان. شاگىرت قوبۇل قىلىش ئىشلىرى بولسا تاسادىپىي ئەھۋال ھېسابلانغان. ئىش تەقسىماتى جەھەتتە، ئادەتتە ئاياللار يىپ ئېگىرسە، ئەرلەر رەخت توقۇغان. جان سانى كۆپ ئائىلىلەردە ئاتا پاختا ئايرىش(تازىلاش)، پاختا ئېتىش ئىشلىرىنى قىلغان. قىز ھەم كېلىنلەر يىپ ئېگىرگەن. ئوغۇللار بولسا رەخت توقۇغان. جان سانى ئاز ئائىلىلەردە ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلسا، ئاياللار يىپ ئېگىرگەن. بىر يىلدىكى رەخت توقۇش ۋاقتى ئادەتتە ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمىگەن. دېھقانچىلىق ۋە ئائىلىۋى چارۋىچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە، توقۇمىچىلىققا ۋاقىت ئاجرىتىش ناھايىتى تەس بولغان. ئادەت بويىچە، توقۇمىچىلار ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەپ، جۈمە ۋە يەكشەنبە كۈنى دەم ئالغان. بىر توقۇمىچى(باپكار) كۈنىگە تۆت توپ ماتا، ھەپتىسىگە جەمئىي 20 توپ ماتا توقۇغان ھەمدە بازار كۈنى بىر ھەپتىدە توقۇغان ماتالىرىنى شەھەردىن كەلگەن خېرىدارلارغا ساتقان[4]. ئەينى دەۋردە، ئۇيغۇرلاردا يەنە ئەر-ئاياللار ئوخشاشلا رەخت توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەھۋالمۇ بولغان بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل رەڭدە بويالغان پاختا رەخت ۋە ماتالارنى توقۇغان. ئەگەر دەستىگاھى يوق ئائىلىلەر باشقىلارنىڭ

دەستىگاھى ۋە خام ئەشياسىنى ئىشلىتىپ ماتا توقۇسا، بۇنداق ئائىلىلەر توقۇغان ماتاسىنىڭ 10 دىن بىر قىسمىنى ئالىلىغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر باپكار ئىككى يېرىم كۈن ياللاپ ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا كۈنىگە ئالتە تىيىندىن جەمئىي 16 تىيىن ئىش ھەققى بېرىلگەن[5].

ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە توقۇمىچىلىقى ئاساسلىقى پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق ۋە كىگىز ـ گىلەمچىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ تارماقتىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، پاختا توقۇمىچىلىقى پەيزاۋات، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى، يەكەن، ئاقسۇ، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردا خېلى تەرەققىي قىلغان. بۇ جايلاردىكى كۆپلىگەن يېزا ـ بازارلاردا ئېگىرىش، توقۇش كەسىپلىرى ئىنتايىن جانلانغان بولۇپ، بەزى كەنتلەردە ھەتتا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پاختا توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينى چاغدا، گەرچە ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ گەزلىمىلىرى شىنجاڭ بازارلىرىنى پەيدىنپەي قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار توقۇغان سۈپەتلىك ماتالار يەنىلا بازار رىقابىتىگە ئۇچۇشلۇق تاقابىل تۇرۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتىن سىرت، يەنە چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنغان. مەسىلەن: ئۆز دەۋرىدە يالغۇز چارروسىيەگىلا ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىچىدە ماتانىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 12% ئەتراپىدا بولغان[6]. تولۇقسىز ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خوتەندىن ئېكسپورت قىلىنغان ماتا 80 مىڭ توپ؛ پەيزاۋات، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىدىن ئېكسپورت قىلىنغان ماتا 200 مىڭ توپ؛ يەكەندىن ھىندىستان ۋە ئەنجانغا ئېكسپورت قىلىنغان ماتا 140 مىڭ توپ؛ يۇقىرىقى جايلاردىن يەنە ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلغان ماتا 20 مىڭ توپ بولغان[7].

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتى يەنىلا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. ئەينى دەۋر دەل 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى بولغاچقا، شىنجاڭغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئاساسەن دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قېلىپ، سەرەڭگە، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ناھايىتى قىسلىشىپ كەتكەن. بىراق، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى پاختا توقۇمىچىلىقى ئىزچىل تۈردە تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر ماتالىرى ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتىن سىرت، يەنە چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنغان. مەسىلەن: ئەينى دەۋردە، پەقەت خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق رايونلاردىنلا يىلىغا تەخمىنەن 600 مىڭ توپتىن ماتا ئىشلەپچىقىرىلغان[8]. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ ماتاسى ئۆزىنىڭ قېلىنلىقى، ئاقلىقى ۋە يۇمشاقلىقى بىلەن ئەڭ داڭلىق بولغان.

يىپەك توقۇمىچىلىقى جەھەتتە، ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خوتەن، لوپ، كېرىيە، گۇما، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلار نۇقتىلىق يىپەك توقۇمىچىلىق مەركەزلىرىگە ئايلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتى ھەممىدىن تەرەققىي قىلغان. بۇ يەرنىڭ يىپەك مەھسۇلاتلىرى يەرلىك خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ماتادىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم ئېكسپورت بۇيۇمى ھېسابلانغان. خوتەندىن باشقا رايونلارنىڭ يىپەك مەھسۇلاتلىرى بولسا ئاساسەن شۇ رايوندىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغان ھەمدە يەنە ئاز مىقداردا سىرتقىمۇ توشۇپ سېتىلغان. ئا. ن. كوروپاتكىننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك مەھسۇلاتلىرى مۇھىم ئېكسپورت تاۋىرى ھېسابلانغان بولۇپ، 1876 ـ يىلى پەرغانىگە 50 مىڭ سوم (6250 فۇنت ستېرلىڭ)دىن كۆپرەك قىممەتكە ئىگە 700 پۇت (25 مىڭ 200 قاداق) يىپەك ئېكسپورت قىلىنغان ھەمدە 1877 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ سانىنىڭ 1000 پۇتقا (36 مىڭ قاداققا) يېتىشى تەخمىن قىلىنغان[9].

ئۇيغۇرلاردا پاختا توقۇمىچىلىقىغا قارىغاندا يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ بولغان بولۇپ، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئائىلىۋى يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ خېلى چوڭ بولغان. مەسىلەن: خوتەندىكى بەزى ئائىلىۋى يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان

ئىشچىلارنىڭ سانى 20 نەچچىگە يەتكەن. خوتەندە ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك توقۇلمىلارنىڭ يىللىق مىقدارى 16 مىڭ توپقا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 6ـ7 مىڭ توپى خوتەننىڭ ئۆزىدە سېتىلغان. قالغان قىسمى ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا توشۇپ سېتىلغان. كېرىيەدە يىلىغا 1500 توپتىن يىپەك توقۇلما ئىشلەپچىقىرىلىپ، 800 توپى كېرىيەنىڭ ئۆزىدە سېتىلغان، قالغان قىسمى قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا توشۇپ سېتىلغان. گۇما، لوپ يەكەنلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك توقۇلمىلار پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ بازارلىرىدا سېتىلىشتىن سىرت، يەنە چاررۇسىيەگىمۇ ئېكسپورت قىلىنغان[10]. بۇ جايلارنىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە يەنىلا ئائىلە قول سانائىتى شەكلى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان.

كىگىز-گىلەمچىلىك جەھەتتە، ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئائىلىۋى قول سانائەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بولۇپ، غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، كېرىيە، لوپ، گۇما، يەكەن قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس كىگىز-گىلەم توقۇيدىغان نۇرغۇن ئائىلىۋى كارخانىلار بارلىققا كەلگەن. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە قەشقەرنىڭ كىگىزى ناھايىتى داڭلىق بولغان بولۇپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا سېتىلىشتىن سىرت، يەنە چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنغان. مەسىلەن: ئۆلكە تەسىس قىلىنىش ھارپىسىدىكى قەشقەردىن چاررۇسىيەگە ھەر يىلى ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئىچىدە كىگىز ۋە گىلەمنىڭ ئىگىلىگەن قىممىتى 30 مىڭ رۇبلىيدىن ئاشقان بولۇپ، قەشقەردىن چاررۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3% نى تەشكىل قىلغان[11]. قەشقەر كىگىزلىرى «قەشقەر كىگىزى» نامىدا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدا ئىنتايىن يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولغان ھەمدە ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىتىدە سېتىلغان. ئەينى چاغدا، قەشقەر كىگىزىدىن سىرت، يەنە خوتەننىڭ كىگىز-گىلەملىرىمۇ ناھايىتى داڭلىق بولغان بولۇپ، خوتەن ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان كىگىزنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىڭ پارچىدىن ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە 3ـ4 مىڭ پارچىسى خوتەندە سېتىلغان، قالغان قىسمى بولسا باشقا جايلارغا توشۇلۇپ سېتىلغان. ئۆز دەۋرىدە، كېرىيە، لوپ، قاغىلىق، پەيزاۋات، يەكەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى، ئۇچتۇرپان، چاقىلىق، بۈگۈر، فۇكاڭ قاتارلىق جايلاردا كىگىز زور كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن سۈپەت ۋە مىقدار جەھەتتە خوتەننىڭكىگە يەتمىگەن. گىلەمچىلىك جەھەتتە، خوتەننىڭ گىلەملىرى ئوخشاشلا سۈپەت ھەم سان جەھەتتە ئەڭ ئالدىدا تۇرغان. خوتەندە ئىشلەپچىقىرىلغان گىلەملەر ئىنتايىن نەپىس، كۆركەم، ھەم پىششىق بولۇپ، باھاسى نىسبەتەن قىممەت بولغان. خوتەن گىلەملىرى ئادەتتە يۇڭ گىلەم ۋە يىپەك گىلەم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان، بۇ ئىككى خىل گىلەمگە پاختا يىپتىن تەگلىك ئىشلەنگەن. يۇڭ گىلەم ئادەتتە چوڭراق توقۇلغان، يىپەك گىلەم بولسا كىچىگرەك ئىشلەنگەن. ئىككىلا خىل گىلەمگە ئىشلىتىلگەن رەڭلەر ئاددىي بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىشلىتىلگەن قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلەر ئۆز ئارا زىچ ھەم رىتىملىق، قائىدىلىك قىلىپ ماسلاشتۇرۇلغان. ھەتتا بەزى گىلەملەرگە تولىمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك بولغان ھەر خىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. خوتەندە يىلىغا تەخمىنەن 3000 پارچىدىن ئارتۇق گىلەم توقۇلغان بولۇپ، بۇ گىلەملەر پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە سېتىلىشتىن سىرت، يەنە چاررۇسىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، كېرىيە، لوپ، گۇما قاتارلىق جايلارنىڭ ئائىلە گىلەم توقۇمىچىلىقىمۇ خېلى گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ جايلاردىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان گىلەملەرنىڭ سانى ھەر يىلى 1000 پارچىدىن ئاشقان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى كىگىز-گىلەم توقۇمىچىلىقى تېخىمۇ جانلىنىپ، 1902-يىلى قەشقەر، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت ئۈچ جايدىنلا چاررۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىنغان كىگىز-گىلەملەرنىڭ قىممىتى 660 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن ھەمدە شۇ يىلى بۇ ئۈچ جايدىن چاررۇسىيەگە چىقىرىلغان ماللار ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 11% نى تەشكىل قىلغان[12].

2) تېرە (خۇرۇم) چىلىك. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تېرىچىلىك قول سانائىتى ھەر خىل خۇرۇم ئاياغ، خۇرۇم باش كىيىملىرىنى تىكىش؛ چامادان، ئېگەر قاتارلىقلارنى ياساشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇرۇمدىن باش كىيىمى ۋە ئۆتۈك تىكىش ناھايىتى ئومۇملاشقان. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئۆتۈك ۋە باش كىيىمى كىيىپ يۇرۇشكە ئادەتلەنگەچكە، ئۇيغۇرلاردا تېرە-خۇرۇمدىن ئۆتۈك ھەم ھەر خىل باش كىيىملىرىنى تىكىش ئىنتايىن مۇھىم ئائىلە قول سانائىتى كەسپىگە ئايلانغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردا تېرىچىلىك ناھايىتى روناق تاپقاچقا، كۇچادىن ھەر يىلى ئېكسپورت قىلىنىدىغان كالا تېرىسى 6ـ7 مىڭ جىڭغا، ئات تېرىسى مىڭ نەچچە يۈز جىڭغا، قوي تېرىسى 60ـ70 مىڭ جىڭغا؛ ئۈنسۇدىن يىلىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان كالا تېرىسى 5ـ6 مىڭ جىڭغا، ئات تېرىسى مىڭ نەچچە يۈز جىڭغا، قوي تېرىسى 40ـ50 مىڭ جىڭغا يەتكەن[13]. ئۆتۈك ئاساسەن ئۈرۈمچى، سانجى، كۇچا، پىچان، بۇگۇر، شايار، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى، پەيزاۋات، يەكەن، قاغىلىق، مارالبېشى، كېرىيە، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كېرىيەدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆتۈكلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان ھەمدە بۇ جايدا يىلىغا تەخمىنەن 40 مىڭ جۈپتىن ئارتۇق ئۆتۈك سېتىلغان. ئۇنىڭدىن قالسا قاغىلىقتا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆتۈكلەرنىڭ سانى كۆپ بولغان بولۇپ، بۇ جايدا ھەر يىلى 10 مىڭ جۈپتىن ئارتۇق ئۆتۈك سېتىلغان. باشقا جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۆتۈكلەرنىڭ سانى بولسا نەچچە مىڭ ياكى نەچچە يۈز جۈپ ئەتراپىدا بولغان. ئۇيغۇر ئۆتۈكلىرى ئىچىدە ئۈرۈمچىنىڭ ئۆتۈكى ئەڭ سۈپەتلىك بولغان بولۇپ، خاتىرىلىنىشىچە، بۇ، ئۈرۈمچىدىكى زايىت ئۇستا بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان[14]. زايىتنىڭ ئاتىسى سېيىت ئەسلىدە يەكەنلىك مەشھۇر ئاياغ ئۇستىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلى زايىتقا قالدۇرۇپ كەتكەن. زايىت كېيىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، مەخسۇس ئائىلىۋى خۇرۇم ئاياغ تىكىش كارخانىسىنى قۇرغان ھەمدە ئىنتايىن سىپتا، كۆركەم، چىدامىلىق ئۆتۈكلەرنى تىكىپ سېتىپ، ئۈرۈمچى بازارلىرىنى تەمىنلىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ دەسلىپىدە، زايىت ئۇستىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مامۇت، موللا ئاۋۇت قاتارلىقلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كەسپىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى بېيىتىپ، ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق ئاياغ ئۇستىلىرىغا ئايلانغان ھەمدە ناھايىتى سۈپەتلىك ئۆتۈكلەرنى تىكىپ سېتىپ ئۈرۈمچى خەلقى ئارىسىدا خېلى يۇقىرى شۆھرەت قازانغان.

خۇرۇمدىن باش كىيىم تىكىش پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال، جەنۇبىدىكى ھەممە جايلاردا دېگۈدەك باش كىيىم تىكىش ئائىلىۋى كارخانىلىرى بولغان. بۇ جەھەتتە ئاقسۇدا تىكىلگەن باش كىيىم ئەڭ داڭلىق بولغان بولۇپ، تۇرىنىڭ كۆپلۈكى، شۇنداقلا سۈپەتلىك ۋە چىداملىقلىقى بىلەن ئالاھىدە بازار تاپقان. بۇنىڭدىن سىرت، خوتەننىڭ خۇرۇم چامادانلىرى، غۇلجا ۋە قەشقەرنىڭ تېرە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش ھۈنىرى ھەم ئالاھىدە تېرە مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق بولغان. شۇ سەۋەبتىن 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، خوتەندە يېرىم ماشىنا، يېرىم قول سانائىتىنى ئاساس قىلغان چامادان زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ھەر ئايدا 200 دىن ئارتۇق چامادان ئىشلەپچىقىرىلغان[15].

3) ياغ تارتىش. بۇ، ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئائىلە قول سانائەت كەسپى بولۇپ، كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان ياغ تۈرلىرىدىن ئاساسلىقى كۈنجۈت يېغى، زىغىر يېغى، قىچا يېغى، سۇ يېغى(سېرىق يۇرچاقتىن ئىشلەنگەن ياغ) قاتارلىقلار بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە زىغىر يېغى بىلەن قىچا يېغى ئاساسلىق ئورۇندا، كۈنجۈت ۋە سۇ يېغى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغان. ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل كەسىپ پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇھىم قول سانائەت تۈرىگە ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمال، جەنۇبىدىكى نۇرغۇن يېزا-كەنت ھەم شەھەر-بازارلاردا كۆپلىگەن ئائىلىۋى ياغ تارتىش كارخانىلىرى بارلىققا كېلىپ، بەزى ئائىلىۋى

كارخانىلار ھەتتا سىرتتىن ئادەممۇ ياللاپ ئىشلەتكەن. ئەينى چاغدا، ماناس بىلەن گۇچۇڭنىڭ ياغ تارتىش كەسپى ئەڭ گۈللەنگەن بولۇپ، ھەر يىلى ماناس ئۆزىدە سېتىلىدىغان ياغ 200 مىڭ جىڭغا، ماناستىن سىرتقا توشۇپ سېتىلىدىغان ياغ 60-70 دەن(بىر دەن 100 جىڭغا تەڭ-ئا)گە يەتكەن. گۇچۇڭدا ھەر يىلى 200 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق زىغىر يېغى سېتىلغان. ماناس بىلەن گۇچۇڭدىن قالسا سانجىنىڭ ئائىلىۋى ياغ تارتىش كەسپى خېلىلا جانلانغان بولۇپ، ھەر يىلى تەخمىنەن 57 مىڭ 205 جىڭدىن زىغىر ۋە قىچا يېغى ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 37 مىڭ جىڭى سانجىنىڭ ئۆزىدە سېتىلغان، قالغان قىسمى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا توشۇپ سېتىلغان[16]. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا بولسا ئونسۇ، ئۇچتۇرپان، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردا ياغ تارتىش كەسپى ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئونسۇدا ئىشلەپچىقىرىلغان ياغلار ئۆز جايىدا سېتىلىشتىن سىرت، يەنە ھەر يىلى دېگۈدەك قەشقەر قاتارلىق جايلارغا توشۇپ سېتىلغان. ئۇچتۇرپاننىڭ زىغىر يېغى تولىمۇ داڭلىق بولۇپ، ئۆز جايىدىكى خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن باشقا، يەنە ئاقسۇ، قەشقەر، قاتارلىق جايلارغا توشۇپ سېتىلغان. بۈگۈر زىغىر ۋە قىچا يېغى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭق چىقارغان بولۇپ، بۇ جايدا ھەر يىلى 5000 جىڭدىن كۆپرەك زىغىر يېغى، 6000 جىڭدىن ئارتۇق قىچا يېغى سېتىلغان[17].

4) قەغەزچىلىك. بۇ، ئۇيغۇرلاردىكى قەدىمىي ئائىلە قول سانائەت كەسپى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ مەملىكەت ئىچى-سىرتىدا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل كەسىپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مۇھىم ئائىلە قول سانائەت تۈرىگە ئايلانغان. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر قەغەزچىلىكىدە، خوتەن قەغەزچىلىكى ھەممىدىن داڭلىق بولغان بولۇپ، بۇ جايدا ھەر يىلى 20 نەچچە مىليون پارچىدىن كۆپرەك قەغەز ئىشلەپچىقىرىلغان. كېرىيە ناھىيەسىدە يىلىغا 70 مىليون پارچىدىن ئۈجمە قوۋزىقى خام ماتېرىيال قىلىنغان قەغەز ئىشلەپچىقىرىلغان. لوپ ۋە گۇما ناھىيەسىدە ھەر يىلى 10 مىليون پارچىدىن ئارتۇق قەغەز ئىشلەپچىقىرىلغان[18]. مىنگونىڭ دەسلەپكى كەلگەندە، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە كېرەكلىك ئەڭ سۈپەتلىك قەغەزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خوتەندىن ھەل قىلىنغاچقا، خوتەننىڭ ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزلىرى ئىنتايىن بازار تاپقان. كېيىنكى چاغلاردا، خوتەن قەغەزچىلىكى تېخىمۇ جانلىنىپ، پەقەت قاراقاش ناھىيەسىدىكى قەغەزچىلىك ئۇستىلىرىنىڭ سانىلا 92 كىشىگە يەتكەن. 1943-يىلىغا كەلگەندە، خوتەن ۋە يەكەندە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈجمە قوۋزىقى ماتېرىيال قىلىنغان قەغەزنىڭ سانى 61 مىڭ قاپ (ھەر بىر قاپقا 100 پارچىدىن قەغەز قاچىلانغان)تىن ئاشقان[19].

ئەينى چاغدا، خوتەندىن باشقا، يەنە ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاننىڭ قەغەزچىلىكىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ھەر ھالدا خېلى كۆپ بولغان. بىراق بۇ ئىككى جاينىڭ قەغىزى چۈلۈك دەرىخى قوۋزىقى، مەڭگەن قاتارلىقلاردىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەچكە، سۈپىتى ئانچە ياخشى بولمىغان. ھەتتا خەت يېزىشمۇ تازا قولايسىز بولغان. شۇڭا بۇ ئىككى جايدا ئىشلەنگەن قەغەزلەر ئاساسەن ئوراش-يۆگەش قەغىزى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

5) بوياقچىلىق. بۇ، ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي ئائىلە قول سانائەت كەسپى بولۇپ، ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بىر مەھەل تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلاردا كېۋەز تېرىش ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى ئىنتايىن ئومۇملاشقاچقا، پاختا ھەم يىپەك مەھسۇلاتلىرى خېلى يېتەرلىك بولغان. شۇ ۋەجىدىن بوياقچىلىقمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلىپ بارغان. خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى دەۋردە، تۇرپاندا ھەر يىلى 3 مىليون جىڭ؛ پىچاندا 500 مىڭ جىڭ؛ پەيزاۋات، خوتەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە 400 مىڭ جىڭ؛ كېرىيەدە 180 مىڭ جىڭ؛ يەكەن، ئونسۇدا 160 مىڭ جىڭ؛ قاغىلىقتا 130 مىڭ جىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان[20]. 1908- يىلى خوتەندە ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك 47.8 توننىغا(قىممىتى 12 مىڭ سەر كۈمۈش)، قاغىلىقتا ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك 8.2 توننىغا يەتكەن. 1915-

يىلى لوپ، خوتەن، گۇما، قاغىلىق، كېرىيە، يەكەن، بۈگۈر، كۇچا، قاراشەھەر، پىچان قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەكنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 385.7 توننىغا يەتكەن[21]. دېمەك، بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا بوياقچىلىق ئائىلە قول سانائىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ئاساسنى ھازىرلاپ بەرگەن.

بوياق ماتېرىياللىرى جەھەتتە، ئۇيغۇرلار تۈرلۈك ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ھىندىستاندىن كىرگۈزۈلىدىغان نىل رەڭ، چاررۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان «پەرەڭ رېڭى»، سەندەل ۋە قىزىل رەڭ، بەدەخشاندىن كىرگۈزۈلىدىغان موزا، پەرغانىدىن كىرگۈزۈلىدىغان رويان ياكى ئوردان قاتارلىقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئۇيغۇرلار ئۆزىدىن چىقىدىغان قاراگۈل، تۇخۇمەك رېڭى، چايماق، دۇگا، زەمچە قاتارلىقلارمۇ مۇھىم بوياق ماتېرىيالى ھېسابلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە زەمچە يەنە مەخسۇس چاررۇسىيەگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ناھايىتى بازارلىق تاۋار بولغان. ئۇيغۇرلار بۇ خىل ماتېرىياللارنى بىر تەرەپتىن ھەر خىل پاختا رەخت ۋە يىپەك ھەم يىپەك ئارىلاش گەزلىملەرنى بوياشقا ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەخسۇس ھەر خىل رەڭلەرنى ياساشقا ئىشلەتكەن ھەمدە يەنە بەزى بوياق ماتېرىياللىرىنى چىرىتكۈچ ئورنىدىمۇ ئىشلەتكەن.

6) سوپۇن ياساش. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل كەسىپ شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئىنتايىن تېز روناق تاپقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى چەت ئەلنىڭ سوپۇن ياساش تېخنىكىسىدىن ئۆرنەك ئالغان ھالدا، ئۆز ئالدىغا مەخسۇس سوپۇن ياسايدىغان چوڭ-كىچىك ئائىلىۋى قول سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ چىققان. ئەينى چاغدا، كۇچا، يەكەن، باي قاتارلىق جايلار شىنجاڭدىكى داڭلىق سوپۇن ئىشلەش مەركەزلىرى بولغان بولۇپ، بۇ جايلاردا ياسالغان چىدامىلىق ھەم ئىشلىتىشلىك سوپۇنلار پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە سېتىلىشتىن سىرت، يەنە گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ توشۇپ سېتىلغان. يۇقىرىقى جايلاردا ئىشلەنگەن سوپۇننىڭ (جۈملىدىن يۇمۇلاق سوپۇننىڭ) سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقىرى، باھاسى نىسبەتەن ئەرزان بولغاچقا، بازارلاردىكى سېتىلىشى ناھايىتى ياخشى بولغان ھەمدە كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالاھىدە ياقتۇرۇپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان. شۇڭا ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقنىڭ ئېغىزىدىن «يەنىلا كۇچا سوپۇنى ياخشى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاردىكى ئاساسلىق ئائىلە قول سانائەت كەسىپلىرى ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلاردا يەنە پىلىچىلىك، سەرەڭگىچىلىك، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش، زەرگەرلىك، كۇلالچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق ئائىلە قول سانائەت كەسىپلىرىمۇ بولغان.

## 2. ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىنىڭ يۇقىرىقى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

بىرىنچى، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە روشەن يەرلىك تۈسكە ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلاردىكى كىيىم-كېچەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە غىزا ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەم ئەنئەنىۋى ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقارغان ھەر خىل ئائىلە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن، ئۆلچەم جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى تۈر ھەم رەڭ جەھەتتە بولسۇن، رايون پەرقى بويىچە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە روشەن يەرلىك تۈسنى گەۋدىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن. مەسىلەن: باش كىيىمى

ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك ياقتۇرىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرى، پاسونى، ئۆلچىمى، رەڭگى، سۈپىتى گەرچە رايونلار ئارا پەرقلەنسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىگە خاس قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن روشەن يەرلىك تۈسنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

ئىككىنچى، تىجارەت دائىرىسى تار، مەبلىغى ئاز، ياللاش-ياللىنىش مۇناسىۋىتى سۇس بولغان. ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىدە ياللاش-ياللىنىش مۇناسىۋىتى تولىمۇ سۇس(ئاز) بولغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم قول سانائەتچىلەر ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھالدىكى ئائىلىۋى قول سانائەت كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان. مەبلەغ جەھەتتە بولسا، كۆپ قىسىم قول سانائەتچىلەر پەقەت نەچچە يۈز يۈەنلىك مەبلەغقە ئىگە بولغان بولۇپ، ئاساسەن ئائىلىنىڭ دائىملىق خىراجىتىنى غەملەش ۋە ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك تۈرلۈك چىقىملارنى ھەل قىلىش ئىشلىرى بىلەن بەنت بولغان. شۇڭا كۆپچىلىك قول سانائەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتەلمەي، مەبلەغنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئامالسىز قالغان ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشتىكى «ئائىلىۋى كارخانا رامكىسى»دىن ھالقىپ كېتەلمىگەن.

ئۈچىنچى، يېزا بىلەن شەھەر-بازارلاردىكى ئائىلە قول سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ھەم تىجارەت ئۇسۇلى ئوخشىمىغان. ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئائىلە قول سانائىتى ئاساسەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە تايانغان بولۇپ، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك ئاساسىدا تىكلەنگەن. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى يىپ ئېگىرىش، ماتا ھەم كىگىز-گىلەم توقۇش ماشىنىلىرىغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ سانى خېلى كۆپ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئېھتىياجىنى قامداشقا سەرپ قىلىنغان. مەسىلەن: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكى خوتەن ناھىيەسىنىڭ 5-رايون 3-يېزىسىدىكى خەلققە ھەر يىلى تەخمىنەن 4410 توپتىن خام (ماتا) لازىم بولغان. بۇ يېزىدا 45 ئائىلىلىك توقۇمىچى بولۇپ، ھەر بىر ئائىلە يىلىغا 100 توپتىن جەمئىي 4500 توپ خام توقۇغان[22]. بۇنىڭدىن شۇنىسى روشەنكى، توقۇلغان خامنىڭ مىقدارى بىلەن يېزىدىكى خەلقنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان. بۇ خىل ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئائىلىۋى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئاساسلىق قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى شەكلى ئىدى.

شەھەر-بازار ۋە شەھەرلەرگە يېقىن يېزىلاردىكى قول سانائەت تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى روشەن بولغان. شەھەرلەردىكى قول سانائەتچىلەر ئادەتتە بازارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، تاۋارلىرىنى سودىگەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق باشقا جايلاردىكى چوڭ سودا بازارلىرىدا ساتقان. ئۇلار كۆپىنچە ئۆز جايى ھەم باشقا جايلاردىكى سودىگەرلەر بىلەن ئۆزئارا مال زاكاز قىلىش ۋە مال سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى(توختامىنى) شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكى كۇچا ناھىيەسىدە ھەر يىلى 50 مىڭدىن ئارتۇق خۇرۇمدىن تىكىلگەن باش كىيىم، 100 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك سوپۇن ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇ جاينىڭ ئۆزىدە سېتىلىدىغىنى بۇ ئىككى خىل مەھسۇلاتنىڭ پەقەت ئوندىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان. قالغان ئوندىن توققۇز قىسمى سودىگەرلەر ئارقىلىق باشقا ناھىيەلەرگە توشۇپ سېتىلغان. قاغىلىق ناھىيەسىدە 2227 قول سانائەتچى، 920 سودىگەر بولغان بولۇپ[23]، سودىگەرلەر ھەر يىلى بۇ جاينىڭ كىگىز، قوي يۇڭى، پاختا قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئەنگلىيە، چاررۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە توشۇپ ساتقان. بۇنىڭدىن شۇنىسى ئېنىقكى، شەھەرلەردىكى ئائىلە قول سانائىتىنىڭ «تاۋارلىق خاراكتېرى» نىسبەتەن روشەن بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، شەھەرلەردە يەنە مەخسۇس ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا تايىنىپ جان باقىدىغان بىر تۈركۈم ياللانما ئىشچىلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەيران بولغان قول سانائەتچىلەر ۋە دېھقانلار بولغان. لېكىن شەھەرلەردىكى ئائىلە قول سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، مەبلىغى

ئاز، كىرىمى تۆۋەن بولغاچقا، باشقىلارنى ياللاپ ئىشلىتىش ئەھۋالى نىسبەتەن ئاز بولغان. ياللىغان تەقدىردىمۇ، ياللىغۇچى خوجايىنىنىڭ كۆپ ھاللاردا ياللىغان ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىشىغا توغرا كەلگەن.

دېمەك، ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتى ئاساسلىقى يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، مىللىي خاسلىقى ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان «ئائىلىۋى كارخانا» خاراكتېرىنى ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئائىلە قول سانائىتىنىڭ ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى يېڭىچە تەرەققىياتى ھەمدە يۇقىرىقىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر ماشىنا سانائىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، جۈملىدىن پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنىڭ زامانىۋى سانائەت دەۋرىگە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن بەلگىلىك شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

## ئىزاھلار:

[1][20] ۋاڭ شۇنەن: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»(28 ـ 29 ـ جىلد)، «سودا ـ سانائەت»(1 ـ 2) قىسمى، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
[2][4][5][9] (چاررۇسىيە) ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 106 ـ، 107 ـ، 108 ـ، 113 ـ بەتلەر.
[3] «خوتەن ۋىلايىتىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تارىخىي تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 31 ـ بەت.
[6][7][8] سۇڭ لىڭ، چېن يەنچى قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىياتى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 95 ـ، 96 ـ، 99 ـ بەتلەر.
[10] شي لىن: «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 149 ـ 150 ـ بەتلەر.
[11][12][15][19] ۋېي يوڭلى قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى غەربىي شىمالنى ئېچىش تارىخى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ، 157 ـ، 159 ـ بەتلەر.
[13][16][17][18] ما داجېڭ، خۇا لى تۈزگەن: «شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ تەزكىرىسى»، مەملىكەتلىك كۇتۇپخانا ۋەسىقىلىرىنى كىچىكلىتىپ تەقلىد قىلىپ بېسىش مەركىزى، 1990 ـ يىلى نەشرى، ماناس، گۇچۇڭ، سانجى، كۇچا، بۈگۈر، ئونسۇ، ئۇچتۇرپان، قاغىلىق، گۇما، كېرىيە، خوتەن، لوپ ناھىيەلىرىنىڭ تەزكىرىسى.
[14] سەي جيايى: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 315 ـ 316 ـ بەتلەر.
[21] «شىنجاڭ ئىقتىسادى ھەققىدە تەتقىقات» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل 8 ـ سان.
[22][23] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»(2 ـ قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 470 ـ 471 ـ بەتلەر.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 05 ـ 055 ـ 01 (2012) 5878 ـ 1005

# چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا*

گۈلنار ئىبراھىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىرقەدەر ئىنچىكە تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىرگە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى، پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى، پېئىللارنىڭ زامانلىق خەۋەر شەكىللىرى، پېئىللارنىڭ مەيل ـ رايلىق خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بىرقەدەر ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى.

**摘要:** 该文章比较系统的分析了察合台维吾尔语的特征的同时对察合台维吾尔语的动词的分类，动词的谓语形式，动词的静词形式，动词谓语的“时”，动词谓语的“式”的构词特征举例说明。

**Abstract:** This article, along with a careful analysis of the grammatical qualities of Chaghatay Uyghur verbs, will use real examples to carry out a thorough discussion on the different categories of Chaghatay Uyghur verbs, and on the ways in which they form their many word forms, tenses, and mood and voice forms.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H2　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. شۇنداقلا ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ۋە بىرمۇنچە ئىپادىلەش شەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇڭا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ لېكسىكىلىق جەھەتتىن تۈركىي، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ گرامماتىكىسىغا خاس بىر قىسىم قوشۇمچىلارمۇ تەدرىجىي سىڭىپ كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭدەك، پارسچە سۆز ئالدى ۋە سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان بىر قىسىم سۆزلەر، جۈملىدىن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە ياردەمچى سۆزلەرمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن «قىلماق» «اتماك»، «بولماق» ياكى «اولماق» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان قوشما پېئىللار ھەمدە ئەرەب تىلى ياكى پارس تىلىغا تەقلىد قىلىنغان سۆز- ئىبارىلەر كۆپەيدى. مورفېمىلاردا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، پېئىل زامانلىرى، پېئىل دەرىجىلىرى ۋە مەيىللىرى ھەمدە سۈپەتداش، رەۋىشداش ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملە شەكىللىرى تەرەققىي قىلىپ مۇقىملىشىپ، ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلاشقان سىستېما شەكىللەندى.

---

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 1- ئاينىڭ 10-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: گۈلنار ئىبراھىم (1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ماگىستىرانتى.

بىز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى ئىچىدە پېئىل تۈركۈمى مورفولوگىيەلىك شەكىلگە ئەڭ باي سۆز تۈركۈمى بولۇپ، ئۇلار تۈرلىنىش ئارقىلىق پېئىلنىڭ ئۆزەك قىسمىدا كۆرۈلىدىغان دەرىجە شەكىللىرى، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىللىرى، پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى، پېئىللارنىڭ خەۋەر شەكىللىرى قاتارلىق بىرقاتار مورفولوگىيەلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئىزدەنگەندە، ئالدى بىلەن پېئىللارنىڭ تۈرلىرى، پېئىللارنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى، پېئىللارنىڭ خەۋەر شەكىللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى بويىچە ئانالىز قىلىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، شۇ ئارقىلىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا يېڭى بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. پېئىللارنىڭ خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى

### 1) پېئىلنىڭ زامانلىق خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، پېئىللارنىڭ زامانلىق خەۋەر شەكىللىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ «ئۆتكەن زامان»، «كەڭ زامان» ۋە «ھازىرقى زامان ـ كېلەر زامان» دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ كۆرستىشكە بولىدۇ.

(1) ئۆتكەن زامان شەكلى. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى يەنە ئۆز ئىچىدىن «ئاددىي ئۆتكەن زامان» ۋە «ئالدىنقى ئۆتكەن زامان» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، پېئىللارنىڭ ئاددى ئۆتكەن زامان شەكلى چوڭ جەھەتتىن «ـدى»لىق، «ـپ»لىق ۋە «ـمىش»لىق بولۇپ، مۇشۇ ئۈچ يۈرۈش قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

‹1› «ـدى»لىق قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىشى مۇنداق بولىدۇ:

بىرىنچى شەخس بىرلىك: ديم ـتيم ـدوم، توم

يوزى آليدا كل نظاره قيلديم خوب ايماس آنجا

قدى قاشيدا باقتيم سروغه مرغوب ايماس آنجا(فەۋايىدۇل-كىبەر، 26-غەزەل)

بولۇشسىز شەكلى ـــ ماديم (مادىم، مەدىم):

تاپماديم اهل وفا بارى جهاننى آختاريب (فەۋايىدۇل-كىبەر، 57-غەزەل)

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك: دوق، توق، دوك، توك

كوزكو اول يوز جلوەكاهيدور ديبان قيلدوق نظر

فداسى جانُ كونكول ايلادوک وليک وفا

(فەۋايىدۇل-كىبەر، 28-غەزەل)

بولۇشسىز شەكلى ـــ مادوق، مادوك:

كورمادوک هركز اول اهل عشقنينک آزغونيديک(فەۋايىدۇل-كىبەر، 28-غەزەل)

مى ايچينككيم دهر ايلى ايچره كوب ايستاب تاپمادوق

ئىككىنچى شەخس بىرلىك: دينك ـتينك دونك تونك

سين ايردينک بو ميداندا كيم آت چيقاردينک(فەۋايىدۇل-كىبەر، 351-غەزەل)

يەنە مىسال «فەۋايىدۇل-كىبەر»، 367-، 663-غەزەللەر

ئىككىنچى شەخس بىرلىك سىپايە تۈرى ئۈچۈن:

ونک ونكيز(ungiz, üngiz) ينكيز نكيز

سلامت اهلى توتونک دينُ عافيتغه عزا(فەۋايىدۇل-كىبەر، 423-غەزەل)

يەنە مىسال «فەۋايىدۇل-كىبەر»، 222-غەزەل، «فەۋايىدۇل-كىبەر» ساقينامەـ 19

بولۇشسىز شەكلى ـــ مادينک:

يكيتليكينكدا قاريلارغه قيلمادينک خذمت

(فەۋايىدۇل-كىبەر، 73-غەزەل)

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك ـــ دينكلار تينكلار:

كۆپلۈك شەختە كەلگەندە «ـدينكلار، تينكلار»

قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بو شهرلارنی نیمه اوچون بوزوب امبان دالویه جریکلارنی ضایع قیلدینکلار

اوچولان بریردا اولتوروب کیشیغه ایتمایدورغان سرینکلارنی بربرینکلارغه ایتنیکلار

ئۈچىنچى شەخس بىرلىك — دى تى:

روشنلیغی ممکین ایماس جون شمع قالدی دود آرا (فەۋايىدۇل-كىبەر، 21-غەزەل)

بولۇشسىز شەكلى — مادى:

جانیم آلدی لعلی آنینک بولمادی خندان نی سود(فەۋايىدۇل-كىبەر، 131-غەزەل)

ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك — دىلار تىلار:

ایتلارینک خیلی مینی اولدی کمان ایلادیلار(فەۋايىدۇل-كىبەر، 131- غەزەل يەنە 172-غەزەل)

بولۇشسىز شەكلى — مادىلار:

بیراوکه تاپمادیلار ایل سراغ بلکوسین(فەۋايىدۇل-كىبەر، 489-غەزەل)

‹2› پېئىللارنىڭ ئاددى ئۆتكەن زامان« پ »لىق شەكلىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولىدۇ:

ۋاستىلىك بايان رايىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدىن «پ»لىق رەۋىشداشلارغا «مەن»، «دۇر»، «تۇرۇر» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى چاغاتاي تىلىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

بىرىنچى شەخس بىرلىك — بمن، يبمن ، وبمن، ىبدورمن، يبدورمن قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ، مەسىلەن:

کوبیدا تا کیم کدالیققه بولوبمن منتسب(فەۋايىدۇل-كىبەر، 54-غەزەل)

يەنە مىسال «فەۋايىدۇل-كىبەر»، 77-، 454-غەزەل

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك — وبميز، يبميز ، يبدوربيز، يبتوربيز قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ، مەسىلەن:

کولوبمیز بیریبمیز کیتیبدوربیز ایزیبتورمیز

ئىككىنچى شەخس بىرلىك — بسين، يبسين ، وبسين قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ، مەسىلەن:

ایکه دیبسین حقنی نی تعریف وصف ایله بیلای(فەۋايىدۇل-كىبەر، 387-غەزەل، يەنە 551-غەزەل)

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك — يبسيلار، وبسيلار ، بدورسيلار، يبدورسيلار، بسيزلار قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ، مەسىلەن:

باریبسیلار کلیبسیلار باشلابسیلار سوزلاشیبتورسیلار ایتیبسیزلار

ئۈچىنچى شەخس بىرلىك: ىبدور يبدور بتور يبتور، وبدور وبتور قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ؛ بۇ فورما چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنى ئوتتۇرا ئەسىر تىلىدىكى پېئىللاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىكتۇر. مەسىلەن:

که موندین آز ایتیبدور آرزو فرزانه آندین کوب(فەۋايىدۇل-كىبەر، 70-غەزەل، يەنە 86-غەزەل )

ئۈچىنچى شەخس بىرلىك: ىبدورلار بتورلار وبدورلار وبتورلار قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ:

قولاغی رد لعلیکیم قویاشقه یانداشیبدورلار(فەۋايىدۇل-كىبەر، 550-غەزەل)

برکیتیبتورلار اوقونک شوقینی یوز مسمار ایله(فەۋايىدۇل-كىبەر، 576-غەزەل، يەنە مىسال511-، 589 - غەزەل )

‹3› پېئىللارنىڭ ئاددى ئۆتكەن زامان«مىش»لىق شەكلىنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

ۋاستىلىك بايان رايىدىكى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدىن «مىش» بىلەن ياسالغانلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلغان. بۇ فورمىدا پېئىل ئۆزىكىگە «مىش» قوشۇلۇپ ئاندىن كېيىن «مەن»(نەزمىي ئەسەرلەردە «ئام، ئەم»)، «دۇر، تۇر»، بىرىنچى، ئىككىنچى شەخسلەردە بىۋاسىتە شەخس ئالماشلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان. مەسىلەن:

یوقسه بیر تیرناغینک اولمیشتور حنادین لعلکون(فەۋايىدۇل-كىبەر، 597-غەزەل)

تاپمامیش بولسه ریاضینکنینک شمیمیدین شمی(فەۋايىدۇل-كىبەر، 605-غەزەل)

(2) ئالدىنقى ئۆتكەن زامان شەكلى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، پېئىللارنىڭ ئالدىنقى ئۆتكەن زامان شەكلى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولغان پېئىل ئۆزىكىنىڭ ئاخىرىغا «ايردى»، «ايدى»، «ايركان»، «ايكان»، «ايرميش»، «ايميش» شەكلىدىكى ئۆتكەن

زامان ھۆكۈم ياردەمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

‹1› «پ»لىق رەۋىشداشقا ئۆتكەن زامان ھۆكۈم ياردەمچىسى «ايردى»، «ايدى»، «ايركان»، «ايكان»، «ايرميش»، «ايميش» قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان شەكلى:

بير نيما ياردين ايلاب ايدى معلوم كونكول (فەۋايىدۇل-كىبەر، 378-غەزەل، يەنە مىسال فەۋايىدۇل-كىبەر، فەرد 819)

‹2› پېئىل ئۆزىكىگە «مىش» قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆتكەن زامان ھۆكۈم ياردەمچىسى «ايردى»، «ايدى»، «ايركان»، «ايكان»قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان شەكلى:

يارينى ايستاى نوايى بارميش ايردى اى رفق(فەۋايىدۇل-كىبەر، 59-غەزەل، يەنە 457-غەزەل)

‹3›«غان»لىق رەۋىشداشقا ئۆتكەن زامان ھۆكۈم ياردەمچىسى «ايردى»، «ايدى»، «ايركان»، «ايكان»، «ايرميش»، «ايميش» قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان شەكلى: آلغان ايكان  قيلغان ايرميش

‹4›«دۇر، تۇر»لىق خەۋەر قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن ئۆتكەن زامان ھۆكۈم ياردەمچىسى «ايردى»، «ايدى»، «ايركان»، «ايكان»، «ايرميش»، «ايميش» قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان شەكلى:

وعده كر قيلمايدور ايردى اوزكا مجلس اهليغه

اوز اوبينينك يوليدين عمدا آزيقماق نى ايدى(فەۋايىدۇل-كىبەر، 657-غەزەل)

2. كەڭ زامان شەكلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ زامان پېئىل ئۆزىكىگە «ار»(ئار، ئەر)، «ور»(ئور، ئۇر)، «ير»(يىر، يىر) قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى شەخس بىرلىك ـــ ارمن، ارم، ورمن، يرمن:

چاک ايلارمين يقام اول قاشى يانى كوركاج اوق (فەۋايىدۇل-كىبەر، 14-غەزەل)

تختە٬ عشقين اوقورمين مكتب ايچرە چون قويار(فەۋايىدۇل-كىبەر، 110-غەزەل)

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ـــ ارسين، ورسين، يرسين قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن:

كر صفات اللّه ايله اوزنى تيلارسين موصوف(فەۋايىدۇل-كىبەر، 316-غەزەل)

ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ـــ ار، ور، ير قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن:

آى فلک خركاهيدا آندين چيكار يوزكا سحاب (فەۋايىدۇل-كىبەر، 599-غەزەل)

بىرىنچى شەخس كۆپلۈك ـــ ارميز، ورميز، يرميز:

نيكيم توتسانک ايچارميز ساقييا خوش

بارورميز  الورميز  كورارميز  قيلورميز

ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك شەخس ـــ ارسيلار، ورسيلار، يرسيلار قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كيتارسيلار  بارورسيلار كلورسيلار كورارسيلار ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك ـــ ارلار، ورلار، يرلار قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

نيچوككيم اوتنى قوزغارلار بولور آندين شرر پيدا(فەۋايىدۇل-كىبەر، 34-غەزەل)

كيم قاچارلار عربدەدين شهنه بيرله محتسب(فەۋايىدۇل-كىبەر، 54-غەزەل، يەنە 89-ھەم 164-غەزەل)

3. ھازىرقى زامان ـ كېلەر زامان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، ھازىرقى ـــ كېلەر زامان ئۇقۇمى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىدە ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

‹1› ھازىرقى زامان ـــ كېلەر زامانىنىڭ بىر خىل شەكلى پېئىلنىڭ «ئا»لىق رەۋىشداش شەكلىگە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس ئالماشلىرىنى بىۋاسىتە قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا بەزىدە شەخس ئالمىشىشىدىن بۇرۇن «دور، تور» خەۋەر قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۈچىنچى شەخستە «ئا»لىق رەۋىشداشقا بىۋاسىتە «دور، تور» خەۋەر قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، مەسىلەن:

بيراو غمى ينه كونكلومكا قوزغالان سالادور (فەۋايىدۇل-كىبەر، 158-غەزەل)

‹2› ھازىرقى ـ كېلەر زامانىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە دەسلەپتە «غاى، قاى، كاى» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى، ئارقىدىن يەنە بىرىنچى،

ئىككىنچى شەخستە شەخس ئالماشلىرىنىڭ بىۋاستە قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ، ئۈچىنچى شەخستە بولسا، ھېچبىر قوشۇمچە قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

اوزيكا آني قويماغايسين خدايا (فەۋايىدۇل-كىبەر، 4-غەزەل، يەنە 483-، 490-غەزەل

〈3〉 ھازىرقى — كېلەركى زامانىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولسا «غو، كو»لىق سۈپەتداشقا بىرىنچى، ئىككىنچى شەخستە شەخس ئالماشلىرى بىۋاستە قوشۇلۇپ، ئۈچىنچى شەخستە «سى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ، مەسىلەن: الهی اول شفیع اولغاندا ایل جُرمین جو عفو ایتکونک (فەۋايىدۇل-كىبەر، 40-غەزەل)

**2) پېئىلنىڭ مەيل - رايلىق خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، پېئىللارنىڭ مەيىل - رايلىق خەۋەر شەكىللىرى ئۆز ئىچىدىن «شەرت مەيلى»، «ئارزۇ - تىلەك مەيلى»، «بۇيرۇق - تەلەپ مەيلى»، «پەرەز - ئېھتىماللىق مەيلى» ۋە «زۆرۈرىيەت مەيلى» دېگەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) شەرت مەيلىنىڭ ياسىلىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، خەۋەر رولىدىكى پېئىلنىڭ شەرت مەيلى شەكلى بولسا پېئىل ئۆزىكىگە «سا، سە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى شەخستە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. بۇ خىل شەرت مەيلىدىكى جۈملىلەر ئادەتتە «ئەگەر» ۋە «گەر» بىلەن باشلانغان ياكى «ئەگەر» ياردەمچى سۆزنى تەلەپ قىلىدىغان جۈملىلەر بولىدۇ. مەسىلەن:

ایستاسانک ملکِ بقا سلب قیل اوزلوک یوکینی (فەۋايىدۇل-كىبەر، 46-غەزەل، 47-غەزەل)

(2) ئارزۇ - تىلەك مەيلىنىڭ ياسىلىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ ئارزۇ - تىلەك مەيلى تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

〈1〉پېئىل ئۆزىكىگە «سا، سە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش. 〈2〉 بىرىنچى، ئىككىنچى شەخستە شەخس قوشۇمچىلىرى «ەم، نىڭ» لارنى قوشۇش ئارقىلىق ئارزۇ - تىلەك مەيلىنىڭ خەۋەر شەكلى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

آياغينك توفراغين اوپسام بسدور(فەۋايىدۇل-كىبەر، 47-غەزەل)

(3) پېئىللارنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ مەيلىنىڭ ياسىلىشى

پېئىل ئۆزىكىگە «اى، ـاين ، غين، قين، غيل، قيل، كيل، سون، غاي، قاي، ينكلار، ونكلار، سونلار» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ مەسىلەن:

تارتايين امّا قبول ايتماي چيكاركا يانه هجر(فەۋايىدۇل-كىبەر، 146-غەزەل، يەنە مىسال 522-، 559-، 571-، 572-غەزەللەر)

(4) پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت مەيلىنىڭ ياسىلىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ زۆرۈرىيەت مەيلى ئادەتتە «ماق» لىق ئىسىمداشنىڭ ئاخىرىغا «كراك» قاتارلىق سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق، شۇنداقلا پېئىل ئۆزىكىگە «غولوق، قولوق، كولوك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

دعا قيلماق كراك دور   پناه تيلاماك كراك دور
ايتماك لازم دور   بارغولوق   ايتكولوك   قايتقولوق

(5) پەرەز - ئېھتىماللىق مەيلىنىڭ ياسىلىشى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە «غاي، قاي، كاي» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ، خەۋەر شەكلىدىكى پېئىلنىڭ پەرەز - ئېھتىماللىق مەيلى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

حمدينكغه هر كوته نظر هم كنك و لال اولغاى مكر (فەۋايىدۇل-كىبەر، 1-غەزەل يەنە مىسال9-، 11-غەزەل )

## 2. پېئىللارنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تۈرلىنىش ئارقىلىق جۈملىدە تۈرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىشى مۇمكىن. پېئىلنىڭ مۇشۇنداق شەكىللىرى پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى سۈپەتداش، ئىسىمداش ۋە

رەۋىشداش شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ياسىلىش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

**1) ئىسىمداشلار**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدىغان شەكىللىرى ئادەتتە ئىسىمداشلار دېيىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمداشلار تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ياسىلىدۇ:

(1) «-ش» بىلەن ياسالغان ئىسىمداش: (ـاش ـئەش ـئۇش، ـئۈش، ـئىش ـئش ـ ش)

پېئىل ئۆزىكىگە «ـاش، ـوش، ـيش، ـش» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن:

فنا يوليدا بو ينكليغ ايميش باريش وكيليش (نەۋايى: فەۋايىدۇل-كىبەر، 254-غەزەل)

ييتى چون آوارەليغدين لطف ايتيب ايستاب كوروش (نەۋايى: فەۋايىدۇل-كىبەر، 283-غەزەل)

(2 ) «غۇ»،«قۇ»،«گۈ»، «كۈ»، «لۇق»، «لۈك»، «لىك» بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار:

پېئىل ئۆزىكىگە «غۇ»، «قۇ»، «گۈ»، «كۈ»، «لۇق»، «لۈك»، «لىك» قاتارلىق قوشۇمچىلار ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالىدۇ:

ديدى كيلكوم سورغالى اى عشق جانيم آسراغيل (نەۋايى: فەۋايىدۇل-كىبەر، 31-غەزەل، يەنە مىسال223-، 445-، 619-غەزەللەر )

(3) «ماق»، «ماغ»، «مەك» بىلەن ياسالغان ئىسىمداشلار:

بۇ خىل ئىسىمداشلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ:

چونكه آنسيز اولكونك اوشبو دمكه آيريلماقتەدور (فەۋايىدۇل-كىبەر، 385-غەزەل)

غنچەلار كل يانيدا تيكماك تخيل ايلاسانك (فەۋايىدۇل-كىبەر، 389-غەزەل)

**2) سۈپەتداشلار**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، سۈپەتداشلارنى ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە «كەڭ زامان سۈپەتداشلىرى»، «ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرى» ۋە «كېلەر زامان سۈپەتداشلىرى» دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) كەڭ زامان سۈپەتداشلىرى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ زامان سۈپەتداشلىرى پېئىللارنىڭ سۆز ئۆزىكىگە «ـار» (ـئار، ئەر) ۋە «ـور» (ئور، ئۇر، ئۆر، ئۈر)، «ير،ر» (ـئىر، ـر) قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

تا تولار پيمانە مُغ ديريدا خذمتكار بول(فەۋايىدۇل-كىبەر، 402-غەزەل)

يوق ايرسه نى اوچون اوزدين بارور بو ناتوان هردم(فەۋايىدۇل-كىبەر، 413-غەزەل)

(2) ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، ئۆتكەن زامان سۈپەتداشلىرى پېئىلنىڭ ئۆزىكىگە ئومۇمەن «ـغان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كويينينك ديواري اوستومكا ييقيلغان يخشراق (فەۋايىدۇل-كىبەر، 415-غەزەل)

(3) كېلەر زامان سۈپەتداشلىرى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، كېلەر زامان سۈپەتداشلىرى تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ:

«ـادورغان» (ـئادۇرغان، ئەدورغان)؛ «ـدورغان» (دۇرغان)؛ «غوجى، قوجى، كوجى» (غۇچى، قۇچى، گۈچى، كۈچى) «ـغوديك، قوديك، كوديك» (غۇدەك، قۇدەك، گۈدەك، كۈدەك) ؛ «ـغونچا، كونچا» (غۇنچە، گۈنچە) قاتارلىقلار. مەسىلەن:

يوز بلا باشيمغه ياغدورغان ديديم افلاك ايميش (فەۋايىدۇل-كىبەر، 256-غەزەل، يەنە مىسال484-غەزەل )

**3) رەۋىشداشلار**

رەۋىشداشلار پېئىلنىڭ رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان شەكلى بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشداشلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

(1) «ئا» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار

«ئا»لىق رەۋىشداش —— پېئىل ئۆزىكىگە «ـا»(ـئا، ئە)؛ «ـە، ە» (ـئە، ـئا)؛ «ي» ( ـئا ، ئە) قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدىغان رەۋىشداشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل رەۋىشداشلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

‹1› ئـايرىم ھـالەت بولـۇپ، ھەرىكەتنىـڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن:

ای بـادِ صـبا جـان صـدقنک کـر قـیلا آلـسانک (فەۋايىـدۇل-كـىبەر، 290ـ غەزەل، يەنە مـىسال293ـ غەزەل )

‹2› ئـايرىم ھـالەت بولـۇپ، مـۇئەييەن چەكنـى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن:

لعلی شوقی یاشورور مین قان یوتـوب تـا سـاغمین (فەۋايىدۇل-كىبەر، 100 ـ غەزەل)

يەنە «فەۋايىـدۇل-كـىبەر»، 113ـ،123-،124 غەزەللەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ

(2) «چە» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار

چاغاتـاي ئۇيغـۇر تىلـىدا «چە»لـىك رەۋىشداشـلار پېئىل ئۆزىكىگە «غانچە، قانچە، گەنچە، كەنچە، غۇنچە، قۇنچە، گۇنچە، كـۇنچە» قوشـۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشـى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يـوز اول آلغانچـه کلبرکینـک بیـرور شـیرین کـلام ایچره(فەۋايىدۇل-كىبەر، 598- غەزەل)

(3) «غالى» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار

چاغاتاي ئۇيغـۇر تىلـىدا پېئـىل ئـۆزىكىگە «غـالى، قالى، گالى، كالى» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

کـه پویـه قیلـسه نظـر سـالغالی ییکیتلارغـه (فەۋايىدۇل-كىبەر، 728-قىتئە)

(4) «غاچ» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار

چاغاتـاي ئۇيغـۇر تىلـىدا «غـاچ»لـىق رەۋىـشداش پېئـىل ئـۆزىكىگە «غـاچ، قـاچ، گـاچ، گەچ، كەچ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشـى بىـلەن ياسـىلىدۇ. جۈملە ئىپادىلىگەن ھەرىـكەت بارلىققا كېلىـشتىكى سەۋەب، ۋاقىتنـى، ھەرىـكەت ئورۇنلانغـان ھـالەتنى بىلـدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چاقیلغـاج لمعـهٔ حـسنونک منکـا قالمـاس اثـر باقى(فەۋايىدۇل-كىبەر، 273-غەزەل، يەنە 489-غەزەل)

(5) «سارى» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار

«سارى»لىق رەۋىشداشلار چاغاتاي ئۇيغـۇر تىلـىدا ئۆتكەن زامان سۈپەتداشـلىرىغا «سـارى، سـرى»نىـڭ قوشـۇمچە بولـۇپ قوشۇلۇشـى ئـارقىلىق ياسـىلىدۇ. مەسىلەن:

کـوزلاری مـین قـانی تولغـان سـاری ایمـا قیلدیلار(فەۋايىدۇل-كىبەر، 156-غەزەل)

(6) «پ» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار

چاغاتـاي ئۇيغـۇر تىلـىدا «پ»لـىق رەۋىـشداشلار پېئىل ئۆزىكىگە ئادەتتە «ـوب، يب» (ئوپ، ئۇپ، ئۆپ، ئـۈپ، ئـىپ) قوشۇمچىـسىنىڭ قوشۇلۇشـى بىـلەن، يەنە بەزى ھـاللاردا «وبـان، يبـان، بـان» (ـئوبان، ئۇبـان، ئىبـان، بـان) قوشۇمچىـسىنىڭ قوشۇلۇشـى بىـلەن ياسىلىدۇ(كېيىنكـىسى مەنە ۋە ئىشلىتىش جەھەتـتىن «پ»لـىق رەۋىـشداش بىـلەن ئوخـشاش بولغاچقـا بىـر تۈردە كۆرسەتتۇق).

هر کون اول آی انتظاریدین کویوب مین آنچەکیم (فەۋايىـدۇل-كـىبەر، 161-غەزەل، يەنە مـىسال192-، 216-، 233 - غەزەل )

## ئىزاھلار

[1]خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»(مورفولوگىيە).

## پايدىلانمىلار


1. ئەلىشىر نەۋايى: «چەھار دىۋان» ـــ‹فەۋايىدۇل-كىبەر›(ئىسرائىل يۈسۈپ تەييارلىغان)، بېيجىڭ: 2011-يىلى نەشرى.
2. مىرسۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى، 301-بەت.
3. ن.ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى (ئۇيغۇرچە نەشرى).
4. ئىمىن تۇرسۇن:«نەۋائى ھەققىدە» [M]، بېجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 187-بەت.
5. فۇئاد كۆپرۈلۈ: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»[J] (تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)، «بۇلاق» ژۇرنىلى2000- يىللىق 5- سان، 84- بەت.
6. خالىدە مۇتىئى نەشرگە تەييارلىغان: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى،
7. ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتـۇل ھەقـايىق»(خەمىـت تۆمـۈر، تۇرسـۇن ئـايۇپ نەشـرگە تەييارلىغـان)، بېيجىـڭ: مىللەتـلەر

نەشرىياتى.
8. ئابدۇرېھىم راخمان: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001ـ يىلى نەشرى. 486ـبەت.
9. خەمىت تۆمۈر: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»(مورفولوگىيە)
10. «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ‹قۇتادغۇبىلىك›»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى.
11. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى.
12. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر هۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، ئۈرۈمچى: 1987 ـ يىلى نەشرى.
13. ش، ئۆمەر «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى.
14. مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن، ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
15. ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى.
16. ئابدۇرە ئوپ تەكلىماكانىي: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇېسسەل بايان»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى.
17. ئابدۇرە ئوپ تەكلىماكانىي: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.
18. چىڭ شىلياڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: ئۈرۈمچى: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996ـ يىلى نەشرى.
19. قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشرى.
20. خالق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
21. ئارسلان ئابدۇللا: «قۇتادغۇبىلىك ئىستىلىستىكىسى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001ـ يىلى نەشرى.
22. ئابدۇرە ئوپ تەكلىماكانىي: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، بېيجىڭ: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى
23. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشرى.
24. 加.噢其尔巴特："察合台蒙古融入维吾尔族"[J]，"新疆大学学报"，2008.4期，65页。
25. 耿世民："新疆历史与文化概述" [M]，北京：中央民族大学出版社，2006。
26. 加.噢其尔巴特："察合台蒙古融入维吾尔族"[J]，"新疆大学学报"，2008.4期，66页。
27. Tŭrk Ansiklopedisi, Milli Eğitim Basimevi,11-Gilt, Ankara, 1968.
28. Lars Johanson and éavá.Csato,The Turkic Languages, London and Newyork, 1998.
29. Talat Tekin, Mehmet ölmez, Turk Dilleri Giriš, Istanbul, 1999.
30. Lars Johanson and éavá.Csato,The Turkic Languages, London and Newyork, 1998.
31. Janos Eckmann, čağatay Edebiyatinin Son Devri Türk dili Araštilmalari, 1963.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

33 - يىللىق 1 - سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 33 卷第 1 期
2012 - يىلى 3 - ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2012 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2012) 01 - 063 - 08

# ئۇيغۇرتىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم رەڭ - تۈس سۆزلىرىنىڭ تۈس مەنىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقلار توغرىسىدا*

تۇرسۇنجان ياسىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** رەڭ سۆزلىرى ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تىلدىكى ئىنكاسى. ئەمما ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ھەمدە گۈزەللىك پسىخىكىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، ئوخشاش بىر خىل رەڭگە نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. تىلدا رەڭ سۆزلىرى يالغۇز رەڭنى ئىپادىلەپلا قالماي، يەنە مەلۇم كۆچمە مەنە ياكى سىمۋوللۇق مەنىلەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇ ماقالىدە رەڭ سۆزلىرىدىكى سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇر - خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم رەڭ سۆزلىرىنىڭ تۈس مەنىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقلار قىسقىچە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：色彩词是客观事物在语言中的反映。但不同的民族因其生活环境、生活经历以及民族审美心理的不同，对同一色彩往往会产生不同的联想。语言中颜色词不仅表示颜色，而还具有一定的转义和象征意义。本章根据颜色词的象征意义进一步亮明维汉语中个别颜色词的色彩意义的异同。

**Abstract:** Color words are an objective linguistic reflection of material substances. However, because different ethnic groups inhabit different environments and possess different life experiences and concepts of beauty, differences may exist among their perceptions of a given color. Color words do not merely refer to a given color; they also possess certain symbolic and transferred meanings. This article will shine light on some of the similarities and differences in the symbolic meanings of certain color words in the Uyghur and Chinese languages.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

رەڭ-تۈس سۆزلىرى تىل ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ رەڭ-تۈسىنى تەسۋىرلەيدىغان سۆزلەر بولۇپ، سۆزلۈك سىستېمىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان قىسمىدۇر. ئۇ شۇ تىلنى قوللانغان مىللەتنىڭ ئالاھىدە پسىخىكىسى، قىممەت قارىشى ھەمدە مەدەنىيەت قارىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەملىكىتىمىز چوڭ ئائىلىسىدە بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر -خەنزۇ مىللەتلىرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقى ۋە تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبلىك، رەڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى، ئاتىلىشى ۋە ساندىمۇ پەرق بولىدۇ. شۇڭا، تىلدىكى رەڭ-تۈس سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنە پەرقىنى ئېنىق بىلىش، شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ۋە تىلنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر-خەنزۇ تىللىرىدا دائىم ئۇچرايدىغان قارا، ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل قاتارلىق بەش خىل رەڭ ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

## 1. قارا (黑色)

### 1.1. قارا رەڭنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈس مەنىسى

قارا رەڭ ئۇيغۇرلار تارىختا ئەڭ ئۇلۇغلايدىغان رەڭلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئەدەب

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 3- ئاينىڭ 22-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** تۇرسۇن ياسىن (1984-يىلى 4- ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت.

تەجەللى مۇنداق دەپ يازغان:

ئىبتىدادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىش قارالىقدىن زۇهۇر،
ئابى هايۋان چەشمەسى تاپمىش قارالىقدا قارار.[1]

[ ئەڭ دەسلەپ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى قارىلىقتىن پەيدا بولغان، هاياتلىقمۇ قاراڭغۇدا قارار تاپقان.]

رەڭلەردە قارادىن يوقتۇر يۇقارى هېچ رەڭ،
كىم يۇقارى تۇرمىش ئانىڭ يۇلتۇزى ئەنجۇم سىۋار.[2]

[ رەڭلەرنىڭ ئىچىدە قارىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان رەڭ يوق، چۈنكى قارا رەڭنىڭ يۇلتۇزى يۇلتۇزلار ئىچىدە هەممىدىن ئۈستۈندۇر.]

بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قارا رەڭنى ئىنتايىن ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، قارا (黑) سۆزى « ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، چوڭ» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز، يېتۈك ئەدىب، تىلشۇناس مەهمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق بايانلار بار:

قارا- خاقانىيە خانلىرىغا بېرىلگەن نام.خاقانىيە خانلىرى « قارا »دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن. «بۇغرا قارا خاقان » دېگەندەك.[3]

ئۇيغۇرلار« قارا»سۆزى بىلەن « هەيۋەتلىك، چوڭ » نەرسىلەرنى سۈپەتلىگەن . مەسىلەن: قارا تاغ (چوڭ تاغ)، قارا قۇرۇم ( هەيۋەتلىك چوڭ تاش )، قارا ماشىنا (چوڭ ماشىنا) قاتارلىقلار . «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر-جايناملىرى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، شىنجاڭدا «قارا»سۆزى بىلەن ئاتالغان يەر-جاي ناملىرى 400دىن ئارتۇق بولۇپ، هەممىسى دېگۈدەك« ئۇلۇغ، چوڭ » دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«قارا»سۆزىنىڭ يەنە «مۇقەددەس، كەڭرى، قاتتىق، چوڭقۇر، قېنىق »دېگەندەك كۆچمە مەنىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: قارا ئوردا( مۇقەددەس ئوردا)، قارا قۇم(كەڭرى قۇملۇق)، قارا بوران(قاتتىق بوران)، قارا قىزىل(قېنىق قىزىل) قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر تىلىدا «قارا» سۆزىنىڭ سەلبىي مەنىسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ«قارا» سۆزىنىڭ قارا قورساق، قارا چاپلاش، قارا ئىش دېگەندەك سەلبىي مەنىلىرىمۇ بار.

لېكىن، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، قارا رەڭ يەنە «زۇلمەتلىك، ۋەھشىلىك، قەبىھلىك » قاتارلىقلارغا سىمۋول قىلىنىپ، تۈس مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى « قارا » سۆزىدىن تەركىب تاپقان قارا چاپلىماق، قارا نىيەت قاتارلىق سۆزلەر « يامان ئاتاق، ۋەهشى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . « قارا » سۆزىدە يەنە بارا- بارا «قانۇنسىز، ناتوغرا » دېگەندەك مەنىلەرمۇ بارلىققا كەلدى . مەسىلەن : قارا نوپۇس، قارا تىزىملىك ، قارا گورۇھ، قارا قول قاتارلىق سۆزلەر خەنزۇ تىلىدىكى 黑手、黑帮、黑名单、黑户口 قاتارلىق سۆزلەردىن كەلگەن.شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «قارا» سۆزىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىدە يۈز بەرگەن يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىش ئاساسلىقى خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن بولغان.

**2.1. قارا رەڭنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تۈس مەنىسى**

قەدىمدىن هازىرغىچە، خەنزۇ تىلىدىكى قارا (黑) سۆزى ئىزچىل « يامانلىق، ۋەهىمە » قاتارلىق سەلبىي مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ، « بەش قارىلار ، 黑五类 (مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى پومېشچىك، باي دېهقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر ۋە ئوڭچىلار)، 黑串联 (قارا مۇناسىۋەت) » قاتارلىق بىر تۈركۈم سۆزلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر يەنە كۆپ بولۇپ، «黑帮 (قارا گورۇھ)، 黑文 (قارا يېزىق)، 黑旗(قارا بايراق)، 黑后台(قارا يۆلەنچۈك)، 黑纲领 (قارا پروگرامما)، 黑笔记 (قارا تىزىملىك)، 黑干将(قارا قولچوماق)، 黑秀才 (قارا زىيالىي)» قاتارلىقلار. بۇ سۆزلەردىكى黑(قارا) سۆزى ئاساسلىقى يامانلىق ۋە قانۇنسىز دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

«هازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى» دە، ئاز دېگەندىمۇ قارا (黑) خېتىدىن تۈزۈلگەن 15 سۆز بولۇپ، قارا (黑) ئاساسەن «يامانلىق، بالايىئاپەت، رەزىللىك، قانۇنسىز، ئالدامچىلىق، جىنايەت» قاتارلىق مەنىلەرنى بېرىدۇ. مەسىلەن :黑名单 (قارا تىزىملىك) ،黑道 (تۈيۈق يول)، 黑店 (قارا ئۆتەڭ، قاراقچىلار سارىيى)، 黑话 (قارا گەپ، ئەكسىيەتچىلەر تىلى)، 黑货 (ئەتكەس مال، هارام مال) ، 黑钱 ( هارام پۇل ) ، 黑幕 ( ئىچكى

سىر، قارا پەردە ) ، 黑枪 ( قانۇنسىز قورال)، 黑势力 (قارا كۈچ، قانۇنسىز كۈچ كۆرسەتكۈچىلەر ) ، 黑不溜秋(قارىلاق، قارا كۆسەي)، 黑哨 ( ئاستىرىتتىن، يان باسماق)، 背黑锅 (قارىلانماق، تۆھمەتكە قالماق)، 黑市(قاراڭغۇ بازار)، 黑心 (قارا نىيەت).

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى « قارا » تۈس مەنىسى جەھەتتىن قوش قاتلاملىق مەنە بېرىدىغان بولۇپ، ئىجابىي مەنىسى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ، سەلبىي مەنىسى ئازراق، كۆپ قىسىم سەلبىي مەنىلىرىمۇ ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن بولغان. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى قارا (黑色) قويۇق سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپلا قالماي بەلكى، ئىزچىللىقا ئىگە.

## 2. ئاق (白色)

### 1.2. ئاق رەڭنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈس مەنىسى

ئۇيغۇر تىلىدىكى«ئاق»رەڭ ئايرىمىسى جەھەتتىن ئاق رەڭنى كۆرسىتىدۇ. « ئاق» رەڭ ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەندىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك كۆچمە مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرۈپ كېلىدۇ .

ئۇيغۇرلار ئاق رەڭنى ئۇلۇغ كۆرىدۇ ، ھەمدە ئاق رەڭنى « پاكلىق ، بەخت ، ئامەت، ياخشىلىق » نىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ، بۇ خىل چۈشەنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن: سەپەرگە چىققانلارنى ئۇزىتىشتا«ئاق يول بولسۇن» دەپ ياخشى تىلەكتە بولۇش، سۈتنى ئۇلۇغلاش، قارنى بەخت- ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش، ئاياللار ئاق ياغلىق چىگىش، ئۆينىڭ تاملىرىنى ئاق رەڭدە ئاقارتىش قاتارلىق ئۆرپ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە« ئاق » نى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق رەڭگە بولغان ئېتىقادى دېڭىنە ئادەتلىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئاق لاتا بىلەن مېيىتنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىش،باشمالتاق پۇتلىرىنى چېتىش؛ قارىلىق بولغۇچى ئاق داكىدىن سەللە يۆگەش، بېلىنى باغلاش، ئاياللار ئاق داكىدىن رومال ئارتىش، بەلۋاغ باغلاش، مېيىتنى ئاق رەختكە ئوراپ يەرلىكىدە قويۇش، قەبرە بېشىغا ئاق رەختتىن ئۇچبۇرجەك ئەلەم تىكىپ قاداش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق « ئۇ ئالەمگە سەپەر » قىلغانلارغا قارىتا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

كېيىن ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان، ھەمدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ « ئاق» سۆزىنىڭ« كېيىندە قېلىش، ئەكسىيەتچىل، مەغلۇبىيەت » قاتارلىق سەلبىي مەنىدىكى سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى قوبۇل قىلغان. مەسىلەن:ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاقلار رايونى(گومىنداڭ مەزگىلىدىكى ئاق تېررورىزم ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلار)، ئاق بايراق چىقىرىش(مەغلۇب بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)، ئاق تاماكا قاتارلىقلار.

### 2.2 . ئاق رەڭنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تۈس مەنىسى

خەنزۇ تىلىدىكى ئاق «白» خېتىدىن تەركىب تاپقان سۆزلەر دائىم پاسسىپ مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، بىكاردىن-بىكار، كەمسىتىش، ئەرزىمەس، ساختىپەز، مەغلۇبىيەت قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:白费力气 (كۈچىنى بىكار ئىسراپ قىلماق)، 白搭 (زايە بولماق)، 白干 (بىكار ئىشلەش)، 白眼 (كەمستمەك)، 白喝 (بىكار ئىچىش)، 吃白饭 (ئاقنانچى)، 白眼狼 (تۇزكور)، 吃白家饭 (تىلەمچىلىك قىلماق) ، 举白旗(ئاق بايراق چىقىرىش،يېڭىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ) قاتارلىقلار. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ« ئەكسىيەتچىل، كەينىدە قېلىش» قاتارلىق سەلبىي مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن: 白区 (ئاقلار رايونى)، 白军 (ئاقلار ئارمىيىسى)، 白匪(باندىت)، 白色恐怖 (ئاق تېررورلۇق) قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر يەنە ئاق رەڭنى «پاكلىق، ئېسىللىق» قا سىمۋول قىلىدۇ. مەسىلەن: 清白(پاك)، 洁白无暇 (پاك- پاكىز)، 清白无辜(بىگۇناھ)، 白衣天使 (سېستىرا، ئاق خالاتلىق

پەرىشتە) قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاق رەڭ ئۇيغۇر-خەنزۇ تىللىرىدا ئوخشاشلا ئىجابىي، سەلبىي مەنىلەرگە ئىگە. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئاق رەڭگنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئىجابىي مەنىسى سەلبىي مەنىسىدىن خېلىلا كۆپ. خەنزۇلار ئاق رەڭگنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ سەلبىي مەنىسى ئىجابىي مەنىسىدىن كۆپ.

## 3. قىزىل (红色)

### 3. 1. قىزىل رەڭگىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈس مەنىسى

ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭگنى ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى، دەپ قارايدۇ. ئۇلۇغ بۈيۈك ئەدىب، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قىزىل رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق تەسۋىرلەر بار:

ئۈۋلار مىنى خۇمار كۆز،
قارا خاللىق قىزىل يۈز،
تامار ئاندىن تۈگەل ئۈز،
ئۈۋلاپ يەنە ئۇ قاچار،[4]

[قارا مەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇماركۆز مىنى ئەسىر قىلىدۇ، ئەسىر قىلىدۇ ـ دە، يەنە قېچىپ كېتىدۇ.]

ئۇيغۇرلاردا قىزىل رەڭگنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە تارىخى كەچۈرمىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەدرىجى ھالدا، نىسبىي مۇقىم مەنىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن.

بۇ خىل قاراش ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە توي-تۆكۈن بولسا، «ئاش سۈيى» ھېسابىدا قىز تەرەپكە ئاپىرىدىغان قوينىڭ بېشىغا قىزىل رەخت باغلاپ قويۇش، توي كۆچۈرۈش ھارۋىسىغا قوشۇلغان ئاتلارغا ياكى ھازىرقى زاماندىكى توي كۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىغا قىزىل رەخت باغلاش، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بالا تۇغۇلغان ئۆينىڭ ئىشىك ئۈستىگە قىزىل رەخت ئېسىپ قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ . ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ناھايىتى ئاز. بىراق، قىزىل قەغەز ئېلىش (توي خېتى ئېلىش ) دېگەن بۇ سۆز بىرىكمىسىدە « قىزىل » سۆزى خۇشاللىق مەنىسىنى ساقلاپ قالغان.

يېقىنقى زامان غەرب جەمئىيىتىدە « قىزىل رەڭ » ئىنقىلابى ئۇرۇشقا سىمۋول قىلىنغان. بۇنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرلارمۇ بۇ خىل قاراشنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قىزىل بايراق، قىزىل ئارمىيە، قىزىل يۇلتۇز، قىزىل بازا قاتارلىق سۆزلەر مەيدانغا كەلدى.

لېكىن تارىخ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ «قىزىل» نىڭ تۈس مەنىسىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قىزىل» سۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزىبىر سەلبىي مەنىدىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: مالىيىدە قىزىل رەقەم كۆرۈنمەك ، قىزىل پاچاق، قىزىل كۆز قاتارلىقلار.

### 3. 2 .قىزىل رەڭگىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تۈس مەنىسى

ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا قىزىل رەڭ قۇتلۇق، كۆڭۈللۈكلىكنى ئىشلارغا سىمۋول قىلىنىدۇ. شۇڭا توي بولغاندا كېلىنچەك قىزىل چاپان، قىزىل ئىشتان كىيىپ، قىزىل رومال ئارتىدۇ؛ يېڭى ئۆينىڭ ھەممە يېرىمۇ قىزىل رەڭلىك نەرسىلەر بىلەن بېزىلىدۇ: قىزىل ئۈستەل، قىزىل ساندۇق، قىزىل كارۋات، قىزىل يوتقان، قىزىل رەڭلىك « خۇشاللىق » دېگەن خەت، قىزىل رەڭدە يېزىلغان مەسنەۋى قاتارلىقلار. ھەتتا مېھمان سوۋغا قىلغان سوۋغات بۇيۇملىرىمۇ قىزىل قەغەز بىلەن ئورىلىدۇ. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، كېلىنچەك توي مۇراسىمدا ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىپ، ئاق رومال ئارتىپ، مۇھەببەتنىڭ پاكلىقىغا سىمۋول قىلىدىغان بولغان. ھازىر ئايرىم بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىدىمۇ بۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇمۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولغان.

ھەممە ئادەم ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭلا نەتىجىگە ئېرىشەلىشى ناتايىن. نەتىجىگە ئېرىشكەن بۇنداق كىشىلەرگە باشقىلار ھەم ھەسەت قىلىدۇ، ھەم ھەۋەس قىلىدۇ، بۇنى « روناق تېپىپ كەتتى (红起来了)» دەپ ئاتايدۇ. كىنو ، ناخشا چولپانلىرىغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۈندىن-كۈنگە نامى چىققان بولسا، ئۇنداق كىشىلەرنى «他（她）红起来了»، «走红了»، "成了"大红人"了 دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تېنى ساغلام، قاۋۇل ياشانغان كىشىلەرنى يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ «红光满面» دەپ سۈپەتلەيدۇ. گەپ قىلغاندا ياكى ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا يۈزى قىزىرىدىغان«脸红» كىشىلەر، باشقىلارغا يەنىلا ياخشى تەسىر بېرىدۇ، چۈنكى يۈزى قىزىرىش «脸红» سەممىيلىك، يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا «قىزىل»نىڭ ئازراق سەلبىي مەنىسى بولسىمۇ، ئىجابىي مەنىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.خەنزۇلارمۇ قىزىل رەڭنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، سەلبىي مەنىسى يوق دېيەرلىك.

## 4.سېرىق (黄色)

### 4. 1.سېرىق رەڭنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈس مەنىسى

سېرىق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئادىتىدە قۇياشقا، مول ھوسۇللۇققا، ئالىيجانابلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭنى ئالتۇن رەڭ دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدا قۇياشنىڭ نۇرلانغان مەزگىلىنى «ئالتۇندەك پارلىغان قۇياش» دەپ تەرىپلىسە، مول ھوسۇللۇق بۇغدايلارنى «ئالتۇن باشاقلىق بۇغدايلار» دەپ سۈرەتلەيدۇ. يەنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق، ياخشى باللارنى «ئالتۇندەك بالىدە » ياكى«ئالتۇندەك قىز» دەپ ئالتۇنغا ئوخشىتىدۇ. بۇيەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئالتۇن» ماددا ھالىتىدىكى مېتال ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى ئالتۇن رەڭ ـ سېرىق رەڭ چۈشەنچىسىنى بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدە سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى ئۇلارنىڭ قەدىمدە قۇياش تەڭرىسىگە سېغىنىشتىن ئىبارەت ئېپتىدائىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر تىلىدىكى كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەك، سېرىق ئۇسا(ئەتىياز پەسلىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرگە سۇ باشلاش) قاتارلىق سۆزلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدەك پسخىكىلىق ھالىتى ئەكس ئەتكەن.

ئەمما، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سېرىق» چۈشكۈنلۈك، شەھۋانىيلىق قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «سېرىق»سۆزىنىڭ بۇ خىلدىكى سەلبىي مەنىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كېلىش مەنبەسى ئامېرىكا ئىكەن. 18-ئەسىردىن كېيىن، ئامېرىكىدا سېرىق مەزمۇندىكى مەتبۇئاتلارنىڭ كۆپ قىسمىغا سېرىق رەڭلىك قەغەز ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، شۇ سەۋەبلىك كىشىلەر بۇ خىلدىكى كىتابلارنى سېرىق كىتاب دەپ ئاتىغان. جۇڭگوغا تارقالغاندىن كېيىن سېرىق رەڭ بىئەدەپلىك، شەھۋانىيلىق قاتارلىق مەنىلەردە قوللىنىلىشقا باشلىغان . دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇنىڭغا ئوخشاش دەۋر تۈسىگە ئىگە بولغان رەڭ قارىشىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى «سېرىق» سۆزىمۇ سەلبىي مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ قالدى. مەسىلەن: سېرىق سىنئالغۇ، سېرىق كىتاب قاتارلىقلار.

### 4. 2.سېرىق رەڭنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تۈس مەنىسى

سېرىق رەڭ قەدىمدە خەنزۇلار ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان رەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا خەن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە، خان-پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى سېرىق تون كىيگەن، ئەمما سۇلالىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سېرىق رەڭنىڭ تۈس مەنىسىدىمۇ ئوخشىماسلىقلار بار.سۈي، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك ، سوڭ سۇلالىسى پادىشاھى قوڭۇر سېرىق رەڭلىك ۋە سۇس سېرىق رەڭلىك، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئوچۇق سېرىق رەڭلىك تون كىيگەن. فېئوداللىق جەمئىيەتتە سېرىق

رەڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇلۇغلايدىغان رەڭ بولۇپ، ئۇ ئالىيجاناپ، ئىززەت-ئابروي، پارلاق دىگەندەك مەنىلەرگە ئىگە ئىدى. پادىشاھ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلاتتى، شۇڭلاشقا سېرىق رەڭ قەدىمكى جۇڭگونىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

ئەمما، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا سېرىق رەڭنىڭ تۈس مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ دائىم «مەغلۇبىيەت» قاتارلىق سەلبىي مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. مەلۇم ئىشنى قىلىش ئوڭۇشلۇق بولمىغان ياكى مەغلۇب بولغان بولسا، خەنزۇلار «黄了» دېيدۇ. مەسىلەن:

(1) سودا مەغلۇب بولدى.

买卖黄了

(2) قەشقەرگە ساياھەتكە بارىدىغان ئىش يوققا چىقتى.

去喀什旅游黄了。

(3) بۇ قېتىملىق تىجارەت ئېھتىمال يەنە سۇغا چىلاشتى.

这笔生意八成又黄了。

بۇنىڭدىن باشقا سېرىق رەڭ خەنزۇ تىلىدا يەنە ئىپلاس، پەسكەش ئىشلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت كىتابلارنى «سېرىق كىتاب (黄色书刊)» ، سىنئالغۇ ياكى كىنولارنى « سېرىق كىنو (黄色电影) » دەپ ئاتايدۇ ، ھۆكۈمەت شەھۋانىيلىققا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى «扫黄» دەپ ئاتايدۇ، يەنى سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تازىلاش ، يوقىتىشتىن ئىبارەت « 把黄色的东西 扫除，去掉 » .

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سېرىق رەڭ گەرچە ئىلگىرى ئۇلۇغلىنىدىغان رەڭ بولسىمۇ، ئەمما، جۇڭگو بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تۈرتكىسىدە، سېرىق رەڭنىڭ تۈس مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولغان.

نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك نەرسىلەرنى سېرىق نەرسە دەپ ئاتايمىز ؟

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ غەربتىن كىرگەن ئىكەن. ئىلگىرى غەربتىكى بەزى ئاممىباب ھېكايە كىتابلارنىڭ تېشى سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا قورۇق گەپ ساتىدىغان گېزىت، ژۇرناللارنىڭ تېشىمۇ سېرىق رەڭدە ئىكەن، شۇڭا 19-ئەسىردىن باشلاپ غەربلىكلەر قىممىتى يوق بۇنداق چاكىنا ئوقۇشلۇقلارنى «سېرىق رەڭ» بىلەن سۈپەتلەيدىغان بولغان. جۇڭگو زىيالىيلىرى بۇ ئۇقۇمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بارا-بارا كېڭىيىپ چاكىنا پەسكەش نەرسىلەرنى كۆرسىتىدىغان بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سېرىق رەڭ قەدىمدە ئۇيغۇر-خەنزۇ تىللىرىدا ئوخشاشلا ئىجابىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، كېيىن غەربنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ تۈس مەنىسىدە بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر بولغان.

## 5. يېشىل (绿色)

### 5.1 يېشىل رەڭنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈس مەنىسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «يېشىل» سۆزى، مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك ئەنئەنىسىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا، يېزا ئىگىلىكنى ئاساسلىق ئىقتىسادى تۇرمۇش شەكلى قىلغان ھەمدە ئۆزى ياشاپ كەلگەن بوستانلىق ۋە ئورمانلىقلاردا يېشىللىقنى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان. يېشىللىق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى.بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئۇيغۇرلار يېشىللىقنى ئەزەلدىنلا ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى قىلغان ۋە ئۇنى تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدىنمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. « تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېشىل رەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ماقال بار: قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل.[5] [يەنى خوتۇنلار ئىرى بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بولماقچى بولسا يېشىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ، غىلجىڭلىق قىلماقچى بولسا قىزىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ. بۇ ماقال خوتۇنلارنى ئېرىگە دائىم خۇش مۇئامىلىلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.]

قومۇل رايونىدا ھەريىلى قىش پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان « كۆك مەشرەپى» بۇنىڭ ئەڭ جانلىق

مىسالدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى— نورۇزمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىللىققا بولغان ئالاھىدە ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن باشلاپ يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرەتتى. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمىزدىن بىرى بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەسىرىدىن مۇنداق مىسال ئۇچراتقىلى بولىدۇ: يېشىللىق دېمەك ـ ھاياتلىق دېمەك.

تۆۋەندىكى شېئىردىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىللىققا بولغان ھېسسىياتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كەل يېشىل كۆكلەم،
ئىنتىزار قىلماي،
سېغىنى قوينۇڭنى كەڭرى ئېچىپ كەل.
كەل يېشىل كۆكلەم،
خوشاللىق ئېلىپ،
سېغىنغان دىلغا نۇرۇڭ چېچىپ كەل. [6]

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئائىت تۆۋەندىكىدەك ئىجابىي مەنىدىكى سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:« يېشىل ھايات، يېشىل يېمەكلىك، يېشىللىق كارىدورى» قاتارلىقلار.

**5. 2. يېشىل رەڭنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تۈس مەنىسى**

خەنزۇ تىلى سۆزلىكىدىكى سۆزلەردە يېشىل رەڭ قويۇق ئۆسكەن ئوت چۆپلەرگە، باھارغا، ئۈمىدكە سىمۋول قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا «红花绿叶، 花红柳绿، 绿油油的麦苗 ، 绿莹莹的秧苗، 青山绿水» قاتارلىق سۆزلەر بار.

لېكىن، يېشىل رەڭ كىشىلەرگە ئانچە ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ، بۇ نۇقتىنى مۇناسىۋەتلىك سۆز ياكى ئاتالغۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا« يېشىل (绿) »خېتى بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلغان«(脸都绿了)، (眼都绿) ھەر ئىككىلىسى چىرايىنىڭ كۆرۈمسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ » بۇنىڭغا ئوخشاش سەلبىي مەنىدىكى بەزى سۆز ياكى ئاتالغۇلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا يەنە«戴绿帽子» دېيىدىغان ئىنتايىن سەت ئاڭلىنىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ئايالى باشقا ئەرلەر بىلەن بىللە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ جۇڭگولۇقلار چىداپ تۇرالمايدىغان ئىش. شۇنداق بولغاچقا ماگىزىنلاردا باشقا رەڭدىكى باش كىيىملەر بار پەقەت يېشىل رەڭدىكىسىلا يوق، ئەگەر بولسا بەلكىم ساتقىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

خەنزۇ تىلىدا يېشىل رەڭنىڭ سەلبىي مەنە ئاڭلىتىشىدا مەنبەسى بار بولۇپ، «نەزمىنامە»دە «يېشىل كىيىم(绿衣)» ماۋزۇلۇق مۇنداق پارچە بار:

绿兮衣兮，绿衣黄里.
心之忧矣，曷维其已!
绿兮衣兮，绿衣黄裳.
心之忧矣，曷维其亡 ! [7]

شېئىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: تېشىنى يېشىل رەڭدە، ئىچىنى سېرىق رەڭدە قىلىپ كىيىم تىكسە،خۇددى ئايالى بىلەن توقالنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك بولىدىكەن، ئايالى بولغان مەن قانداقمۇ قايغۇرماي تۇرالايمەن! كۆڭلۈم قاچانمۇ تىنىچلىنار؟ ئۈستۈنكى بەدەنگە يېشىل رەڭلىك كىيىم، تۆۋەنكى بەدەنگە سېرىق رەڭلىك كىيىم كىيسە، خۇددى ئايالى بىلەن توقالنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك بولىدىكەن، ئايالى بولغان مەن قانداقمۇ قايغۇرماي تۇرالايمەن! قاچانمۇ ئۇنتۇيالايمەن؟ شېئىردا « يېشىل كىيىم » (绿衣) نى قايتا-قايتا ئېغىزغا ئالغان، ئەمما ھەرگىزمۇ تەرىپلەش مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى يېشىل كىيىمنى دېكلاماتسىيە قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى غەم-ئەندىشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ قەدىمدە كىشىلەرنىڭ يېشىل رەڭ بىلەن غەم-ئەندىشىنى بىر-بىرىگە باغلاپ چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، يېشىل قەدىمكى كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمايدىغان رەڭ دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن، يېقىنقى يىللاردا خەنزۇ تىلىدىكى «绿» خېتىنىڭ تۈس مەنىسىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، «يېشىل يېمەكلىك، 绿色食品 (زىيانسىز يېمەكلىك) »، 2008- يىلدىكى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە «يېشىل ئولىمپىك، 绿色奥运( مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى ئولىمپىك) » ، «كۆكەرتىش(绿化)» دېگەندەك ئىجابىي مەنىدىكى سۆزلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

يېشىل رەڭ ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان رەڭ

بولۇپ، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خەنزۇ تىلىدا بولسا كىشىلەر يېشىل رەڭنى ئىلگىرى غەم-ئەندىشە قاتارلىق ئىشلارغا باغلاپ چۈشىنىدىغان بولۇپ، كېيىن يېشىللىقتا بولغان ئىنتىلىشنىڭ تەسىرىدە «مۇھىتنى ئاسراش، يېشىللىقنى قەدىرلەش،زىيانسىز » دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىشقا باشلىغان.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، قارا رەڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىلگىرى «كاتتا، چوڭ، يوغان، ئۇلۇغ» دېگەندەك ئىجابىي مەنىلەرنى بىلدۈرگەن.يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تىل ۋە مەدەنىيەت تەسىرى سەۋەبلىك بەزىبىر سەلبىي مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. لېكىن خەنزۇ تىلىدا قەدىمدىن تاھازىرغىچە ئىزچىل سەلبىي مەنىدە قوللىنىلغان. ئاق رەڭ ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان رەڭ بولۇپ«بەخت، پاكلىق، ياخشىلىق» نىڭ سىمۋولى قىلىنغان، كېيىن مەدەنىيەت تەسىرى سەۋەبلىك « كەمىندە قىلىش، ئەكسىيەتچىل، مەغلۇبىيەت » قاتارلىق سەلبىي مەنىدىكى سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى قوبۇل قىلغان. خەنزۇلار ئاق رەڭنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ، سەلبىي مەنىسى ئىجابىي مەنىسىدىن كۆپ. ئۇيغۇر تىلىدا قىزىل رەڭنىڭ ئازراق سەلبىي مەنىسى بولسىمۇ ، ئىجابىي مەنىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.خەنزۇلارمۇ قىزىل رەڭنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، سەلبىي مەنىسى يوق دېيەرلىك. سېرىق رەڭ قەدىمدە ئۇيغۇر-خەنزۇ تىللىرىدا ئوخشاشلا ئىجابىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، كېيىن غەربنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ تۇس مەنىسىدە بەزىبىر ئۆزگىرىشلەر بولغان.يېشىل رەڭگە نىسبەتەن ئۇيغۇر-خەنزۇ تىلىدىكى تۇس مەنىسىدە پەرق چوڭ ، ئۇيغۇرلار يېشىل رەڭنى ناھايىتي ياخشى كۆرگەن، لېكىن يېقىنقىي يىللاردىكى ئاز بىر قىسىم ئىجابىي مەنىدىكى سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا خەنزۇلار يېشىل رەڭنى ياقتۇرمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەڭ سۆزلىرىنىڭ ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق مەنىلىرىدە ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردە ئۆزگىرىش بولغان.ئۇيغۇر-خەنزۇ تىللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى، ئۇيغۇر-خەنزۇ مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۈنسايىن قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، رەڭ سۆزلىرىنىڭ بۇ خىل سىمۋوللۇق مەنىسىدىكى ئوخشاشلىق كۈنسىرى ئېشىپ بارىدى. ئۇيغۇر-خەنزۇ تىلىدىكى رەڭ سۆزلىرىنىڭ كۆچمە مەنىسى ۋە سىمۋوللۇق مەنىسى كۆپ خىل، شۇڭا رەڭ سۆزلىرىنىڭ تۇس مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە تىل ئالاقىسىدە ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رولى بار.

## ئىزاھلار

[1][2] مۇختارماموت مۇھەممەدى تۈزگەن : « تەجەللى شېئىرلىرىدىن »، 30-، 36-بەتلەر، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 - يىلى 9 - ئاي.

[3][4][5] مەھمۇد كاشغەرىي (مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان): « تۈركىي تىللار دىۋانى »، 856- بەت 3- قۇر، 56- بەت 24 - قۇر، 300 - بەت 18- قۇر، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى 10- ئاي.

[6] ياسىن ئىمىن(مەسئۇل مۇھەررىر) : «بوغدا قەسىدىسى»، 296-بەت، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1985- يىلى6- ئاي.

[7] 何新 著：风与雅·《诗经》新考（上卷），第125页，北京,中国民主法制出版社，2008年8月。

## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار تۈزگەن:«ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008- يىلى 4-ئاي، 159-161 بەتلەر.
2. ئۆمەر داۋۇت: « ئۇيغۇر تىلىدىكى رەڭ سۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، تىل ۋە تەرجىمە، ئۈرۈمچى، 1999 يىلى 1-سان(خەنزۇچە نەشرى).
3. ليۇيەن: « ئۇيغۇر تىلىدىكى رەڭ سۆزلىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئانالىز»، تىل ۋە تەرجىمە، ئۈرۈمچى، 1993- يىلى 3- سان(خەنزۇچە نەشرى).
4. چاڭ جىڭيۇ تۈزگەن: «خەنزۇ تىلى سۆزلۈكى ۋە مەدەنىيەت»، بېيجىڭ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995- يىلى 8- ئاي.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2012) 01-071-08

# ئۇيغۇرلاردا تۇمار ۋە تۇمارنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا*

**ئابلەت سەمەت، دىلارە ئەبەيدۇللام**

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ قاراشلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ، تۇمارغا تەبىر بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر تۇمارلىرىنىڭ تۈرلىرى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىپ، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تۇمارلارنى بىرنەچچە تۈرگە ئايرىپ، ھەرقايسى تۈرنىڭ ئوخشىمىغان پۈكۈلۈش ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش يوللىرى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要：**本论文首先要讲述维吾尔族人的传统意识中对护身符的认识和护身符文化的传承，且对维吾尔护身符文化现象做出详细展现和抽象总结。然后根据维吾尔护身符的特征和用处的不同，将它们划分为四个不同的种类，分别为象征幸福和健康的护身符、象征人情世故的护身符、象征原始信仰的护身符和象征经久不衰的伟人的精神力量的护身符等。最后，分别介绍它们各自的制作方法，形状和用途。

**Abstract:** This article will first provide brief expositions of primitive views of consciousness among the Uyghurs, and offer an interpretation of amulets' significance. Thereafter, the article will consider the types of Uyghur amulets, and on the basis of their qualities and place of manufacture, separate them into a number of types, and introduce each type's manufacturing methods, shapes, and ways of use.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K103 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار تارىختا مەدەنىيەت، تارىخ ساھەلىرىگە يېڭى، رەڭدار مەزمۇنلارنى قوشقان ھەم يۈكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى مىراسلارنى ياراتقان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۈزۈكسىز كۈرەش قىلىپ، تەبىئىي رەۋىشتە ئالغا ئىلگىرىلىدى. تەبىئەت دۇنياسى ھەم ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماددىي دۇنياغا بولغان ساددا، ئىپتىدائىي قاراشلىرى پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ يوقلۇقتىن بارلىققا، ئاددىيلىقتىن- مۇرەككەپلىككە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى باشقا قەۋم ھەم خەلقلەر توپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان تەبىئەت جىسىملىرىغا، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن قورقۇش، چۆچۈش شۇنداقلا ئۇلارغا چوقۇنۇش قاتارلىق بىر قاتار ئىپتىدائىي ئاڭ قاراشلارغا ئەسىر بولۇپ كەلدى. تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش، تۇتېمغا چوقۇنۇش مانا مۇشۇ ئىپتىدائىي ئاڭ قاراشلارنىڭ يەنە بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەممىدە روھ بار دېگەن ئىپتىدائىي قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قىسىم شەيئىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى تەبىئەتتىكى بەزى ماددىي نەرسىلەرگە باغلاپ چۈشەندى. مانا بۇ خىل كۆپ قاتلاملىق ئىپتىدائىي قاراشلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى — تۇماردۇر. ماقالىدە، ئىپتىدائىي ئېتىقادنى ئىدىيە ئاساسى قىلغان، ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتورلار: ئابلەت سەمەت (1985-يىلى 4-ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت.
دىلارە ئەبەيدۇللام (1986-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىرانت.

بولغان تۇمار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 1. تۇمار ھەققىدە بايان

تۇمارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ مەلۇم بىر مىللەتتە شەكىللەنگەن ياكى مەلۇم بىر مىللەتكە خاس مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

تۇمار ئەرەبچە سۆزلۈك بولۇپ، «جىلد، قەغەز يوگىمى، تەك ئاسما خەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تۇمار كىشىلەرنى يامان روھ، يامان كۆز، يامان تىلدىن ساقلايدىغان، كىشىلەرنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى، بەختەرلىكىنى قوغدايدىغان، كىشىلەرگە بەخت-ئامەت، ئىشەنچ، غەلىبە ئاتا قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئىلاھىي بۇيۇمدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار سۈنئىي دىنلارغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغان ۋە ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بۇ خىل ئىپتىدائىي چوقۇنۇش بارا- بارا كۈچىيىپ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەت شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. تۇمار دەل ئىپتىدائىي ئاڭ، قاراشلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۇمار ئېسىش ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە بىر قەدەر كەڭ تارقالغان ئادەت شەكلىدۇر. بىز بۇنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىدىن روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان

سەن قاياقتىن كېلىسەن،  
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار.  
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن،  
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

دېگەن خەلق قوشىقى ئېيتىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نورۇز سەيلىسىدە جىن قوغلاش مەقسىتىدە 14-ئەسىرگىچە «تۇمارلىق ئېلىش ئويۇنى»[1] دېگەن بىر ئويۇن ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس خاجىپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تە:

بىرى دەر: دورا يەپ كېسەل ساقىيار،  
بىرى دەر: قاچار جىن ئېسىلسا تۇمار[2].

دەپ قەيت قىلسا، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇرلار تۇمارغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كۆز تېگىشتىن، تىل تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇمارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ، تۇمارنى بېتىك دەپ ئاتايدۇ» دەپ قەيت قىلىدۇ[3].

دېمەك، بىز بۇنىڭدىن تۇمارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 2. تۇمارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تۇمارلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېم ئېتىقادى، ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار تۇمارلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. مەسىلەن: تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە كىشىلەر تۇپراقنىڭ توپىسىنى ياكى ئۇسۇملۈكلەرنى يانلىرىدا ئېلىپ يۈرۈشكەن بولسا، توتېمىزم دەۋرىدە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، ئوشۇقلىرى ۋە پەيلىرىنى مەيلى چوقۇنۇش ياكى گۈزەللىك نوقتىسىدىن بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ بەدەنلىرىگە ئېسىۋېلىشقان ھەم يانلىرىدا ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. كېيىنكى كۈنلەردە يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي چوقۇنۇشنىڭ ئورنىنى ھەر خىل دىنلار ئىگىلەپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنە بىر قەدەم تەرەققىي قىلدۇردى ھەم ھەر خىل سۈنئىي دىنلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر

ئۇنىڭدىكى ئەپسۇن ۋە دۇئالاردىن پايدىلىنىپ تۇمار پۈكۈپ، تۇمارلارنى يېنىدا ساقلىغان. مانا بۇ خىل كۆپ قاتلاملىق ئۆزگىرىشلەر تۇمارنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرىنى كۆپ خىللىققا ئىگە قىلغان. ئۇيغۇر تۇمارلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**1) بەخت ۋە سالامەتلىك ئۈچۈن پۈتۈلگەن تۇمارلار**

(1) بەخت ئۈچۈن پۈتۈلگەن تۇمار. بەخت تۇمارى ـ كىشىلەرگە بەخت-ئامەت، ئىشەنچ، غەلىبە ئاتا قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئۈمىد، غايىلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئومۇمىي خاراكتېردىكى تۇماردۇر.

بۇ خىلدىكى تۇمارنى كىشىلەر ئاساسەن بەخت-ئامەت تىلەپ، ھەر خىل يوشۇرۇن خېيىم-خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈمىدىدە يانلىرىدا ئېلىپ يۈرۈيدۇ، يەنى بۇ خىلدىكى تۇمارلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوينىغان رولى باشقا تۇمارلارغا قارىغاندا بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ياخشىلىق ۋە ئىزگۈلۈكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن «بەخت تۇمارىنى ئادەم يېنىدا ساقلىسا يامان روھلارنىڭ خېيىم-خەتىرىدىن ساقلانغىلى، بەدەننى قوغدىغىلى، ئادەمنىڭ ئەمەل مەنسىپىنى ئۆستۈرگىلى، ئازابتىن خالاس قىلغىلى، بەختلىك ۋە دۆلەتلىك بولغىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تۇمارنى دۇكاندا قويسا خېرىدارلىق بولۇپ، ئېلىم-سېتىمدا پايدا ئالغىلى بولىدۇ، مال-چارۋىلىرى ئۆلۈپ تۇرمىسا، ئېغىلنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئېسىپ قويسا ئۆي ھايۋانلىرىغا كېلىدىغان بالايى-ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئېغىر بوي ئاياللار ئۆزىگە ھەمراھ قىلسا تۇغۇتى ئاسان بولىدۇ» دېيىدىغان قاراشلار مەۋجۇت.

بەخت تۇمارىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى بىر قەدەر كەڭ، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتلىرى كۆپ خىل. بۇ خىلدىكى تۇمارنىڭ پۈكۈلۈش شەكىللىرى ۋە ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، ئالاھىدە «پىرىخون»، «جىنكەش»، «داخان»لاردىن سىرت، يەنە ئادەتتىكى موللىلارمۇ پۈكەلەيدۇ. پۈكۈش شەكلى ئاساسلىقى بىر پارچە قەغەزگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەدىسلىرى يېزىلىپ، ئۈستىدىن تېرە ياكى لاتا بىلەن قاپلىنىپ بويۇنغا، بىلەككە، بەلگە ئېسىلىدۇ. كۆپىنچە ئۈچ بۇرجەك، ئۇزۇنچاق، تۆت بۇلۇڭ شەكىللىرىدە بولىدۇ. بۇ خىل پۈكۈلۈش شەكىللىرىدىن باشقا يەنە قەدىمكى كىشىلەر ئانىمىزملىق قاراشنىڭ بەلگىسى بولغان بۆرىنىڭ ئوشۇقى، بۇغىنىڭ تېرىسى، تۆگىنىڭ يۇڭى ۋە ھەر خىل يادا تاشلىرىنى تۇمار سۈپىتىدە ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ساقلىغان ھەم بۇلار ئارقىلىق بەخت-ئامەتكە ئېرىشمەكچى بولغان.

(2) تىلتۇمار. بۇ كىشىلەرنى يامان تىل، يامان كۆز ۋە يامان روھلارنىڭ ئاپەت ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلايدىغان، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئارزۇلۇق نەرسىلىرىگە خېيىم-خەتەر يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تۇماردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسىدە تۇمار «تىل تېگىش» تىن ساقلايدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا سېرىق ئىتنىڭ تۈكى، قېرى سۆگەتنىڭ پورى، كونا چاپاننىڭ مېزى، ئادىراسماننىڭ بەرگى، ئاتا-ئانىسىنىڭ كىرپىكى قاتارلىق ئىرمىلىك نەرسىلەرنى كىچىككىنە رەخت پارچىسىغا ئوراپ، ئۇنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تىكىپ «تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ساقلىغايسەن خۇدايىم!» دەپ دۇئا قىلىپ ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ بويىنىغا ياكى قولتۇقىغا ئېسىپ قويىدۇ ھەم تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ يېنىغا قويۇپ قويىدۇ. بۇنداق تۇمار كىرلىشىپ، مەينەت بولۇپ كەتسىمۇ ئالدىراپ ئېلىۋەتمەيدۇ. بۇ خىل تۇمار يۇملاق، تۆت بۇرجەك، ئالتە يۈزلۈك شەكىلدە ھەر خىل دۇئالارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قارا ياكى ئالا-بۇلىماچ يۇمۇلاق مارجانغا يىپ ئۆتكۈزۈپ، باللارنىڭ بويىنىغا ياكى بۆشۈكىگە ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇ «كۆز مونچاق» دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ خىل مونچاقلارنىڭ يۈزىدە ئاق چېكىتلىرى بار بولۇپ، ئارزۇلۇق پەرزەنتلەرگە كۆز تەگكەندە، مونچاق يۈزىدىكى ئاق چېكىتلەر ئۆچۈپ كېتەرمىش.

تىلتۇمار ئۆز ئىچىدىن يەنە چەتنەك ۋە قوقاق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. چەتنەك ــ ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە تىلى يامان كىشىلەرنىڭ يامان نىيەت

بىلەن بالىلارغا قىلغان سۆزلىرىدىن بالىلارنىڭ ئاغرىپ قېلىش ياكى ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قوقاق ــ يامان روھلارنىڭ كىشىلەرگە خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن كېلىپ چىققىدىغان كېسەللىك. مولىلار بۇ خىل كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن ھەر خىل دۇئا، ئەپسۇنلاردىن پايدىلىنىپ تۇمار پۈكىدۇ.

خەلق ئارىسىدا يەنە بولۇق ئۆسكەن ھەر خىل زىرائەت ئېتىزلىرىغا، ئازادە ياسالغان گۈل ـ گۈلىستانلىق ھويلا ـ ئارامlارغا، ئۈزۈمى ئوخشىغان تال بېدىشلىرىگە، مەي باغلاپ پىشىۋاتقان ئەنجۈر ۋە مېۋىزارلىققا «كۆز تېگىش»تىن ساقلاش ئۈچۈن ئىتنىڭ بېشى، ئېشەكنىڭ كاللىسى، قارا قاغىنىڭ ئۆلۈكى قاتارلىقلارنى ياكى كۆرۈمسىز «جىن قورچاق»لارنى ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بار. بۇمۇ بىر خىل يامان كۆزدىن ساقلىغۇچى تۇمار بولۇپ، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ نەزەرىدىكى ئاززۇلۇق ۋە قەدىرلىك نەرسىلەرنى «يامان كۆز»، «يامان تىل» لاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى مۇجەسسەملەنگەن.

**2) ئىنسانىي ھېسسىيات مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان تۇمارلار**

(1) ئىسىستقۇ. ئىسىستقۇ ــ يات جىنسلارنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە، پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان تۇمارنىڭ بىر تۈرى.

ئىسىستقۇ تۇمارىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى باشقا تۇمارلارغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر كەڭ، ئۆز ئالدىغا بىر قاتار تەرتىپ، مۇراسىم، كۆلەم شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ئىنسانشۇناس مالىنوۋسكى ئىپتىدائىي ئېتىقادتا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەردە «بىر يىگىت بىر قىزغا مەپتۇن بولغاندا ئەڭ كۈچلۈك قوغلىشىش شەكلى بولغان سېھىرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ!»[4] دەپ كۆرسەتكەندەك، بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىمۇ خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ھەر قايسى مىللەتلەردە ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل سېھىرگەرلىكتە ھامان باش ـ ئاخىرى ئىنتايىن ماسلاشقان بىر يۈرۈش قائىدىلەر بولىدۇ، بەزى قەبىلىلەردە بۇ خىل قائىدىلەر قىز ـ يىگىتلەر بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن چوڭلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ رىشتىنى باغلاشتا ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۆگىتىلىدۇ. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز ـ يىگىتلەر بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆز ـ ئارا كېلىشىپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى باغلاپ قويغىنىغا ئوخشايدۇ.

ئىسىستقۇ تۇمارنىڭ پۈكۈلۈش ئادەتلىرىمۇ ئۆزىگە خاس بىر قاتار مەزمۇن ۋە شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتلىرى ئاساسلىق ئىككى جىنسقا تەۋە بولغان ياشلار، بالاغەتكە يەتكەن قىز ـ يىگىتلەر، ۋە نىكاھلىق بولۇپ بولغان ئەر ـ ئاياللاردۇر. ئۇنىڭدىن سىرت ئىسىستقۇ يات جىنسلار ئارىسىدا مۇھەببەت پەيدا قىلىشقا ئىشلىتىلىشتىن باشقا يەنە، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغان ئادەتلەر بار. مەسىلەن: ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنى چوڭلارغا تاشلاپ قويۇپ كارى بولمايدۇ ياكى باشقا يەرلەرگە كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا چوڭلار ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا مېھىر قالماپتۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنى جەم قىلىش ياكى بىر ـ بىرىگە مېھرىبان قىلىش ئۈچۈن بالىنىڭ بويىنىغا ئاتا ـ ئانىسىنى مېھرىبان قىلىدىغان تۇمار ئېسىپ قويىدۇ.

(2) ئىسىستقۇ تۇمارىنى پۈكۈش ئۇسۇلى. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرغان مەزگىلدە ئۇلاردا قايسى خىل ئەپسۇن ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە پەرەز قىلىش قىيىن، لېكىن سۇنئىي دىنلارنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر بۇنىڭدىكى ئەپسۇن ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنى تۇمارغا ئېلىپ كىرگەن. شۇڭا ھازىر كىشىلەر بۇ خىل تۇمارلارنى ئەپسۇنسىز كارغا كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ خىل تۇمارنى پۈكۈشتە قانداق ئەپسۇن ئىشلىتىش ۋە قانداق قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئورۇنداش كېرەك دېگەنلەرنى ھەممە كىشى بىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت «باخشى»، «پېرىخون»، «جىنكەش»، «ئىسىستقۇچى»، «داخان» دەپ ئاتىلىۋاتقان سېھىرگەرلەر قىلالايدۇ. شۇڭا ئۆزىنى بۇ خىل نام بىلەن ئاتىۋالغانلار بۇ خىل تۇمار پۈكۈش

ئۇسۇلىنى بىلمەي قالمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم بىر رايون بىلەن باشقا بىر رايوننىڭ، مەلۇم بىر خىل «ئىسسىقتۇچى» بىلەن باشقا بىر خىل «ئىسسىقتۇچى»نىڭ يۆكۈش ئۇسۇللىرىدىمۇ مۇئەييەن پەرق مەۋجۇت. بۇ يەردە پەقەت ئاساسلىق شەكىل ۋە ئۇسۇللار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ھاجەتمەن كىشىلەر ئىسسىقتۇ قىلغۇچى موللىلارنىڭ يەنى «ئىسسىقتۇچى»نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن، «ئىسسىقتۇچى» ھاجەتمەن ئىسسىتماقچى بولغان كىشى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئەرەبچە يېزىلىشىدىكى ئەرەب ھەرپلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلارنى ئەبجەد ئۇسۇلدا قوشۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئومۇمىي ئەددىتىنى تېپىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئومۇمىي ساننى 12 گە بۆلگەندىن كېيىنكى قالدۇق سان شۇ كىشىنىڭ يۇلتۇزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يۇلتۇزنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان ئايەتلەرنى «قەسىدە سۇلايمان»، «كەنزۇل ھۆسەينى»، «ھاجەتمەنلەر» قاتارلىق مەخسۇس تۇمار كىتابلىرىدىن تېپىپ چىقىپ ئۇنى ئېپار، زەپە، ناۋات، شېكەر، خورما قاتارلىق خۇشپۇراق نەرسىلەرگە ئوقۇيدۇ ياكى قەغەزلەرگە پۈتۈك قىلىپ يۆكىدۇ. ئۇيغۇر باخشىلىرى ئىسسىقتۇنى زۆھرە، مۇشتەرى، شەمسى سائىتىدە، بولۇپمۇ «جۈمە كۈنى ئوقۇسا تۇمارنىڭ خاسىيىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

(3) ئىسسىقتۇ تۇمارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى. خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا «تۇمار پۈتۈلگەندىن كېيىن تۇمار پۈتكۈزگەن كىشى تۇمارنى سېھىر قىلىنغۇچىنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ، ئاندىن ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرسە، ئوچاقنىڭ تېگىگە كۆمسە، سېھىر قىلىنغۇچى مۇھەببەت ئىشقىدا سەرگەردان بولىدۇ، يەنە ئوخشاش ئۇسۇلدا تۇمارنى سېھىر قىلىنغۇچىنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ تاش ئاستىغا باستۇرسا (تاش قانچە ئېغىر بولسا شۇنچە ياخشى) سېھىر قىلغۇچىدىن باشقىنى ئويلىماس، رىشتى ئۈزۈلمەس بولىدۇ؛ ئەگەر ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە ئاسسا، شامالنىڭ تەسىرىدە بۇ تۇمارلار سىلكىنىپ ئىشق ئوتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ؛ بىر يىللىق يىراق يەردە بولسىمۇ، تاقەت قىلالماي ھازىر بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

ئىسسىقتۇ تۇمارلىرىنى يۆكۈش ئۈچۈن ئەپسۇنلار ئىنتايىن مۇھىم. ئەپسۇن ئىسسىقتۇ تۇمارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. بۇخىل ئەپسۇنلار ھەر خىل دەۋرلەردىكى دىنلار بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە قايسى خىل ئەپسۇنلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى نامەلۇم، لېكىن ئىسلام دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەت ۋە باشقا ئەپسۇنلار ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە بەزى داخان، جىنكەشلەرنىڭ تۇمار پۈتكەندە «ئىنجىل ئەپسۇنى» دېگەن بىر ئەپسۇننى ئوقۇيدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ خىلدىكى ئەپسۇنلار پۈتۈككە يۆكۈلۈشتىن قەتئىينەزەر ئەپسۇنلارنىڭ نۇرغۇن قېتىم ئوقۇلۇشى توغرىسىدا سېھىرگەرلەرنىڭ پىكرى، خەلقنىڭ چۈشەنچىسى ۋە شۇ ھەققىدىكى رىسالىلەردىكى كۆرسەتمىلەر بىردەكتۇر. ئادەتتە بۇنداق ئەپسۇننىڭ 7، 16، 28، 17، 81، 111، 171 قېتىم ئوقۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈلدۈرۈلمەي ئوقۇپ تۈگىتىلىشى زۆرۈر.

(4) سوۋۇتقۇ. بۇ ئادەتتە قىز بىلەن يىگىت ياكى نىكاھتىكى ئەر-ئاياللارنىڭ ھېسسىيات مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتكە سوغۇقچىلىق سېلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

سوۋۇتقۇ تۇمارنىڭ سېھىر قىلىش ئوبيېكتى ئىسسىقتۇ تۇمارغا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولۇپ، ئاساسەن بىر-بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن قىز-يىگىتلەر ياكى نىكاھلىق ئەر-ئاياللار ۋە يەنە ئايرىم ساندىكى ئۆز ئارا تونۇش بولغان قىز-يىگىتلەردۇر.

بۇ خىلدىكى تۇمارنىڭ يۆكۈش ئۇسۇللىرىمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىسسىقتۇ تۇمارىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق قارىشى ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە يات بولغان قىلمىش ھېسابلىنىپ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا زىددىيەت سېلىش، ئۇلارنى ئايرىۋېتىش ۋە سوۋۇتۇش ئۈچۈن يۆكۈلىدۇ. سوۋۇتقۇنى يۆكۈش ئۈچۈن ئىسسىقتۇدا ئوقۇلغان

ئەپسۇنلارنىڭ قارشىسى ئوقۇلىدۇ ياكى ئوقۇش سانى كېمەيتىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تەبىئىي دورىلارمۇ ئىسسىتقۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ لازا، سامساق، پىياز، پاقا، قاتارلىق سېسىق پۇرايدىغان ھەم ئاچچىق نەرسىلەرگە ئوقۇلىدۇ ياكى دەم سېلىنىدۇ. لېكىن «ئىسسىتقۇ» بىلەن «سوۋۇتقۇ» بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى، ئەمما قىسمەن ۋاقىتلاردا ئىككىسىنىڭ تەڭ قوللىنىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

(5) ئىسسىتقۇ ۋە سوۋۇتقۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەرتلىرى: بىرىنچى، سېھىر قىلىنغۇچىدىن مەخپىي تۇتۇش شەرت. خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا چوقۇم سېھىر قىلغۇچى سېھىر قىلىنغۇچىدىن مەخپىي تۇتۇشى كېرەكلىكى، ئەگەر بۇ خىلدىكى سېھىرنى سېھىرلەنگۈچى بىلىپ قالسا سېھىرنىڭ ھېچبىر كۈچى بولمايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، سېھىرگەر ياكى ئىشق سېھىرنى ئىشلەتكۈچى پاك بولۇشى شەرت. بۇ خىلدىكى سېھىرگەرلىك تونۇشتۇرۇلغان رىسالىلەردە ۋە پۈتۈكلەردە شۇنداقلا خەلق ئىشەنچىسىدە بۇ خىل سېھىرنى ئىشلەتكۈچى پاكىز ھالەتتە سېھىر قىلىش زۆرۈر دەپ ئىزاھلانغان، ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ خىل تۇمارنى ئېلىپ يۈرگۈچىنىڭمۇ پاك بولۇشى تەلەپ قىلىنغان؛ ئۈچىنچى، ئىشلىتىلگەن دورىلارنىڭ تەسىرى ئۆتكۈر بولۇشى شەرت. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل تۇمارلارنى پۈكۈشتە تەسىرى ئۆتكۈر «دورىلار» ئىپار، زەپە، ناۋات، شېكەر، خورما، لازا، سامساق، پىياز، پاقا قاتارلىقلار سۈرتۈلگەن ۋە ئىشلىتىلگەن، كۈچلۈك غىدىقلىغۇچى تەسىرىگە ئىگە نەرسىلەر دەپ قارىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا كاككۇك قونغان تالغا ئوقۇپ قارشى ئوبيېكتنىڭ ئۆتەر يولىغا كۆمۈپ قويۇش ياكى سېھىر قىلىنغۇچىنى شۇ تال بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ۋە جۈمە كۈنى كاككۇك قۇسقان قاننى ئېلىپ ئۇنىڭغا دەم سالغۇزۇش قاتارلىق بىر قانچە خىل دورا ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى بار.

بۇ يەردىكى ئىسسىتقۇ ۋە سوۋۇتقۇ پەقەت بىر خىل ئۇچۇر بەلگىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يەككىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئەپسۇننىڭ ياكى تۇمارنىڭ كۈچىدىن ئەمەس.

### 3) ئىپتىدائىي چوقۇنۇش مەنبە قىلىنغان تۇمارلار

(1) تەبىئەتكە چوقۇنۇشنى مەنبە قىلغان تۇمارلار. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە «كۆك تەڭرى»دىن قالسا، يەرنى «يەر ئانا» دەپ ناھايىتى خاسىيەتلىك، پاك ھېسابلاپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن. مەسىلەن، «تۈنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا: «تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر ـ سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ، بىز نېمىشقا تىزىپ كېتىمىز»[5]، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»دا: «يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم»[6] دېگەن بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. مانا شۇ خىل مۇقەددەس دەپ بىلىشنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەر ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندا «كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەرنىڭ توپىسى» دەپ ئۆز يۇرتىنىڭ بىر سىقىم توپىسىنى كىچىك خالتىغا چېگىپ، تۇمار قىلىپ بوينىغا ئېسىۋېلىش، يۇرتىنى سېغىنغاندا، ئۆز يۇرتىنىڭ توپىسىنى تۇتىيا دەپ كۆزىگە سۈرتۈش، ياقا يۇرتتا تۇرۇۋاتقان ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىگە خالتا ئەۋەتكەندە، بىر سىقىم توپىنى خالتا قىلىپ ئەۋەتىش مانا مۇشۇ قاراشنىڭ جۈملىسىدىن.

(2) تۇتېمىزم مەنبە قىلىنغان تۇمارلار. تۇتېم-بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ[7].

تۇتېمىزم ھادىسىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇرۇق ۋە قەبىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە بولۇپ، تۇتېمىزم چۈشەنچىلىرىدىكى تۇتېم ئوبيېكتلىرى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىدىكى ئۆزلىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئۆز ھامىيسى بولۇپ، مەلۇم مەنپەئەت كۆرسەتكەن ھايۋانات، دەل-دەرەخ ياكى ئۇچار قۇشلاردۇر. بۇلار ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان بولۇپ، بۇ خىل ئادەتلەر ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى مەيلى چوقۇنۇش ياكى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن بولسۇن يانلىرىدا ئېلىپ يۈرۈشكە

ئادەتلەنگەن.

بىز ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق كىشىلەرنىڭ بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى، قۇشلارنىڭ تىرناقلىرىنى بويىنىغا ئېسىۋالغانلىقىنى، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىپ، تۇمار ياساپ بوۋاقلارنىڭ بۆشۈكىگە ئېسىپ قويىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ بۇ تۇمارنى بويۇنلىرىغا ئېسىۋالغانلىقىنى ھەم يانلىرىدا ئېلىپ يۈرۈيدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىلارنىڭ بۆشۈكلىرى ئاستىغا، ئۆينىڭ بولۇڭ-پۇشقاقلىرىغا ئادىراسمان، ئالما قېقى، چاكانىدا قاتارلىقلاردىن ئىسرىق سېلىش، يامان كۆزلەردىن ياندۇرىدۇ دېگەن ئەقىدە بىلەن بالىلارنىڭ پوسىمىسىغا ياكى كىيىمىنىڭ ياقا-قولتۇقلىرىغا توققۇز تال ياكى يەتتە تال سىياھدان تىكىپ قويۇش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى دەل تۇتېمىزمنى مەنبە قىلغان تۇمار شەكلىدىندۇر.

**4) ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش مەنبە قىلىنغان تۇمارلار**

ئەينى دەۋردە كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا ئومۇمىي جەھەتتىن ئادەم ئۆلسىمۇ روھ ئۆلمەيدۇ دېيدىغان قاراش بار بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئەرۋاھلىرى تىرىك روھ سۈپىتىدە قارىلىپ، چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. بارا-بارا بۇ خىل روھلار تەرەققىي قىلىپ كىشىلەر نەزەرىدىكى قوغدىغۇچى ئىلاھقا ئايلانغان. كىشىلەر بۇ روھلارنىڭ مەۋجۇت ۋاقتىدا ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ نەرسىلەر بارا-بارا كىشىلەر نەزەرىدە ئىلاھىي بۇيۇمغا يەنى تۇمارغا ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن: لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئۆلگۈچى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن يۇرت ئاقساقاللىرىدىن بولسا، ئۇنىڭ سۆيىگە كىرگۈچى (جەسەتنى يۇيغۇچى) كىشى ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇشتا قول بارماقلىرىغا قاپچۇق سېلىپ يۇيىدۇ. بۇ قاپچۇقلارنى ئۆلگۈچىنىڭ بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تۇمار قىلىپ ساقلاشنى، كۆزى ئاغرىپ قالغاندا ياكى بېشىغا كۈن چۈشۈپ، ئۇنى سېغىنغاندا كۆزىگە سۈرتۈشنى ئادەت قىلغان. بۇ خىل تۇمارلار دەل ئەجدادلارنىڭ روھىغا تېۋىنىشتىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەجدادلاردىن ئۈدۈم ئېلىش خاراكتېرىدىكى تۇمارلارمۇ بار بولۇپ، بۇ خىل تۇمارلارنى كۆپىنچە ياشلار ئەقىللىق بولۇشنى مەقسەت قىلىپ ئاسىدۇ. بۇنىڭدا يۇقىرىدا مىسال قىلغان نورۇز بايرىمىدىكى «تۇمارلىق ئېلىش» ئويۇنىدىكى شېئىر-نەزمە ئوقۇش مۇسابىقىلىرىدە ئەلا باھالىنىپ تاللانغان كىشىلەردىن ئۈدۈم ئېلىش، ئۇلارغا ئوخشاش ئىقتىدارلىق بولۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ كېيىنكى كۈنلەردە شۇ يۇرتتىكى بىلىملىك ئالىم، ئۆلىمالاردىن بىر ئىشتا ئۆزىگە مەدەتكار بولۇشنى، ئۇلارغا ئوخشاش ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇلارغا تۇمار پۈككۈزۈپ، ئۇنى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر سۈپىتىدە ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ دەل ئەجدادقا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان تۇمارلاردۇر.

دېمەك، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە ئىلمى ئىچىدىكى تۇمار مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى، گۈزەللىك قارىشى ۋە پسىخىكىسى بىلەن بىرلىشىپ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدا بولسۇن، خەلق ئارىسىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. تۇمارنىڭ ئەنە شۇ ئۆتمۈش دەۋردىن تاكى ھازىرغىچە ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېلىشى، ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى، بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي مۇھىتى، گۈزەللىك قارىشى ۋە ئېپتىدائىي پسىخىكىسىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار


[1] ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1993- يىلى 4- ئاي نەشرى، 235- بەت.

[2] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984- يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى، 901-بەت.

[3] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1ـتوم 499ـبەت.
[4] مالىنوۋسكىي(ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى»[M]، ئىتتىپاق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1989ـ يىلى نەشرى، 398ـبەت.
[5][6] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1983ـيىلى نەشرى، 59ـ115ـبەت.
[7] ئىسمەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 2001ـيىلى نەشرى، 10ـبەت.

## پايدىلانمىلار

1. راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم» [M]، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.
2. ئابلىمىت ئۆمەر بىلگ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» [M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008ـ يىلى 4ـ ئاي نەشرى.
3. يې مىڭجيەن: «جوڭگو تۇمارلىرى»[M]، گۈلزارلىق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1983ـ يىلى 7ـ ئاي نەشرى.
4. ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار: «مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزم ۋە شامان ئېتىقاد ئىزلىرىغا نەزەر» [J]، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994ـ يىلى 3ـ سان.
5. ئەنۋەر سەمەد غەربىي: «ئۇيغۇرلاردا ئىشقىي سېھىرگەرلىك»[J]، « شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003ـ يىلى 1ـ سان.
6. ئامىنە مەخمۇت: «ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپـ ئادىتىدىكى بەزى ئىپادىلىرى توغرىسىدا» [J]، « شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992ـ يىلى 3ـ سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2012) 01 ـ 079 ـ 05

# ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى توغرىسىدا*

نۇرگۈل قادىر
(سانجى ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، سانجى. 831100)

قىسقىچە مەزمۇنى : ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى بىباھا ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگە. مەزكۇر ماقالىدە ئالدى بىلەن نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرئەل نەغمىلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى، تارىخىي، مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىممىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ. ئاخىرىدا زامان تەلىپى بويىچە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

**摘要**: 维吾尔民间艺术的各种特点在维吾尔文化中具有重要地位，本文中首先重点讲述维吾民间艺术的审美价值，历史文化价值和经济价值。最后，公认了提高维吾尔民间艺术的价值问题。

**Abstract**: Uyghur folk art occupies an important position in Uyghur culture. In this paper the aesthetic values, historical and cultural values as well as the economic values of Uyghur folk art are putted forward. And give a suggestion to increase the valvue of Uyghur folk art.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G45 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار ناخشا ـ مۇزىكىغا ھېرىسمەن مىللەت بولۇپ بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سەنئەت مەدەنىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى بۇنىڭ تىپىك نامايەندىسى.

مۇقام ـــ ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئەل نەغمە ئاھاڭلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تۈرلۈك چوڭ ـ كىچىك ھېيت ـ بايرام، مەشرەپ، بەزمە ـ باراۋەتلەر، كوچا ـ كويلاردا، چايخانا، ئاشخانىلاردا، يېزا ـ بازارلاردىكى يەرمەنكە، بازار كۈنلىرىدە، ئېشەك ھارۋىسى ئۈستىدە، كارۋان سەپىرىدە، گۈلخان چۆرىسىدە ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى ياڭراپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ئەل ئىچىدىكى قائىدە ـ يوسۇن، مۇراسىملار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنى ئورۇنلاشتا ھەر خىل چالغۇلارنىڭ رولى ناھايىتى موھىم بولۇپ، چالغۇسىز مىلودىيە كۈي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىز شىنجاڭدىن تېپىلغان خوتەن كۆپ پارچىلىرىغا قاپارتما شەكلىدە ئىشلەنگەن چالغۇلار، مارالبېشى توققۇز ساراي، كۇسەن، شورچۇق، قوچۇ، دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان، يازما مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان چالغۇلارغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا شىنجاڭنىڭ بىقىياس چالغۇ مۇزېيى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئەلۋەتتە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي تۇپراق ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەردە ۋە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان تاشكېمىرلەردىكى تام رەسىملەر، قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا «غەربىي دىيار» دەپ ئاتالغان شىنجاڭدا بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى يەنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا ناھايىتى كۆپ كامالچىلىق چالغۇلار ۋە پۈۋلىمە چالغۇلار بولغان[1]. ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى چالغۇلار (توغرا سۇناي، نەي، بالىمان، سۇناي) تا ھازىرغىچە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان

---

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: نۇرگۈل قادىر(1966 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، مۇزىكا ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بولسا، يەنە بەزى چالغۇلار (راۋاب، تەمبۇر، ناغرا قاتارلىقلار) ئازراق ئۆزگەرگەن ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالغان. يەنە بەزى چالغۇلار بولسا (غەربىي دىياردا بىرقەدەر ئەۋج ئالغان غۇڭقا، تىزمانەي) تەدرىجىي يوقىلىپ كەتكەن. يەنە بەزى يېڭى چالغۇلارنى بولسا ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان ياكى باشقا دۆلەت، رايون ۋە باشقا مىللەتلەردىن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن. «جىن كىتابى مۇزىكا تەدبىرى» دېگەن ئەسەردە: «جاڭ چيەن غەربىي رايوندىن خۇلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ نەي، داپ قاتارلىق چالغۇلىرىنى، كۇچانىڭ ‹موقتۇل› نەغمىسى قاتارلىق ئاھاڭلىرىنى ۋە ئۇلارنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئېگىلەپ كەتكەن» دەپ يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 2000 نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 1. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى

سەنئەت ئىدىئولوگىيەگە تەئەللۇق بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇ سېزىم ۋە ھېس-تۇيغۇ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، كىشىلەرگە بىر خىل يېقىملىق زوق ئاتا قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ ئۆزگىچە مۇزىكا مېلودىيەسى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن يېقىملىق مۇزىكا تۈسى جاھان ئەھلىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى يېڭىچە تۇيغۇغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم، مۇزىكشۇناس ئەبۇنەسىر فارابى «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سازاندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا: «... يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى، مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىز» دەپ يازىدۇ. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىدە ئىپادىلىنىۋاتقان مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك ئاڭلىغۇچىنى گاھ ئۆتمۈشنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە باشلاپ كىرسە،گاھ گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرغا باشلاپ ئۇلارنى بۇ كۈيگە قاتتىق مەھلىيا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى ھەم يىلتىزى بولغان ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرى مۇزىكا تەڭكەش قائىدىلىرى، مۇزىكا چېلىش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ئامىللىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرماقتا. ئۇلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشنى ئۆز رولىدا نامايان قىلىپ ۋە تولۇقلاپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل نەپىس چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇنلىنىپ، ئۆزى تەۋە بولغان قەۋمنىڭ دىلىنى، تىلىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى، تۇرمۇش شارائىتىنى، يۇرت زېمىنىنى، پسىخىكىسىنى، ياشاۋاتقان مۇھىت- شارائىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ھېس-ھاياجىنىنى قوزغاپ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ۋە بىر ـ بىرىنى دوسلۇققا، ئالىيجاناپ خىسلەتكە ئۈندىشىدە مۇھىم قورال بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، رەزىللىك، خۇنۇكلۇكلەرنى قامچىلاپ، كىشىلەرنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر خەلق مۇزىكانتى (ئاتاقلىق راۋابچى) تاشۋاي ئۆزىنىڭ مۇزىكا تالانتى بىلەن مىللىي زۇلۇمغا ۋە ئەكسىيەتچى زالىملارغا قارشى خەلقنىڭ قەلب ساداسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك دەۋر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كەلگۈسىگە، بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان گۈزەل ئىستىكىنى ئىپادىلەيدىغان «تاشۋاي»، «ساپىيرىق»، «گۈندىپاي» قاتارلىق ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىپ ئورۇنلاپ، خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئەنە شۇ دەۋرلەردە «گۈلەمخان»، «ئەل ئامان»، «گۈليارىخان» قاتارلىق ناخشا-مۇزىكىلار، غۇلجىدا چېرىك مانجۇ خانلىقىغا قارشى ئىجاد قىلىنغان «سادىر پالۋان ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى»، «كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە خەلقنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى قەلب ساداسىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

ئۇزاق ئۆتمۈش جەريانىدىكى ئارزۇ-ئىستەكلىرى، قايغۇ-ھەسرەتلىرى، غەزەپ-نەپرەتلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان ئۇيغۇر 12 مۇقامى يۇكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ھەمدە مىللىي ۋە قەدىمىي تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، شۇنداقلا ئۆزگىچىلىكى بىلەن، دۇنياۋى كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشتى. مۇقاملاردىكى يۇرۇشلۇك نەغمىلەرنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، مۇزىكىلىق تاكتىكىلارنىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچانلىقى، ئاھاڭدارلىقى، قويۇق مىللىي پۇراققا ۋە ئۆزگىچە رەڭدارلىققا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭدىكى گۈزەل، يېقىملىق مېلودىيە قۇرۇلمىلىرى، جەزبىدار مۇزىكىلىق مىسرالىرى بىلەن ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت، سەنەملەرنىڭ مىللىي چالغۇلار ئارقىلىق بىر گەۋدىلەشكەنلىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يۇكسەك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى يېقىملىق، جىددىي، رېتىملىق ئاھاڭلار بىلەن ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن چېۋەر سەنئەتكارلارنىڭ ئەركىن، شوخ، ئازادە، ئۆزگىرىشچان ئورۇنلاش ماھارىتى بىرلىشىشى ئاساسىدا، گۈل ئۈستىگە گۈل قوشۇلغاندەك ئاجايىپ زور بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھاسىل قىلىدۇ. يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا مىللىي چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ كۈي ھاسىل قىلىش، مۇزىكىلىق ئېستېتىك تەسىرلەندۈرۈش جەھەتتىكى قىممىتى ۋە رولى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ نۆۋەتتىكىدەك دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتى

ئەل نەغمە ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن تارىخىنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆتمۈشنىڭ قىممەتلىك جاۋاھىراتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. ئىنسانلار بۇ جاۋاھىراتلاردىن ئۆزلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا ۋە جاھان سەنئەت مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار، يازما خاتىرىلەر، تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى، تاشكېمىر تام رەسىملىرى، رۇسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ مۇزېيلىرىدىكى ئەۋرىشكىلەردە روشەن ئىپادىلەندى.

ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى قەدىمىي سەنئەت مەركەزلىرىنىڭ ئۇچىقى بولغان بۇ مۇقەددەس زېمىندا ئاپىرىدە بولغان ۋە بېخ ئۇرۇپ راۋاجلانغان. شىنجاڭ رايونى تارىختا يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، مەملىكەتلەر ئارا سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يوللىرى ئارقىلىق داۋام قىلغان بېرىش - كېلىشلەر غەربىي رايون مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت- سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر سەنئىتىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئالايلۇق، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلى) «ئۇدۇن نەغمىلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كۆپلەپ كىرگەن ھەمدە ئوردىلاردا ئوينالغان. جەنۇب-شىمال سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا «كۇسەن نەغمىلىرى»، «كاڭگۇ-سەمەرقەنت نەغمىلىرى» قاتارلىق نەغمىلەر شۇ جايلارنىڭ ئاتاقلىق نەغمىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كۆپلەپ كىرىپ، ھەممە ئادەم ياخشى كۆرۈپ ئاڭلايدىغان، ئۆگىنىدىغان يۇقىرى قىزغىنلىق ۋە دولقۇن كۆتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ سۈي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 581- 618 -يىللىرى) دىكى «يەتتە قىسىملىق مۇزىكىلار»، «توققۇز قىسىملىق مۇزىكىلار» ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 618-908- يىللىرى) دىكى «ئون قىسىملىق مۇزىكا» لار ئىچىدە غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە داڭ چىقارغانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋەكىللىكىدىكى داڭدار مۇزىكىلىق ئەسەر، ئەلنەغمىلەردىن «كۇچا ئەلنەغمىسى»، «ئېۋىرغول ئەلنەغمىسى»، «بېشبالىق ئەلنەغمىسى»، «تاشبالىق ئەلنەغمىسى» دىن باشقا، «ئۇچ كۆك تۈرك قوشىقى» (ئاقسۇ)، «يېشىل پوتا نەغمىسى»، «قىيىق تاش»،

«قەشقەر تۈزى»، «بوستانگاھ»، «زىنگولە» (ئۇسسۇل مۇزىكىسى)، «تۇرپان بۇددا نەغمىسى»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» (تۆت ئارىيە 11 ئۆزگىرىشلىك) ۋە شادىيانە قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندە ئوينالغان ھەمدە «ئەتىۋارلىق سەنئەت» تۇرلىرىنىڭ دۇردانىسى سۈپىتىدە مەشھۇر بولۇپ، پادىشاھلىق ئوردىلىرىدا مۆتىۋەر ئورۇننى ئىگىلىگەن، شۇنداقلا ئوردا ئوركېستىرىنىڭ دائىملىق سەنئەت نومۇرلىرى ھېسابلىنىپ، مەھەللە، كوچا-كويلارغىچە تارىلىپ، ئومۇم ھەۋەس قىلىدىغان، قىزىقىپ ئۆگىنىدىغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە بارلىققا كەلگەن.

بۇ ھەقتە تاڭ شائىرى يۈەن جىنىڭ مۇنۇ گۈزەل مىسرالىرى ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى جۇلاسىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز-چوكانلار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سۇمرۇغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى، ياڭراتتى بىر سالقىن ھامان.»[1]

دېمەك، سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى زور دەرىجىدە گۈللىنىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئاساس، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرى قوشۇمچە، ھىندىستان، كورىيە ۋە ھىندونوزىيە مۇزىكىلىرى ئاخىرقى رەتكە تىزىلغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى يەنە قوشنا ئەللەردىن كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ سەنئىتىگە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ھېلىھەممۇ ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە كەڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشىشى ھەمدە دۇنيانىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى ئۇيغۇر 12 مۇقامىدا ئىلمىي ئاساستا سىستېمىلاشقان ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن قىممەتلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى تېخىمۇ يۈكسەك قىممەتكە ئىگە قىلدى. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ياشاش مۇھىتى غايىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە، تا ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ يېقىملىق كۈيىدىن تارىختىن تەۋەرۈك بولۇپ قالغان ساداسىنى پەرق ئېتىشكە بولىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

ھەرقانداق بىر مەۋجۇت نەرسە ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولىدىكەن ئۇ چوقۇم مۇئەييەن دەرىجىدە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرى ئۆزىدىكى مول مۇزىكىلىق ئېلېمېنتلار ۋە مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى بىلەن خېلى زامانلاردىن بۇيان يالغۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئەل خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيەسى ئۇنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى بەلگىلىگەن.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى ئېھتىياجغا بولغان تەلەپ كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلغان كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتىكى فۇنكسىيە ئەۋزەللىكى نەتىجىسىدە نەغمىچىلەرنى نوقۇل سەھنىلەردىكى پائالىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ تۇرمۇشقا ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگىچە سىڭدۈرۈشكە مەجبۇر قىلماقتا.

ئۇندىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىز ھاۋاسى ساپ، گۈزەل تاغۇ-دەريا مەنزىرىلىرىگە باي، شۇنداقلا قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىدە قىممەتلىك تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملىگەنلىكى بىلەن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار بۇ جاينىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ۋە مول مەزمۇنلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قانائەتلەندۈرگەندىن سىرت، «شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامىنىڭ تەسىرىدە شۇنداقلا ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىدىن

ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، يېقىملىق ۋە مول مەزمۇنلۇق ئۇيغۇر سەنئىتىگە مەستانە-مەستخۇش بولۇش بىلەن بىللە، بۇ ق نامغا چىن دىلىدىن قايىل بولدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى قايتىشىدا بۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە، ئېلىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان تۇرلۇك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئۆزىنىڭ كۆركەم ۋە نەپىسلىكى شۇنداقلا قەدىمىيلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال دىققىتىنى تارتىدۇ-دە، بۇ چالغۇلارنى ئېلىۋالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ ساندىكى ساياھەتچىلەرنىڭ تۇركۇم-تۇركۇملەپ رايونىمىزغا كېلىپ-كېتىپ تۇرۇشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى مەملىكەت ئىچى ۋە دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىيالا قالماستىن، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتىكى يېڭى بىر يولى بولۇپ قالدى.

دېمەك، ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرى ئۆزىدە ھازىرلىغان كۆپ تەرەپلىمە قىممەتلىك ئەۋزەللىكلىرى نەتىجىسىدە زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ ئاز بولمىغان كىشىلەرنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ نەتىجىلەر يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرى زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىزنىڭ بۇلىقى دېسەك ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ نۆۋەتتە دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن ئۇچرىشىشى پەقەت ئۇنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشىدىن نامايان بولغان جەۋھەرلىرىدۇر. ئۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ مۇكەممەل يوسۇندا يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىش ۋە زور كۈچ بىلەن قېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدە، جۈملىدىن خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋر تېمىسى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنى يېڭى بىر تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى پۇرىقىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، تېخنىكىلىق ئامىللارنىڭ تۇرتكىسىدە ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇش، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. بۇ خىل يۈزلىنىش ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى، مەدەنىيەت قىممىتى شۇنداقلا ئىقتىسادىي قىممىتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۈچەيتىپ بىر ـ بىرىنى قۇۋۋەتلەش تىپىدىكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

ئۇيغۇر 12 مۇقامى نۆۋەتتە دۇنياۋى كاتتا شۆھرەت قازىنىپ خەلقئاراغا تونۇلماقتا. بۇ يالغۇز ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا تۇرتكە بولماستىن، بەلكى ئاشۇ مۇقاملارنىڭ پۇتمەس-تۈگىمەس بۇلىقى بولغان ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا تۇرتكە بولۇشىدا ئەۋزەل شارائىت ھازىرلىدى.

## ئىزاھلار

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» ، 14 ـ بەت.

## پايدىلانمىلار

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىل 4-ئاي 1- نەشرى.
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹12 مۇقام› ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل 3- ئاي 1 ـ نەشرى.
3. گۈلجەمىلە قادىر: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى»، شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى، 1998-يىل 2-سان.
4. جەمىلە: «ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەنئەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا»، شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى، 1992-يىل 2- سان.

جاۋابكار مۇھەررىرى : قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

第 33 卷第 1 期 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 33 ـ يىللىق 1 ـ سان
2012 年 3 月 | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 084 ـ 01 (2012) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىراماچىلىقى توغرىسىدا*

بارات تۇرسۇنباقى

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، خوتەن. 848000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا دىراما بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ژانىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن مەشرەپ، ئېيتىشىش قاتارلىقلارمۇ كۈچلۈك دىراماتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇددا دىنى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا دىرامىچىلىق مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى بىر ئىزدا توختاپ قالغان ياكى تەرەققىي قىلالمىغان. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، ئېلىمىزدىكى ياشلار ھەرىكىتى قاتارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن ئاقارتىش پائالىيەتلىرى دىرامىچىلىقنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچقان. بۇ ماقالىدە مۇشۇ دەۋردە، يەنى 1919 ـ يىللاردىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى دەسلەپكى ئاساسلىق شەرھلىنىدۇ ۋە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要**：维吾尔话剧在维吾尔文学史上是具有较长历史的一个体裁。维吾尔传统的麦西来甫歌舞娱乐形式、对唱等，也具有较强的戏剧特点。在信仰佛教的时期，虽然维吾尔话剧有过一定的发展，但随着伊斯兰教的普及，使维吾尔话剧长期处于停滞不前的状态。在俄罗斯的十月革命、特别是我国青年运动等革命运动的影响下，在新疆出现的新文化启蒙运动揭开了维吾尔话剧的新篇章。本文主要阐述和介绍 1919 年至 1949 年时期维吾尔话剧的基本状况。

**Abstract:** Drama has a relatively long history in Uyghur literary history. There are many Uyghur performance genres that incorporate a strong dramatic element, including Meshrep, song contests, and others. Although dramaturgy was relatively developed during era in which Buddhism prevailed among Uyghurs, Uyghur drama was stagnant or failed to develop once Islam had spread among the population. A new page was opened on drama in Xinjiang by the enlightenment movements following the October Revolution, the New Youth Movement, and various other revolutionary events. This article provides a preliminary outline of Uyghur dramaturgy in that era, namely 1919-1949.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I29 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا دىراماتورگىيە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھازىرغىچە ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئەلنەغمە ئويۇنى، مەدداھلىق قىسسەلىرى، پېرىخونلۇق، دارۋازلىق، مەسخىرەۋازلىق ئويۇنلىرىدا، لەپەر، ئېيتىشىش قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىدە ئىپادىلەنگەن دىراماتىك ئامىللاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ دىرامىچىلىقى ناھايىتى يىراق زامانلارغا تۇتىشىدۇ. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىردەك 7 — 8 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا چىققان دەپ قارىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ 27 كۆرۈنۈشلۈك چوڭ تىپتىكى دىراماسى «مايتىرى سىمىت» تىن ھېسابلىغاندىمۇ ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئەپسۇسكى ئىسلام ئىدېيولوگىيەسىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى سەنئەت تۈرى بىر ئىزدا توختاپ قالغان. يەنى ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى تەخمىنەن 10 ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قېلىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىدا بىرقىسىم دىراماتورگلار، رېژىسسورلار، ئاكتيورلار مەيدانغا چىققان، نەچچە ئون دىراما ئوينالغان. ئۇيغۇر

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: بارات تۇرسۇنباقى( 1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مائارىپ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

دىرامىچىلىقىنىڭ بوگۇنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ هەر قايسى جايلىرىنى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئوت يالقۇنى قاپلىدى. 1911-يىلى 2-ئايدىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى، 1912-يىلى 1-ئايدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1912-يىلى 3-ئايدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچىنى نامايەن قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جاھانگىرلىك ، فېئودالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن «4-ماي» هەرىكىتى شىنجاڭغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب ئوتىنى يەنىمۇ ئۇلغايتتى ۋە كېڭەيتتى. سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەشلەرنىڭ كۈنسايىن ئۇلغىيىپ بېرىشى، شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى بىلەن سودا - سېتىقنىڭ كۈنسايىن راۋاجلىنىشى، هاكىمىيەت سىياسىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئالمىشىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ نامايەندىلىرى ئالدى بىلەن شېئىرىيەتتىن باشلاندى. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئىجادىيەتنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر تۈركۈم ۋەكىللىرى بارلىققا كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇقادىر داموللا، ئىسمايىل هاجى، ئابدۇللا هاپىز، قۇتلۇق شەۋقى، نىمشېهىت، ئابدۇللا سادىق، ئەخمەدى، ئارۇپ قاسىمى، مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى، ئەنۋەر ناسىرى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار ئارقا - ئارقىدىن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى.

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، شىنجاڭدا ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەي 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى ئۈرۈمچى سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ ئەسلىدىكى دۇبەن جىن شۇرېننىڭ ئورنىغا چىققاندىن كېيىن هەربىي، ماددىي ئەشيا ۋە مائارىپ قاتارلىق جەهەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ئۇنىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشىغا ياردەم قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە قەرز بېرىش ئارقىلىق شېڭ شىسەينىڭ ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشىغا ياردەم بەردى هەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلىرىنى شىنجاڭغا بېرىپ شېڭ شىسەينىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ، «ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇش»، «خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش»، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش»، «مىللەتلەر باراۋەر بولۇش»، «پاك بولۇش»، «تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويدى هەمدە هەر خىل ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قورۇشقا بۇيرۇق بەردى. ماۋ دۇن، جاڭ جۇڭشى، دۇ جۇڭيۈەن، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، جاۋ دەن قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە داڭلىق سەنئەتكارلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئىلگىرى كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەملەشتى هەمدە مۇهىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر هازىرقى زامان دىرامىچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. شىنجاڭ بويىچە گومىنداڭ مىللىتى (ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن ئاق ئورۇسلار) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 14 مىللەت ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇردى، هەر قايسى ئۇيۇشمىلار ئۆز مىللىتىنىڭ نوپۇس سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن جايلاردا تارماق ئۇيۇشمىلارنى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇر مىللىتى 60 دىن ئارتۇق شۆبە ئۇيۇشما قۇردى. بۇنىڭ بىلەن 1934-يىلى 1-ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»، 5-ئاپرېلدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يېرىم هۆكۈمەت، يېرىم پۇقراۋى تەشكىلات بولۇپ،

ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى، ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەنىلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتى ئىدى. ئۇنىڭ خىراجىتى ئاساسلىقى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى ئىشلەپچىقىرىش دارامىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان زاتلارنىڭ ئىئانىسىدىن كېلەتتى، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلار، مەسىلەن، كاتتا سودىگەر، چوڭ بايلار، ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە دىنىي زاتلار ئىدى. مەكتەپ، ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىش، كۇتۇپخانا، كۇلۇب سېلىش قاتارلىقلار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى.

«ئۇيۇشما» دەپ ئاتالغان بۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قارمىقىدا «سانائىنەپىسە» (سەنئەت ئۆمىكى) تەسىس قىلىنىپ، ئۇرۇمچىدە مەركىزىي بۆلۈمى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەردە شۆبىلىرى قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇشى بىلەن، مەركىزىي سانائىنەپىسەدىن تارتىپ جايلاردىكى شۆبە ئۆمەكلىرىگىچە ناھايىتى تېز جانلاندى. ئۆمەكتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن كونسېرت نومۇرلىرىدىن باشقا، كىچىك ھەجىمدىكى دراما، كومېدىيەلەرمۇ ئوينالدى. شۇنداق قىلىپ 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تىياتىر پائالىيىتى جانلىنىپ كەتتى. ھەر قايسى جايلاردا ئويۇن قويىدىغان كۇلۇب ـ زاللار سېلىندى.

بۇ مەزگىلدە ئۇرۇمچى بىلەن تەڭ قاتاردا ئىلى، چۆچەك ۋىلايەتلىرىدىمۇ دراما ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. چۈنكى، ئەينى دەۋردە شىنجاڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدا بىر قەدەر قولايلىق بولغان سودا كارۋان يولى بار بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئۇ يەردىكى ئىلغار ئىدىيە باشقا جايلارغا قارىغاندا بۇ يەرلەرگە بۇرۇنراق تارقالغان، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن زىيالىيلارمۇ بۇ جايلاردا كۆپرەك ئىدى. شۆڭلاشقىمۇ «غۇلجىدا سانائىنەپىسە 1934 ـ يىلى قۇرۇلدى». بۇ يەردىكى دىرامىچىلىقنىڭ ئەينى چاغدىكى تەشكىللىگۈچىلىرى مەمتىمىن خەلپەتھاجى، تېيىپ ھاجى، شائىر ۋە ئارتىس قاسىمجان قەمبىرىيلەر ئىدى. بۇ دەۋردىكى دراما ئىشلىرى ئەزەلدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ كەلگەن قەشقەر ۋە يەكەنلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك راۋاجلانغان ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇللا تۇردى، ئەمەت چاڭچى، ئابدۇراخمان ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن 1934 ـ يىلى قەشقەردە سانائىنەپىسە قۇرۇلدى. 1935 ـ يىلى قومۇلدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. دەسلەپتە قومۇل بازىرى يۇقىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇكېرىم ئىمام ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولدى. 1935 ـ يىلى مەمتىلى ھاجى، ھەبىبۇللا ئەپەندى، ئەخمەت ۋاجىدى، ناسىر ئاخۇن ئاكا، ئابدۇروسۇل ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ھوشۇر، غوپۇر قارى، سىراجىدىن زەپەر قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرپاندىمۇ سانائىنەپىسە قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەك «جاھىل ئاتا»، «ئىتتىپاق تالىشىش»، «يېتىم قىز»، «قۇتۇلدۇق»، «يەڭ سودىسى»، «شەرۋانىخان» ... قاتارلىق درامىلارنى كوللېكتىپ ئىجاد قىلىپ ئوينىدى. خوتەننىڭ تىياتىر ئىشلىرى باشقا ۋىلايەتلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر كېيىنرەك بارلىققا كەلدى. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلاردىن ئەخمەتجان ھاجىم، مەمتىمىن ھېلىموف، ھاجى خانىم، ھۈسەيىن ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خوتەن سانائىنەپىسەسى قۇرۇلدى.

دېمەك، 1934 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇرۇمچىدە قۇرۇلغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەركىزىي مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»نىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تىياتىرچىلىق ئىشلىرى ئوخشىمىغان سەۋىيەدە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە مەيلى دراما، ئۇسسۇل، مۇزىكا ساھەسىدە بولسۇن، مەيلى يېزىقچىلىق، رېژىسسورلۇق ساھەسىدە بولسۇن، گەرچە كەسپىي جەھەتتە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەنلەر ساناقلىقلا بولسىمۇ، ئەمما، ھەر قايسى جايلاردا بۇ ئىشقا قىزىقىدىغان ھەۋەسكارلار سانىنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە بىر قەدەر ئەمەلىي سەۋىيەگە ئىگە بىر تۈركۈم

سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقتى.

تۆۋەندە مۇشۇ دەۋردە شىنجاڭدا كۆپرەك ئوينالغان درامىلار ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىمىز:

1) ل. مۇتەللىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بايراقدار شەخس بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئىجادىيەت ھاياتىدا شېئىر، ھېكايە، فېليەتون، دراما قاتارلىق ژانىرلاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1940- يىلىدىن 1945- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «چىمەنگۈل»، «چىن مودەن»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «كۈرەش قىزى»، «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «نۇرلۇق يولغا قەدەم» قاتارلىق بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە، خىلمۇخىل تېما ۋە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى بىر مۇنچە درامىلارنى ئىجاد قىلىپ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۆز دەۋرىدە ئىلغار بولغان مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانت ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ درامىلىرى ئەينى دەۋردە يالغۇز ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس، بەلكى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى چوڭ-كىچىك سانائىنەپىسەلەردە بەس-بەستە ئوينىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا، دۇنيا فاشىزمى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا، خەلقنى مىللىي زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا ۋە قالاق، چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى قوزغىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ دراما ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن ئاشۇ يىللاردا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش — پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق بۇرچى شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى. ئاشۇنداق ھايات-ماماتلىق پەيتتە ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن لۇتپۇللا سىياسىي مەۋقە ۋە قاراش جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم دراما-تىياتىرلىرىدا دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئىدىيەسى بىلەن روشەن مۇھەببەت-نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ «كۈرەش قىزى»، «چىمەنگۈل»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق ئوپېرالىرىدىن بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» ناملىق كومېدىيەسى، ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە چوڭقۇرلۇقى، كومېدىيەلىك تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام ۋە مۇكەممەللىكى، زىددىيەت-توقۇنۇشىنىڭ كەسكىنلىكى، قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈك، نەزىرىيەۋى ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن نادىر ئەسەردۇر. «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» ل. مۇتەللىپنىڭ 1942-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا يازغان درامىسى بولۇپ، بۇ درامىدا ئۇ، ئەينى دەۋردىكى خەلقنى نادانلىقتىن ئويغىتىش، خۇراپاتلىققا ئوت ئېچىپ، خەلقنى يېڭى ئىدىيە، يېڭىچە قاراشتا تەربىيەلەپ، ئىلىم-مەرىپە يولىغا باشلاشنى مەقسەت قىلغان. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى سامساق ئاكا ساۋاتسىز، ئاق كۆڭۈل دېھقان بولۇپ، ئازاب-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش شارائىتى سالامەتلىكىنى بۇزۇپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. سامساق ئاكىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن، جايلاردا ئېچىلغان يېڭى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ چىقىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆيگىنى مەريەممۇ يېڭى ئېچىلغان مەلۇم دوختۇرخانىدا دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىدۇ. بۇ ئىككىسى يېڭىچە پەن-بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى كېسەللىكنى داۋالاشنى كۆڭلىگە پۈككەن غايىلىك، ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ياشلاردىن بولغاچقا، توي قىلىش ئالدىدا سامساق ئاكىنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا نىيەت قىلىشىدۇ. لېكىن، خۇراپاتلىق، كونىلىق ئىدىيەسى سامساق ئاكىنىڭ قەلبىنى مەھكەم چىرمىۋالغاچقا، كۆزىنى يېڭىچە دوختۇرخانىدا داۋالاپ ساقايتىشنى خالىماي، خوتۇنى سارىخاننى ھەر تەرەپكە چاپتۇرۇپ، رەدنامە ئوقۇتۇش، دۇئا-تىلاۋەت قىلدۇرۇش،

چاچراتقۇ سالدۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. مۇھەممەت بىلەن مەريەممۇ بوش كەلمەيدۇ. ئۇلار دوختۇرخانىدىن قېچىپ ئۆيگە بېرىۋالغان سامساق ئاكىغا قايتا ـ قايتا تەربىيە قىلىپ، مىڭ بىر جاپادا يەنە دوختۇرخانىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، دادىسىنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىدۇ.

لۇتپۇللا «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» كومېدىيەسىدە يۇقىرىقىدەك ئاددىي ئەمما، تەسىرلىك ۋەقە ئارقىلىق ئاشۇ دەۋردە خەلقىمىز ئارىسىدا كەسكىن تۈس ئېلىۋاتقان يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى بىر قەدەر ياخشى ئىپادىلىگەن.

2) شۈكۈر يالقىن ھازىرقى زامان دىرامچىلىقىدا ئىنقىلابىي مەزمۇندىكى دىراما «شائىخەي كېچىسى» دىرامىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر دىرامچىلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان دىراماتورگ. 1936 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چۆچەككە كەلگەندە ئۇ يەردە تۇنجى سەھنە ئەسىرى «ئۆلۈم» ناملىق كومېدىيەسىنى يېزىپ دىراماتورگىيە سېپىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ چۆچەككە كەلگەن يىللاردا شىنجاڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى يېڭىدىن گۈللىنىشكە باشلىغان، ھەر قايسى ۋىلايەت ـ شەھەرلەردە قۇرۇلغان «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى»نىڭ ئىجابىي رول ئويىنىشى بىلەن دىرامچىلىق ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا يۈزلەنگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە «مەترېھىمبايىنىڭ تويى»، «ۋەتەن نومۇسى ئۈچۈن»، «كۈرەش»، «شائىخەي كېچىسى»، «مۇھىم ھۆججەت»، «يەتتىنچى ئوق»، «ئالدامچى» قاتارلىق دىرامىلىرىنى تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىدىكى داڭلىق شەخسكە ئايلاندى.

شۈكۈر يالقىن 1955 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تەھرىرلىك خىزمىتىگە يۆتكەلدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ «باھار»، «يالغۇز قىز»، «دەل توي كۈنى» دىرامىلىرىنى يازدى. شۈكۈر يالقىننىڭ بىر پۈتۈن دىراما ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ «دىرامىلار» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئالتە پارچە دىرامىسى ئىچىدە 1939 ـ يىلى يېزىلىپ چۆچەكتە چىقىدىغان «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سەھنىلەشتۈرۈلگەن ۋە باشقا تىللار (رۇس، خەنزۇ تىللىرى) غىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ ئوينالغان «شائىخەي كېچىسى» دىرامىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ دىراما 1982 ـ يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا قايتا ئېلان قىلىنغان. 1985 ـ يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك «سەنئەت غۇنچىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بىرلا پەردىدىن تەركىب تاپقان «شائىخەي كېچىسى» دىرامىسى ھەجىمىنىڭ قىسقىلىقىغا قارىماي، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، تېمىسىنىڭ ئاكتىپ، دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، شۇنداقلا سۇژېت قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا ۋە ئەپچىللىكى، پېرسوناژلىرىنىڭ ئاز ھەم سازلىقى، تىلىنىڭ ئۆتكۈر، ئوبرازلىق، جانلىق ئىكەنلىكىدەك بىر قاتار ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن دىراماتورگنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغان. بۇ ئەسەرنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر دىراماتورگىيەسىگىمۇ ۋەكىللىك قىلالايدىغان ياخشى ئەسەرلەرنىڭ بىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

دىرامىدا جىڭ گويى، جىڭ گوپىڭ، جىڭ گولەن قاتارلىق ئاكا ـ سىڭىللار بىلەن شائىخەينى بېسىۋالغان ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى ۋىتاكوا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە خىزمەتكارى لى مومايدىن ئىبارەت بەشلا پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان. ئەمما، بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، نۇقتىئىنەزەرى، ئوي ـ خىيالى، روھىي دۇنياسىدىن تارتىپ تاكى ئاددەتتىكى سۆز ـ ھەرىكىتىگىچە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بۇلار كىتابخان ۋە تاماشىبىنلارغا ئۆزگىچە تەسىرات بېرىدۇ. بىز ئەسەرنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا ۋىتاكوانىڭ يىرگىنچلىك تەلەتى، قانخورلۇقى، تويماس نەپسى؛ خائىن جىن گويىنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسى ۋۇجۇدىمىزدا ئىختىيارسىز يىرگىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئۆچمەنلىك ئوتىنى ئۇلغايتىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىنقىلابىي كۈرەشكە بېغىشلاپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان جىڭ گوپىڭ، جىڭ گولەندەك قەھرىمانلارنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتى بىزنى

تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىمىزنى كۈچەيتىدۇ. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ۋە سىنىپىي مەۋقەسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، ئەمما، كىشىگە ھەممىدىن بەك تەسىر قىلىدىغىنى يەنىلا جىك گويى ئوبرازىدۇر. جىك گويى ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا، ئەسلىنى ئۇنتۇپ، ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيەسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان شەرمەندە خائىن بولۇپ، ئۇ ۋىتاكۇانىڭ ياردىمىدە رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان بىر جۇڭگولۇق كاپىتالىستنىڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىگە بولۇۋالماقچى بولىدۇ. بۇ رەزىل نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز سىڭلىسى جىك گولەننى ۋىتاكۇا بىلەن بىللە يېتىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل رەزىل ئويۇنى ۋىجدانلىق قىز جىك گولەن بىلەن ۋەتەنپەرۋەر جىك گويىڭنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. جىك گويى ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى چوڭ ئوغۇللۇق ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئۇكىلىرىغا بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئەسلىدە جىك ئائىلىسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىمىزگە بېسىپ كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئائىلىسىنىڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن پۈتۈن بىساتىنى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە قىلىۋېتىدۇ. ياپون تاجاۋۇزچىلىرى شاڭخەينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئائىلىمۇ ۋەيران بولۇپ، ۋىجدانلىق ئاتا-ئانا ياپونلارنىڭ ئوقىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن جىك گويى ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مالىيىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ بېيىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، سىڭلىسىنىڭ ئار-نومۇسىنى ساتماقچى بولىدۇ. بۇنىڭغا قارشى چىققان بىر تۇغقان ئىنىسى جىك گويىڭنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئاپتور جىك گويىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا، ۋەزىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر قېزىش بىلەن ئەينى دەۋردە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەنە شۇنداق ۋەقە-ھادىسىلەرنى جىك گويى ئوبرازىغا يۈكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ پېرسوناژنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسى كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ئېچىلغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، «شاڭخەي كېچىسى» يالغۇز شۇكۇر يالقىنىنىڭ دىراما ئىجادىيىتىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىراماتورگىيەسىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. دىراما ئىجادىيىتىمىز تېخى ئەمدىلا راۋاجلىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان ئاشۇ دەۋردە، شۇكۇر يالقىنىنىڭ مىللىي تۇرمۇش دىرامىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاكتىپ تېمىدىكى بۇنداق رېئالىستىك دىرامىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى مەلۇم نۇقتىدىن بىزنىڭ ئاشۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر بۆسۈش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

3) بۇ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە ئوينالغان يەنە بىر دىراما ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» دىرامىسى. ئابدۇللا روزى 1920 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937- يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولغان. 1939-يىلى ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلار بىلەن تونۇشۇپ، گومىنداڭنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇستەبىتچىلىكىگە قارشى تۇرۇپ، يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت مەيدانىغا كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تىياتىر پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ دىراما ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تولۇقلىغان.

ئابدۇللا روزى 1945- يىلى 8 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، «ئۆگەي ئانا» ئوپېراسىنى ئويناپ بولۇپ قايتىش سەپىرىدە ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار يېزىسىغا بارغاندا قورچاق ساقچى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1945- يىلى 9- ئاينىڭ 18-كۈنى ئاقسۇدىكى

گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىكتە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن.

ئابدۇللا روزىنىڭ دەسلەپكى دىراما ئىجادىيىتى 1942 ـ يىلى ماناستا خىزمەت قىلىۋاتقاندا يازغان «تۆمۈرخان شادلاندى» دېگەن ئەسىرى بىلەن باشلانغانىدى. بۇ دىرامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەينى دەۋردىكى خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان نادانلىق، قاششاقلىق ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنى يېڭىلىققا ئۈندەش، مىللىي ئاڭنى ئويغىتىش ئىدى.

«ئۆگەي ئانا» دىرامىسىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىگە يېقىن مەلۇم بىر يېزىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دىراماتورگ ئابدۇللا روزى بىر ئىجادىيەتچىگە خاس ئۆتكۈر كۆز بىلەن، ئاشۇ رېئال ۋەقەنى دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ۋە تېخىمۇ تىپىكلەشتۈرۈپ، ئۆگەي ئانا توقاچخان بىلەن ئۇنىڭ ئۆگەي بالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشلار ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا چىدىغۇسىز ئازاب چېكىۋاتقان كەڭ ئېزىلگۈچى خەلق بىلەن زوراۋان ئەكسىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە كۈرەشنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۆگەي ئانا يېڭى ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئۆيدىكى تىنچ ياشاۋاتقان بالىلارنى ئارامىدا قويمايدۇ، ھە دېسە بالىلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ خورلايدۇ. ئادىلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۆز ئۆيىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ»، ئۆگەي ئانىدىن ئىبارەت بۇ «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ»، بالىلار سەرسان ـ سەرگەندانلىقتا ياشايدۇ. دىراماتورگ يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن توقاچخاندىن ئىبارەت زوراۋان ئوبرازنىڭ رەزىللىك ۋە ياۋۇزلۇقىنى شەپقەتسىز تۈردە پاش قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئادىل باشچىلىقىدىكى خورلانغان سەبىي بالىلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان. دىرامىدا يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈر زىددىيەت ئاخىرغىچە داۋاملىشىدۇ، ئۆگەي ئانا ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇق خاراكتېرىنى قىلچە ئۆزگەرتمەيدۇ، بالىلارنىڭ نالە ـ پەريادى بارغانچە كۈچىيىدۇ، ئۇلار ئەركىن، خاتىرجەم ياشاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئاق كۆڭۈل رېھىمئاخۇن بىر مەزگىللىك ئېغىر سوكۇتتىن كېيىن، بالىلىرىنىڭ نالە ـ پەريادى، زالىم ئايال توقاچخاننىڭ شەرمەندە قىلمىشلىرىغا چىدىماي ئاخىر ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

دىراما ئاپتورى ئەسەردە ئوبرازلارنى كۈچلۈك سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە قىلغان. بىز ئەسەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئائىلە ـ ۋەتەنگە، ئۆگەي ئانا ـ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، سەبىي بالىلار ـ ئېزىلگۈچى مېھنەتكەشلەرگە، ئۇلارنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا تەلپۈنۈشى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىن ئازادە تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە سىمۋول قىلىنغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىرامىچىلىقىدا يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە خەمىت ھەكىم، نىمشېھىت قاتارلىق كىشىلەر مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دىرامىچىلىقىنى بېيىتتى. بىز توغرا يېتەكچى ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مۇشۇنداق تارىخىي پەيتتە ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ ئۇلىنى سالغان بۇ تۆھپىكارلارنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز.

## پايدىلانمىلار


1. نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، 4 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
2. شۈكۈر يالقىن: «دىرامىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. ل. مۇتەللىپ: «ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «قېرى ئاشىق ـ مەشۇقلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 091 ـ 01 (2012) 5878 ـ 1005

# پەرھات تۇرسۇن شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئىككى دەۋر توغرىسىدا*

جاشۇۋا فرىيمىن

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830049)

قىسقىچە مەزمۇنى : پەرھات تۇرسۇننىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە شېئىرىي ئىجادىيەت مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ماقالىدە شائىرنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىككى دەۋرگە بۆلۈنۈپ، بۇ ئىككى دەۋردىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى بۇ ئىككى دەۋر ۋاقىت تەرتىپى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇن ھەم ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ پەرقلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ماقالىدە يەنە شائىرنىڭ پروزا ئەسەرلىرى ۋە شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：诗人帕尔哈提·吐尔逊的诗歌在其文学作品当中占有十分重要的地位。本文拟以时代划分做法将帕尔哈提·吐尔逊的诗歌作品分成两个时代.作者认为两个时代各有自己的特色和风格。帕尔哈提·吐尔孙诗歌作品这两个阶段之间的差别不仅在于时代的前后，而是从语言和内容的不同也可以看到。本文章同时也将形容帕尔哈提·吐尔孙撒文和诗歌之间相似与差异。

**Abstract:** Poetry occupies an important place in the literary work of Perhat Tursun. This article divides the author's poetic works into two eras, and discusses the basic features of these two eras. It will be shown that these two eras in Perhat Tursun's poetry differ from each other not only in time of composition, but also in content and style. The article will also discuss similarities and differences between the author's prose and poetic works.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I29 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. پەرھات تۇرسۇننى تونۇشتۇرۇش

### 1) پەرھات تۇرسۇننىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى

پەرھات تۇرسۇن 1969 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1989ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، باكلاۋۇر ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 2008ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى)دا چاغاتاي ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. 2011 ـ يىلى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ « لەيلى-مەجنۇن » داستانى ھەققىدىكى دىسسېرتاتسىيەسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر شىنجاڭ خەلق سەنئەت يۇرتىدا فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

بېيجىڭدا تولۇق كۇرستا ئوقۇغان ۋاقتىدا، شائىر ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى جۇڭگودا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان ھەر خىل يېڭى ئىدىيە ۋە ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بولۇپمۇ غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتى ۋە پىروزا ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، پسىخولوگىيە، پەلسەپە ۋە دىنشۇناسلىق ھەققىدىكى خەنزۇچە كىتاب ـ ماقالىلەرنى قېتىرقىنىپ كۆرگەن. شۇ يىللاردا بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار شائىرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، شۇ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تېزراق تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەر قايسى ئالىي

---

* بۇ ماقالە 2011ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: جاشۇۋا فرىيمىن(1986ـ يىلى 6ـ ئايدا تۇغۇلغان) ماگىستىرانت، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى ۋە بۈگۈنكى ـ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەكتەپلەردە ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى باشقا مىللىي باللار بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئۇچقۇن» ناملىق ژۇرنالنى چىقارغان، شۇنداقلا مەدەنىيەت، ئاقارتىشقا ئائىت ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. پەرھاتنىڭ شۇ يىللاردىكى يېقىن سىرداش دوستلىرىنىڭ ئىچىدە ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن تاھىر ھامۇت، پەرھات ئىلياسقا ئوخشاش ئەدىبلەر بار، يەنە شۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، سۈرىيەدە ئوقۇپ قايتقان ئەخمەتجان ئوسمان 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ياش ئۇيغۇر ئەدىبلىرى بىلەن كۆپ پىكىرلەشكەن بولۇپ، بۇمۇ شۇ ياش شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىرىيىتى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز. ئالدى بىلەن شائىرنىڭ باشقا ژانىرلاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەيلى. پەرھاتنىڭ «ھالاكەت» ناملىق تۇنجى پوۋېستى 1989 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ پوۋېست ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن شائىرنىڭ «مەسىھ چۆلى» دېگەن پوۋېست توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق تۇنجى رومانى ھەم قىزغىن ئالقىشقا ھەم قاتتىق تەنقىدلەشكە دۇچ كەلگەن، بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلغان رومان ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن سىرت، شائىر پەرھات ئەدەبىي ئوبزورلىرى بىلەنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزىنىڭ ھەر خىل قاراشلىرىنى نامايان قىلغان.

پەرھات تۇرسۇننىڭ پىروزا ئەسەرلىرى كۆپ مۇنازىرىلەرگە تۇرتكە بولغاچقا، كىتابخانلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرھاتنى پىروزا يازغۇچىسى دەپ تونۇيدۇ، شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھازىرغىچە ئوقۇرمەن ۋە ئوبزورچىلارنىڭ دىققىتىگە نىسبەتەن ئاز ئېرىشكەن. ئەمما، پەرھاتنىڭ ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت ئەزەلدىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. پەرھاتنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى شېئىردىن تەركىب تاپقان، نەشر قىلىنغان تۇنجى كىتابىمۇ شېئىرلار توپلىمى ئىدى. شائىرنىڭ شېئىرىيەت ۋە پىروزا ئەسەرلىرى ئارىسىدا تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەر بار. گەرچە ھەر ئىككى ژانىردىكى ئەسەرلىرى قويۇق مودېرنىزم تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇسلۇب ھەم مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. پەرھاتنىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى ھەر قايسى ژانىرلاردىكى ئەسەرلىرى چۈشكۈن ھەم گۇڭگا بولسىمۇ، ئەمما، بۇ ھېسسىياتلار پىروزا ئەسەرلىرىدە تەكرارلاش، غۇۋالىق ۋە ئىسخېمىلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق يېزىلغان بولسا، شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ھەر خىل ئاجايىپ ئىماگلار بىلەن گەۋدىلەنگەن. مەزكۇر ماقالىدە، مەن پەرھاتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىپ، ئىككى باسقۇچقا بۆلگەن ھالدا ئېستېتىكىلىق ھەم پەلسەپەۋى جەھەتتىن ئىزاھلىماقچى.

**2) پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئىككى دەۋر**

پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى ئىككى دەۋرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى دەۋردىكى شېئىرلىرى ئەنئەنىۋى مەزمۇننى تېما قىلغان قاپىيەداش شېئىرلار بولسا، ئىككىنچى دەۋردىكى شېئىرلىرى ئەنئەنىۋى تېمىلاردىن چەتنەپ كەتكەن چاچما شېئىرلاردۇر. بۇ ئىككى ئىجادىيەت دەۋرىنى شېئىرىي ئۇسلۇب ۋە تېمىلا ئەمەس، بەلكى، يېزىلغان ۋاقتىمۇ ئايرىپ تۇرىدۇ. شېئىر يېزىشقا باشلىغاندىن باشلاپ تاكى 1993 ـ يىلغىچە، پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى شېئىرنى ئاساس قىلغان. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شائىر دىققىتىنى پىروزا ئەسەرلىرىگە قارىتىپ، 1993 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە شېئىرلارنى كۆپ يازمىغان. ئىككى چوڭ پىروزا ئەسىرى يەنى، «مەسىھ چۆلى» ۋە «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»نى 1998 ـ يىلى ۋە 1999 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، پەرھات شېئىر يېزىشقا قايتىدىن كىرىشكەن. لېكىن، پەرھاتنىڭ 1993 ـ يىلغىچە يازغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قاپىيەداش ۋە بارماق ۋەزنلىك، تېما ۋە ئىماگ جەھەتتىن ئۇيغۇر شېئىر ئەنئەنىسىگە رىئايە قىلغان بولسا، 2000 ـ يىلدىن كېيىن يازغانلىرىنىڭ زور كۆپ قىسمى شەكىل جەھەتتىن چاچما، مەزمۇن جەھەتتىن گۇڭگا بولغان. پەرھاتنىڭ شەكلى مودېرنىزمچە بولغان

شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىنمۇ چوڭقۇر مودېرنىزمچە. شائىرنىڭ 2000- يىلدىن كېيىن يازغان گۈڭگا شېئىرلىرى چاچما شەكىلدە يېزىلغان، بەزىلىرى نەسىرگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ يۈزلىنىش شائىرنىڭ ئالدىنقى سەككىز يىلدا ئاساسەن پىروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى شېئىرلىرىنىڭ تېما بىلەن ئىماگلىرىمۇ يېڭىچە بولۇپ، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر گۈڭگا شېئىرىيىتى، خەنزۇ گۈڭگا شېئىرىيىتىدىن ئىلھام ئالغان. شۇنىڭ بىلەن پەرھاتنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى شېئىرلىرى دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى شېئىرلىرىدىن مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىنى دەۋرگە ئايرىش ھامان نىسپىي بولىدۇ. پەرھات تۇرسۇننىڭ گۈڭگا شېئىرلىرىدا تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان مودېرنىزم ئۇسلۇبىنىڭ بىخلىرىنى دەسلەپكى شېئىرلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 1991- يىلى يېزىلغان« يالماۋۇز ناخشىسى » دېگەن شېئىر شەكىل ھەم مەزمۇن جەھەتتىن گۈڭگا بولۇپ، شائىرنىڭ مودېرنىزم يۈزلىنىشىنىڭ دەسلەپكى بەلگىسى ھېسابلانسا، 2000- يىلدىن كېيىن يازغان بەزى شېئىرلىرى بىر قەدەر ئەنئەنىۋى شېئىرلاردۇر، 2004 - يىلدا يېزىلغان «خىلۋەتتىكى گۈل » دېگەن شېئىرنى مىسالغا ئالايلى:

گويا خىلۋەتتە ئېچىلغان گۈلسەن،
جاھان ئەھلىدىن ئۆزلىقىڭ پىنھان.
سېنى قىزغىنىپ پۈتۈن ئالەمدىن،
كۆيىمەن شۇنداق يوشۇرۇن جانان.

## 2 . پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيىتى دەۋرى

**1) پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەتتىكى تەسىرى**

شائىر پەرھاتنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ بىرىنچى شېئىرى 11 يېشىدا يېزىلغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنى داۋاملىق يازغان. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، شېئىرلىرى ھەر قايسى ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.. 1998 -يىلى شائىرنىڭ «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە » ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئوبزورچى ۋە كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئاساسەن پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيىتى دەۋرىگە تەۋە بولۇپ، ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما، شائىر شۇ چاغدىلا مودېرنىزم شېئىرىيىتىگە قىزىقىشقا باشلىغان.

شائىر پەرھاتنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەڭ ئومۇملاشقان شەكىل بولۇپ، ABCB قاپىيەلىك شەكىلدە يېزىلغان. «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك تېمىسى بولغان ھىجران - ۋىسال تېمىسىنى ئاساس قىلغان. بۇ شېئىرلار خۇددى ئۇيغۇرچە مۇھەببەت شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش، بىرىنچى شەخستە يېزىلغان بولۇپ، ئىندىۋىدۇئال ھېسسىياتنى مەركەز قىلىدۇ، يەنى، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تېمىلارغا تاقاشمايدۇ. بۇ شېئىرلاردا قوللىنىلغان تىل ۋە ئىماگلار ئاساسەن ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىسىگە ئەگەشكەن. شائىر ئۆسمۈر ۋاقتىدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت ژانىرلىرىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ كەلگەن، ھەم بۇ ماھارەت مەزكۇر توپلامدا ناھايىتى ياخشى گەۋدىلەنگەن. پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەڭ ئېسىل مۇھەببەت شېئىرلىرىنىڭ بەزىلىرى 20 يېشىدىن بۇرۇن يېزىلغان ھەم بۇنداق شېئىرلارنى شائىر ھازىرمۇ ئاندا-ساندا يېزىپ تۇرىدۇ.

ئەمما، «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە» دىكى بەزى شېئىرلار پەرھاتنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى يۈزلىنىشى، يەنى تېما، شەكىل ۋە ئىماگ جەھەتتىكى يېڭىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. 1989- يىلى ئەتراپىدا، پەرھات چاچما شېئىر يېزىشقا باشلاپ، 1991- يىلىغىچە ئۆزىگە خاس بىر چاچما ئۇسلۇبنى ياراتقان، بۇنىڭغا

شائىرنىڭ 1991 ـ يىلىدىكى «يالماۋۇز ناخشىسى » دېگەن شېئىرى مىسال بولالايدۇ:

قورقىمەن
خۇددى پىچاق بىلىگەندە چىققان ئاۋازدەك
ياكى شامالدا لەپىلدىگەن بايراق ئاۋازىدەك
قاغىغان ئۈندىن
قورقىمەن
تارىخنىڭ قاراڭغۇ جايلىرىدا سەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن
گاھىدا پەرياد قىلىمەن سەۋەبسىز
گاھىدا قاھ ـ قاھ كۈلىمەن سەۋەبسىز

## 2) پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرىدىكى بەزى تەسىرلەر

پەرھاتنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت دەۋرىدىكى شېئىرلىرىنى 60 يىلدىن بېرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاساسلىق ئېقىم بولغان شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، ئارۇز ۋەزىن شەكىللىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر قەدەر ئاز قوللىنىلىپ، ئامىباراق ABCB قاپىيە شەكىللىرى كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاددىي قاپىيە شەكىل ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھۆكۈم سۈرگەن خەلقچىللىق، ئامىبابلىق دېگەندەك پىرىنسىپلارغا مۇۋاپىق كەلگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرى شەكىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقلاردا كۆپرەك ئىپادىلەنسە، كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ تەسىرى كۆپرەك تېما ۋە ئىماگلاردا ئىپادىلەنگەن. 80ـ يىللاردا نۇرغۇنلىغان كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى قايتىدىن نەشر قىلىنغان ھەم بۇ ئەسەرلەر پەرھات تۇرسۇندەك ياش شائىرلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. پەرھاتنىڭ شۇ چاغدىكى شېئىرلىرىدا ۋىسال-ھىجران، يارنىڭ ئوتىدا كۆيۈشتەك تېمىلار 50 ـ، 60ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر قەدەر ئاز ئۇچرىغان بىلەن، ئەمما، بۇ تېمىلار ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولغان. بۇ تېمىلارنىڭ پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى ئىپادىسىنى تۆۋەندە كۆرىمىز.

## 3) ھىجران، ۋىسال، پىراق :پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرىدىكى ئاساسلىق تېمىلار

شائىر پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تېما مۇھەببەتتۇر، شۇ شېئىرلاردا بۇ تېما ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پارس ئىسلام ئەدەبىياتىغا ئەگىشىپ ھىجران، ۋىسال، پىراق دېگەندەك ئۇقۇملار ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن. خۇددى ئەلىشىر نەۋائىي، بابا رەھىم مەشرەپ، قاتارلىق كىلاسسىك چاغاتاي شائىرلىرىدەك، پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى كۆپىنچە مۇھەببەتنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى، مۇھەببەت يولىدا تارتقان ئازابلارنى، ۋىسال ئەمەس، بەلكى، ھىجراننى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. كىلاسسىك شائىرلار بەزى شېئىرلىرىدا يارنى كۈيلىگەندە ئەمەلىيەتتە خۇدانى كۈيلىگەن بولسا، پەرھات بۇ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى كونكرېت ھالدا گۈزەل قىزلارنى مەدھىيەلەيدۇ. بۇ شېئىرلاردىكى بايانچىلار ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئىشقىي پىراقتا كۆيۈش ئارقىلىق ھېس قىلغاچقا، ۋىسالغا ئېرىشكەندىمۇ شادلانماي، ئەكسىچە، تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى تۆۋەندىكىچە:

ئايىغىڭ ئاستىدا كۈل بوپ چېچىلدىم،
زىمىستان باغرىمغا تۆكمە يېشىڭنى.
ئاھ، يەتتىم ۋىسالغا ئۆچكەندە كۆيۈپ،
سوغىمىدۇ ئەسلىدە ۋىسال ھەممىسى

(«ۋىسال »1988 ـ يىلى)

بۇ شېئىرلاردىكى بايانچىنىڭ يارغا بولغان مۇھەببىتى بىر ئاچچىق لەززەت. پەرھاتنىڭ بۇ مەزگىلدىكى كۆپ شېئىرلىرىدا بايانچى ئۆزى سۆيگەن قىز تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى پەقەت ئۈزەلمەيدۇ، بۇنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كۆرىمىز:

ئايرىلدۇق نېچۈن قول ئېلىشماي تېخى،
نەلەرگە يوقالدىڭ ئالدىراپ-تېنەپ؟
قەلبىمدە قالدۇرۇپ سۆيگۈ يارىسى،
كىملەرنى سۆيگۈڭگە يۇردۇڭ يار ئەيلەپ؟

(«ھىجران »1988 ـ يىلى)

شائىر پەرھاتنىڭ بۇ دىسلەپكى شېئىرلىرىدا ھىجراننىڭ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى ئىكەنلىكى، مەشۇقنىڭ قەدرىگە پەقەت ئايرىلغاندىلا يېتىپ بولغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قىزنىڭ گۈزەللىكى مۇھەببەتكە ئىلھام بولالىسىمۇ، ئەمما، دەل شۇ گۈزەل تەنگە ئېرىشەلمىگەنلىك مۇھەببەت ھېسسىياتىنى مەنىلىك ھەم مۇقەددەس قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن گەرچە بۇ شېئىرلار قىزلارنىڭ جامالىغا بولغان ھەۋەسكە تولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار جىنسىيەتنى ئىنسانىيەتنى تۈگەشتۈرىدىغان نەرسىدەك كۆرسىتىدۇ:

بىلەلمىدىم يالغان كۈلكەڭ، گۈزەل چىرايىڭ
نېچۈن مېنى ئاشىق قىلار بۇنچە قەلەم قاش؟...
(«بۇ قانداق ئالداش؟» 1985 - يىلى)

شېرىن چۈشتەك گۈزەل دىيمەن ئاشۇ ئېزىشنى،
ئالدىنىمەن بىلىپ تۇرۇپ، خالاپ ھەمىشە.
بىر جۈپ قەبرە يۈرىكىمنى قىلىدۇ بەرباد،
نېپىز كۆڭلەك تۇسالمىغان ئاپئاق كۆكسۈڭدە.
(«ئېزىقىش» 1988 - يىلى)

بۇ شېئىرلاردا قوللىنىلغان ئىماگلارمۇ ئاساسەن كىلاسسىك ئىماگ، مەسىلەن، باھار بىلەن كۆز، گۈل بىلەن خازان. پەرھات تۇرسۇن شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ھەر ئىككى دەۋرىدە، شائىر قارىمۇقارشى ئىككى ئۇقۇمنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇشنى مۇھىم شېئىرىي ۋاسىتە قىلغان، ئەمما، بۇ خىل بەدىئىي تاكتىكا شۇ ئىككى دەۋردە ئوخشىمىغان ھالدا ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ دىسلەپكى شېئىرلىرىدا بۇ ئىماگلار كىلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئومۇملاشقان مەنىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. مەسىلەن، باھار پەسلى ياشلىق بىلەن شېرىن مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلسا، كۈز پەسلى ياشنىڭ چوڭىيىشى بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق تەرەپلىرىگە سىمۋول قىلىنغان:

كۆز ياشلار تۆكۈلگەن خازانلار ئارا،
ئۇيۇشۇپ تىترىيدۇ جىسمىم شۇ تاپتا.
بىز دائىم مۇڭداشقان شۇ تاش ئورۇندۇق،
چۆمۈلۈپ تۇرۇپتۇ كۆز ياشلار ئارا.
چېھرىمدەك سارغىيىپ كەتكەن خازانى،
توسۇلدۇم ياش تۆككەن دەرەخ ئالدىدا.
(« خىلۋەتتە ئاھ غېرىب شۇ تاش ئورۇندۇق» 1988 - يىلى)

قارىمۇقارشى ئۇقۇملارنى سېلىشتۇرۇشتەك بۇ بەدىئىي ئۇسلۇب پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەمما، دەل مۇشۇنداق ئىستىلىستىكىلىق ئورتاقلىقتىن ئىككى ئىجادىيەت دەۋرى ئارىسىدىكى پەرقلەرنى روشەن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 3. پەرھات تۇرسۇننىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرى

**1) پەرھات تۇرسۇننىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەسىرى**

پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتى مەزگىلىدىكى شېئىرلار بۇرۇنقى شېئىرلىرىغا قارىغاندا سۈپەت جەھەتتىن ئېگىز-پەس بولۇپ، ئەڭ ياخشىلىرى شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە بىر يۇقىرى پەللە ياراتقان بولسا، ناچارلىرىدىن ئوقۇرمەن ھېچ قانداق زوق ئالالمايدۇ. بۇ شائىر پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتى مەزگىلىدىكى تەۋەككۈلچىلىك روھى، يېڭىلىق يارىتىش ئىستىكىنىڭ نەتىجىسى. شائىر قېلىپلاشقان شېئىر شەكىللىرىنى تاشلاپ، يېڭى شەكىللەرنى سىناشقا بەل باغلىغاچقا، بەزى سىناقلاردىن نەتىجە چىقماسلىقى تەبىئىي. بۇ تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن پەرھات ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان بەزى شائىرلارغا ئىلھام بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پەرھاتنىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرى مەزمۇن ھەم ئىماگ جەھەتتىن بۇرۇنقى شېئىرلىرىغا قارىغاندا كۆپ مەنبەدىن پايدىلانغان، بۇ مەنبەلەر ئۇيغۇر تارىخى، قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرى، شامان دىنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەرھات تەبىئەتتىن ھالقىغان ھادىسىلەرگە قىزىققاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دىن، مۆجىزە ۋە سېھىرگە مۇناسىۋەتلىك

تېمىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. شائىرنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرى بىرىنچى شەخستە يېزىلىپ، شەخسىي ھېسسىياتنى ئاساس قىلغان بولسا، كېيىنكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈچىنچى شەخستە يېزىلغان، بەزىلىرى ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تېمىلارنى شەخسىي تېمىغا باغلايدۇ.

تۇرلۇك سەۋەبلەردىن، پەرھات تۇرسۇننىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدىن ھازىرغىچە ئايرىم توپلام چىقمىغان. ئەمما، بۇ شېئىرلار پەقەت ژۇرنال، گېزىت ياكى تورلاردىلا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما، ئىجادچانلىق ۋە يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن ئۇيغۇر مودېرنىزم شېئىرىيىتىگە يەنىلا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

**2) پەرھات تۇرسۇننىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرىدىكى بەزى تەسىرلەر**

ئەلۋەتتە، پەرھاتنىڭ شېئىرىيەتتە مودېرنىزمغا بۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم تۈرتكىسى ئەخمەتجان ئوسمان باشلامچى بولغان گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىدۇر. ئەمما، پەرھاتنىڭ مودېرنىزم ئۇسلۇبى باشقا گۇڭگا شائىرلاردىن خېلى پەرقلىنىدۇ، يەنى كۆپرەك گۇڭگا شېئىر يازىدىغان شائىرلار شېئىرلىرىدا مەۋھۇم بىر دۇنيانى يارىتىپ، شۇ دۇنيانى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشكە مايىل بولسا، پەرھات تۇرسۇن، تاھىر ھاموت قاتارلىق بىر تۈركۈم گۇڭگا شېئىر يازىدىغان شائىرلار رېئال دۇنيادىكى نەرسىلەر ۋە ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ مەقسىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئەخمەتجان ئوسمان بىلەن پەرھات ئىلياسنىڭ شېئىرلىرىدا ئىنسانلاشتۇرۇلغان ھايۋانلار ۋە جانسىز نەرسىلەر كۆپ ئۇچرىسا، پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار ئادەتتە ئىنسان بولىدۇ. بۇ خىل پەرق پەرھات تۇرسۇن ۋە تاھىر ھاموتنىڭ شېئىرلىرىنى باشقا گۇڭگا شېئىر يازىدىغان شائىرلارنىڭكىدىن روشەن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ.

پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيەت مەزگىلىدە يازغان شېئىرلىرى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا يېقىنراق بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى مەزگىلدىكى مودېرنىزم شېئىرلىرى قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى ۋە تەسەۋۋۇپ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى-

1950يىللاردىن 80 ـيىللارغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسلىق ئېقىم بولغان يېڭى ئەدەبىيات، يەنى تېپىپجان ئېلىيېفلار ۋەكىللىك قىلغان ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، كېيىنكى شېئىرلىرى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن قايتىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپرەك ئىلھام ئالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، 50 ـ يىللاردىن 80 ـيىللارغىچە بۇ كىلاسسىك شېئىرلار كۆپ نەشر قىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى باشلانغىچە تېيىپجان ئېلىيېفلار ۋەكىللىك قىلغان ئېقىم ياش شائىرلارغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئەڭ چوڭ ئېقىم بولۇپ قالغان ئىدى. 80ـ يىللاردىن باشلاپ، كىلاسسىك تۈرك ۋە پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ئەسلىگە كەلگەن. شۇڭلاشقا، پەرھاتنىڭ بەزى مودېرنىزم شېئىرلىرىدىمۇ كىلاسسىك شائىرلارنىڭ تەسىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ « قەسىدە » دېگەن شېئىرى ئۆز ئىسمىنى ئىسلام كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىدىن بىرى بولغان قەسىدە ژانىرىدىن ئالغان. بۇ شېئىر شەكىل جەھەتتىن كىلاسسىك قەسىدىلەردىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما، ئۆزىنىڭ كىلاسسىك شېئىرىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىلا نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇپلېتى «بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە» دېگەن مىسرا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، بۇ 18ـ ئەسىردىكى شائىر بابا رەھىم مەشرەپنىڭ داڭلىق بىر غەزىلىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيىتىدا شائىر مەشرەپ ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم بىر ۋەقەنى سۆزلەپ ئاندىن «مەن بىللە ئىدىم» دەپ يازىدۇ. تەسەۋۋۇپ شائىرى مەشرەپنىڭ بۇ سۆزى بەندە بىلەن خۇدانىڭ بىرلىشىشىگە ۋەكىللىك قىلسا، پەرھاتنىڭ شېئىرىدا ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ساداقەتنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، غەرب مودېرنىزم ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرىيىتىدە ئەڭ مۇھىم

تەسىرلەرنىڭ بىرىدۇر. فىرانسۇز شائىرى چارل بودلەيرنىڭ ئەسەرلىرى پەرھاتنىڭ شېئىرىيىتىدىكى رەزىللىك، جىنسىيەت تېمىلىرىغا مۇھىم ئىلھام بولغان بولسا، چېخ يازغۇچىسى فىرانىز كافكانىڭ ھېكايە-رومانلىرى پەرھاتنىڭ كېسەل تېمىسىغا ئالاھىدە قىزىققانلىقىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. شائىر ئۆزىنىڭ «فىرانىز كافكا» دېگەن شېئىرىدا بۇ تەسىرنى ئېتىراپ قىلىپ، مەرھۇم پىروزىچىنى كۈيلىگەن. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا نەزەرىيەۋى ئاساس سالغانلارمۇ پەرھاتقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. ئەڭ مۇھىمى سىگمۇند فىروئىد باشلامچى بولغان پىسخىك ئانالىز ئىلمىدۇر، بۇ تەلىمات پەرھاتنىڭ شېئىر ۋە پىروزا ئىجادىيىتىگە مۇھىم مەنبە بولغان ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدا جىنسىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە سەۋەبچى بولغان.

پەرھاتنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تۈرك، ئەرەب ۋە گرېكلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىنىڭ، ئىسلام، بۇددا، خرىستىيان، يەھۇدى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك قاتارلىق دىنلارنىڭ ۋە ھەر قايسى پەلسەپەۋى سىستېمىلارنىڭ تەسىرى تېپىلىدۇ.

**3) ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك — پەرھات تۇرسۇننىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرىدىكى ئاساسلىق تېمىلار**

شائىر پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيەت دەۋرىدىكى شېئىرلىرىدا ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك مەركىزىي تېما بولغان. پەرھاتنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتى ئۈمىدسىزلىنىش بىلەن غەزەپ. ئەمما، بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە مۇھەببەت بىلەن دوستلۇقنىڭ چۈشكۈنلۈك ۋە غەزەپتىن قۇتۇلىدىغان يول ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. 2004 - يىلى يازغان «كۆيۈۋاتقان بوغداي» دېگەن شېئىرىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرى غەزەپ بىلەن قارشىلىق ھېسسىياتىغا تولغان: «مەن ئاشۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزمەن ھەممىگىلار قارغىغان، \ قاراڭغۇ كائىناتتا قارارسىز، نىشانسىز سەرگەردان». لېكىن، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىككى مىسرا چۈشكۈنلۈككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ: « سۆيگىن مېنى قىساسكارنىڭ قولىدىن بېرىپ قويغان، \ ئەڭ ئاخىرقى قىساس پۇرسىتىدەك» بۇ شېئىردىكى ھەممە كۇپلېتنىڭ تۈزۈلۈشى شۇنداق: ئالدىنقى ئىككى مىسرادا بايانچىنىڭ چەككەن جاپاسى تەسۋىرلەنسە، كەينىدىكى ئىككى مىسرادا بايانچى ئىككىنچى بىر شەخستىن بۇ ئەلەمدىن قۇتقۇزىدىغان بىر مۇھەببەتنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىر پەرھاتنىڭ بېيجىڭدا 2006 - يىلى يازغان «قەسىدە» دېگەن شېئىرىمۇ مۇنداق تېمىغا مىسال بولالايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسىدا بايانچى ياكى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئورۇنسىز ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سۆزلەنسە، كۇپلېتنىڭ تۆتىنچى مىسراسىدا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان « بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە» دېگەن سۆز بىلەن تەسەللىي بېرىلىدۇ. بۇ ئوقۇرمەنگە ئىنسانىي دوستلۇقنىڭ تارىخنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

كاللىلاردىن ياسالغان ئاشۇ مۇنار ئىچىدە بار مېنىڭمۇ كاللام

قىلىچنىڭ ئىتتىك. گاللىقىنى سىناش ئۈچۈنلا كەسكەن مېنىڭ كاللامنى.

قىلىچ ئالدىدا بىز سۆيگەن سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەتنى خۇددى تەلۋە ئاشىقنىڭ ۋۇجۇدىدەك گۇمران بولغاندا

بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە.

پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى باھار- كۈز، يوپۇرماق -خازاندەك كىلاسسىك شېئىرىيەتتە قېلىپلاشقان قارىمۇقارشى ئىماگلاردىن كۆپ پايدىلانغان بولسا، شائىر كېيىنكى شېئىرلىرىدا غەيرىي ھەم مەنتىقىسىز قارىمۇ قارشىلىقلارنى كۆپ قوللىنىدۇ:

ئۇلار خۇددى خىيالى تۇيغۇدەك يېقىن بولسىمۇ
ئۇلار خۇددى ئۆز تېنىمدەك يىراق بولسىمۇ
«يالماۋۇز ناخشىسى»
قايتىپ چىق تەپەككۇرنىڭ ۋەھىمىسىدىن
قايتىپ چىق زۇلمەتنىڭ تەسەللىسىدىن
..................
قايتىپ چىق ئىبلىسنىڭ يورۇقلۇقىدىن
قايتىپ چىق تەگرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن

.......................

قايتىپ چىق ، سۆيگۈنىڭ تۇنجۇقتۇرۇشىدىن
قايتىپ چىق ئازابىنىڭ مەپتۇنلۇقىدىن
«چۆل ئەپسۇنلىرى»

پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدىكى ئىماگلار غەيرىي بولۇپلا قالماي، بۇرۇنقى شېئىرلىرىغا قارىغاندا ئومۇمىي ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى، مەلۇم نەرسىلەرنى كۆپرەك كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دەسلەپكى شېئىرلىرىدا نامىسىز شەھەر كوچىلىرى، تۈرى ئېنىق بولمىغان گۈل ۋە دەرەخلەردەك ئۇنىۋېرسال ئوبرازلارنى قوللانغان بولسا، كېيىنكى شېئىرلىرىدا رېئال تۇرمۇش، تارىخ ۋە ئەپسانىلەردىن ئېلىنغان جانلىق ئوبرازلار بىلەن ئۇقۇمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلايدۇ. دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەلەر بىر قەدەر ئاز ئۇچرىسا، كېيىنكى شېئىرلاردا مۇنداق تېمىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «قەسىدە» ناملىق شېئىرىدا مۇشۇنداق مەزمۇن ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭغا بىز ئاپپاق خوجا دەۋرىدىكى جاھالەتنى ئەسلىتىدىغان تۆۋەندىكى كۇپلېتتىن مىسال ئالايلى:

شاراب ئىچىش قان ئىچىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ
ھېسابلانغان ئاشۇ دەۋرلەردە،
بىلەمسەن ئادەم قېنىدا چۆگىلىگەن تۈگمەندە
تارتىلغان ئۇنىڭ تەمىنى؟
ئەلىشىر ناۋائى ئەسەبىيلەرچە خام خىيال قىلىپ
چىققان شارابىنىڭ تەمى ئۆلگە ئېلىنغان مېنىڭ
قېنىمدىن
چەكسىز سىرلىقلاشقان ئاشۇ مەستلىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىدا
بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە.

## 4. خاتىمە

پەرھات تۇرسۇن كۆپرەك ئوقۇرمەنگە پىروزىچى دەپ تونۇلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. گەرچە، شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ خەلق بىلەن ئوبزورچىلارنىڭ ئالقىشىغا كۆپرەك ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرى دەل شۇ قائىدىلەرگە بويسۇنماي، يېڭى يوللارنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بەكرەك تەسىر قىلغان. نۇرغۇن ياش شائىرلار پەرھات تۇرسۇننىڭ مودېرنىزم شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ماقالە پەرھاتنىڭ پىروزا ئەسەرلىرىدىكى مودېرنىزم بۇرۇلۇشى بىلەن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مودېرنىزم بۇرۇلۇشىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ھەم شائىرنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى شېئىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ۋە ئورتاقلىقلارنى ئىزاھلىغان. شائىر پەرھاتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنگەنلىكى، شۇ ئىككى شېئىر دەۋرىنىڭ بىر-بىرىدىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن پەرقلەنگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ تېمىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ، بۇ نۇقتىلاردىكى بىلىمىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلانمىلار

1. پەرھات تۇرسۇن: «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى.
2. پەرھات تۇرسۇن: «مەسىھ چۆلى» بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 - يىلى.
3. پەرھات تۇرسۇن: «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى.
4. پەرھات تۇرسۇن: «كۆيۈۋاتقان بۇغداي»، «تىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىلى، 58 ـ 60 بەتلەر.
5. غوجىمۇھەممەت يونۇس نەشرگە تەييارلىغان: «مەشرەپ شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 ـ يىلى 2- ئاي، (4- سان ) 151 ـ 104 بەتلەر.
6. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە«تەڭرىتاغ»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشرگە تەييارلىغان: «قەشقەردىكى يەر شارى» ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

33-يىللىق 1-سان　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　第 33 卷第 1 期
2012-يىلى 3-ئاي　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　2012 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 08 - 099 - 01 (2012) 5878 - 1005

# بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئوقۇتۇشتىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا*

شەرىپە ئابدۇغوپۇر

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

قىسقىچە مەزمۇنى : ماقالىدە، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ ئاساسىي ماتېرىيال مەنبەسى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ياخشى قوللانمىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى مەنىۋى ھەمراھى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：**本文论述儿童文学是小学语文课程中的主要资源，是提高小学语文教学效率的最佳手段之一，是学生课外生活的精神伙伴，是培养小学生健康的思想品德对提高学生语言表达能力，想象和思维能力有着重要作用。

**Abstract:** This article will briefly discuss the important place and role of children's literature in education: its function as the basic source of material in elementary school literature textbooks, as an excellent guide in increasing pedagogical effectiveness, and as an extracurricular spiritual partner for students

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I18　ماتېرىيال بەلگىسى: A

بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى — بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەدەبىيات-سەنئىتى ھادىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى. ئۇ بالىلار-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئوبرازلىق، قىزىقارلىق، ئۈنۈملۈك تەربىيە ۋاستىسى. بالىلارغا قارىتىلغان تەلىم - تەربىيە ۋە بالىلار ئەدەبىيات - سەنئىتى ئوقۇشلۇقلىرى ئومۇملاشقان مىللەتنى مەدەنىيەتلىك مىللەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «مېھنەتسىز ھايات ئوغرىلىق، سەنئەتسىز ھايات ۋەھشىيلىك» دېگەن. ئەدەبىيات بولسا، ئادەمشۇناسلىق ئىلمى، ئۇ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنىدۇ ۋە قايتا پىششىقلىنىپ ئىنسانلارغا تەقدىم ئېتىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىنى تەربىيەلەيدۇ. بالىلار ئەدەبىياتىمۇ ئەلۋەتتە بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بالىلار بولسا تەلىم-تەربىيەگە، چوڭلارنىڭ يول كۆرسىتىشىگە تولىمۇ مۇھتاج. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق، نېمىنىڭ گۈزەل ۋە نېمىنىڭ خۇنۇك، نېمىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى، نېمىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز. شۇڭا، بالىلارنى ساغلام، ئەخلاقلىق، بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتا ھەر قايسى ياش باسقۇچىدىكى بالىلارغا بېغىشلانغان بالىلار ئەدەبىيات-سەنئەت ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىش تولىمۇ زۆرۈر. ئەمەلىيەتتە بالىلار بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەن ئەڭ بۇرۇن ئۇچرىشىدۇ. چۈنكى، مەكتەپ يېشىغا توشمىغان گۆدەكلەر دائىم ئانىلارنىڭ ئاغزىدىن تۈرلۈك-تۈمەن ھېكايە- چۆچەكلەرنى ئاڭلايدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئەڭ بۇرۇن ئاڭلايدىغىنى ئانىلارنىڭ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى. شۇڭا، بالىلار ئەدەبىياتى بالىلارنىڭ نۆل يېشىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بالىلارنى ئۆز قوينىدا تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇشقا باشلايدۇ. بالىلار مەكتەپ يېشىغا توشقاندىن كېيىن، مۇنتىزىم ۋە سىستېمىلىق تەربىيەنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى يەنىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى يەنىلا بالىلار

* بۇ ماقالە 2011 - يىلى 11- ئاينىڭ 5- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: شەرىپە ئابدۇغوپۇر ( 1964- يىلى 12- ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىك مەزمۇنى بىلەن باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، باللار ئەدەبىيات-سەنئەت ئوقۇشلۇقلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مۇھىم قورالى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى كۆڭۈلدىكىدەك مەنىۋى ھەمراھى. مەكتەپ مائارىپىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى بولسا ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى بىر-بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۈچ ئاساستىن ئايرىلغان ھالدا مائارىپ خىزمىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ ماقالەمدە، بۇ ئاساسىي ئۈچ ئامىلنى چىقىش قىلغان ھالدا، باللار ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمەن.

## 1. باللار ئەدەبىياتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسىدۇر

باللار ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي تەلىم-تەربىيە خىزمىتىدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئەڭ دەسلەپكى باللار ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى پەقەت ئانىلارنىڭ ئۆز باللىرىغا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە-چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەركىبىدە تېگىشلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. باللار ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى گەرچە ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن باللار ئۈچۈن يېزىلغان يازما ئەدەبىياتقا تەۋە ئىجادىي ئەسەرلەر پەقەت 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى كىلاسسىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «دىكى- دىكى توشقان» ناملىق باللار قوشىقى ئارقىلىق باشلانغان. شۇندىن كېيىن ئابدۇقادىر داموللا، تەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپوللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى، باللار تەربىيەسى ۋە باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، باللار ئۈچۈن شېئىر، قوشاق، مەسەل، چۆچەكلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. 1980-يىللاردىن كېيىن باللار ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار قوشۇنى زورايدى. بولۇپمۇ، 1996- يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن :«رومان، كىنو-تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى، باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كىشىلەرنى پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك»[1] دەپ كۆرسەتمە بەردى. مەركەزنىڭ باللار ئەدەبىياتىنى ئۈچ چوڭ ئىجادىيەتنىڭ بىرى سۈپىتىدە تەكىتلەپ، يۈكسەك ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەم بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم قوشۇن ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. يۇقىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھام بېرىشى بىلەن ئۇيغۇر باللار ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار قوشۇنى زورايدى، سورۇنمۇ ماس قەدەمدە كېڭەيدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ باللار ئەدەبىياتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يۈكسەلدى. مۇنەۋۋەر باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكى ئۈچۈن تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇنى ئىستاتىستىكا قىلغاندا (قىسقارتىپ ئېلىندى)تۆۋەندىكى جەدۋەل بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

| يىللىق | ئەسەر نامى | ژانىر | ئاپتور |
|---|---|---|---|
| | «دىكى-دىكى توشقان» | قوشاق | خەلق |
| | «بوز ئېتىم» | قوشاق | خەلق |
| 1-يىللىق | «ئاپتاپ چىقتى» | قوشاق | خەلق |
| | «ئىككى ئۆچكە» | مەسەل | خەلق |
| | «قىزنىڭ ئەپچىل چارىسى» | چۆچەك | خەلق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | «ئانا قۇشتەك مۇئەللىم» | شېئىر | بۇغدا ئابدۇللا |
| | «يەتتە قارغۇجا» | چۆچەك | ئابلىكىم ھەسەن |
| 2-يىللىق | «مۆشۈك ياپىلاق بالىسى» | شېئىر | زاماندىن پاكزات |
| | دەرىزە سىرتىدىكى«ئوقۇغۇچى» | ھېكايە | يالقۇن روزى |
| | «ئۈيناپدىغان بالا بارمۇ» | شېئىر | پەرھات ئىلياس |
| | «ئاسماندىكى باللار» | شېئىر | ئابلىكىم ھەسەن |
| | « كۆز قىزنىڭ شادلىقى» | چۆچەك | باتۇر داۋۇت قورىغار |
| | «رەسسام تەبىئەت» | شېئىر | ۋاھىتجان ئوسمان |
| | «كىچىك رىياسەتچى» | ھېكمىيە | يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق |
| 3-يىللىق | «يامغۇردا قالغان ئانا» | ھېكايە | ئەسەت سۇلايمان |
| | «دەرياغا تاش تاشلىدىم» | شېئىر | شاۋكەت رۇستەم |
| | «شۆھرەتپەرەس قاغا» | مەسەل | ئېزوپ |
| | «مۈشۈكنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى» | چۆچەك | ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى |
| | «تەكلىماكانغا نەزەر» | نەسىر | يالقۇن روزى |
| | «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» | چۆچەك | ئاندىرسېن |
| 4-يىللىق | «ھەسەن ۋە ئۇنىڭ بوينىقى» | ھېكايە | پەرھات ئىلياس |
| | «دوختۇرلارمۇ ياش تۆكىدۇ» | ھېكايە | ئابدۇللا ئەرقۇت |
| | «بىزنىڭ مەھەللە» | شېئىر | ۋاھىتجان ئوسمان |
| | «سۈت رەڭ كۆلەك » | ھېكايە | جاسارەت جاپپار |
| | «ئىمتاس ساسلىق» | ھېكايە | ئابلەت ئىبراھىم |
| | «تاغلارنىڭمۇ تىلى بار» | شېئىر | پەرھات ئىلياس |
| 6-يىللىق | «تۆگىلەرنىڭ چۆچىكى» | شېئىر | ئەخمەتجان قۇربان |
| | «توخۇ بىلەن ئۆردەك» | شېئىرىي مەسەل | ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن |
| | «ئاق قۇشقاچ» | شېئىر | ئابدۇقادىر جالالىدىن |
| | «مال باھاسى» | شېئىر | زاماندىن پاكزات |

باللار ئەدەبىياتى ئەسلىدىنلا باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى ۋە باللارنى تەربىيەلەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بولغاچقا ئۇ، باللارنىڭ ئوقۇشىغا ئەڭ مۇۋاپىق ھەم باللارنى ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە يۈزلەندۈرۈشتىكى كۈچلۈك قورال. ئەڭ مۇھىمى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىك ئوقۇتۇشىدىكى ئاساسىي ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ماتېرىيال. شۇڭا، باللار ئەدەبىياتى-ئەسەرلىرى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. باللار ئەدەبىياتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم قورالى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باللار ئەدەبىياتى نەزەرىيەسىگە پىششىق بولۇش، ھەر خىل ياش باسقۇچىدىكى باللار ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇش، شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس مەزمۇنىنى ئېخمۇ جانلىق، ئەتراپلىق يەتكۈزۈشىدە، باللارنى دەرسكە جەلپ

قىلىشتا، دەرس ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە زور پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى، ئەڭ مۇھىمى شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزۈندىن بېرى يوقىتىپ قويغان بالىلىق ھېسسىياتىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ياردەم بېرىدۇ. بالىلارچە ھېسسىيات، بالىلارچە قەلبكە ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزىلا باشلانغۇچ مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم پىسخىك ساپادۇر. باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى بالىلار تۇرمۇشىغا ھەقىقىي چۆكۈشتە، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چۈشىنىشتە، بالىلىقتا تويۇنغان، بالىلار تۇرمۇشى ئاساس قىلىنغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشى كېرەك. بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئوقۇتقۇچىنى تەبىئىي ھالدا ئىنتايىن پاك، ساددا، گۈزەل، خىيالغا باي بولغان بالىلىق دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئوقۇتقۇچى قەلبىدە پەيدا بولغان بالىلارچە ھېسسىيات ۋە قەلب ئۇنى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈشكە يېتەكلەيدۇ. ئۆز كەسپىنى ۋە ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ ئۆزى تەلىم-تەربىيەدىكى ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالىتىدۇر.

بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت ئوبيېكتى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوقۇم ھەر قايسى ياش باسقۇچىدىكى بالىلار تۇرمۇشى ۋە بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكى، تەپەككۇرى، تىل ئالاھىدىلىكى، ھەرىكەت ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا مۇۋاپىقلىشىشىنى بەلگىلىگەن. دەرس ئوقۇتقۇچىسى بالىلار ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى، پىسخىكىسىنى، قىزىقىشى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى يۇقىرى بولغان بالىلار ئەدەبىيات ساپاسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، باشلانغۇچ ئەدەبىيات دەرسلىك ئوقۇتۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن كېيىنكى كىتاب ئوقۇشى ۋە ھەر خىل ئويۇن پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بالىلار ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى سىنىپتا ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ ئۆزلىشىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇشىغا كۆرسەتمە بېرىشتە ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا بالىلار ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى ھەققىدە مۇكەممەل ساۋاتقا ئىگە بولۇشتىن باشقا، يەنە ھەر خىل ياش باسقۇچىدىكى بالىلار ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، ئۇنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. باشلانغۇچ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىدە يۇقىرىقى تەلەپنى ھەقىقىي ھازىرلىيالىغاندىلا، ئاندىن ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى، پىسخىكىسىنى، ئوي-خىياللىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرەلەيدۇ ھەم ئوقۇتۇشنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنى يۇقىرى ساپالىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## 3. بالىلار ئەدەبىياتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام بولغان خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان مەنىۋى ئاساس

بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، بالىلارنى ئەجدادلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش، مائارىپنىڭ تەلىپى ۋە ئاساسىي نىشانىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىدە مائارىپنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقىدەك يۇقىرى ساپانى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى دەرسخانىدا ئۆتۈلىدىغان مەزمۇن بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى بالىلار ئەدەبىي

ئوقۇشلۇقلىرىنى ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىدا كىچىكىدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇش، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشتەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، باللارنىڭ ساغلام خاراكتېرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئېدىسون: «كىشى قەلبىگە ھەممىدىن بىۋاستە تەسىر قىلىدىغان نەرسە گۈزەللىكتۇر. گۈزەللىك تەسەۋۋۇرغا دەرھال بىر خىل ئىچكى خوشاللىق ۋە مەمنۇنىيەت سىڭدۈرىدۇ» دېگەندى[2].

باللار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە تەركىب باللارغا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرىدىغان بەدىئىي قوللانما. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ياراتقان گۈزەل، سەبىي، شوخ ۋە يۇمۇرلۇق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق باللارنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، باللار ئۆزلىرىگە بېغىشلانغان بىر پارچە نادىر باللار ئەدەبىياتى ئەسىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزلۈكىدىن ئەسەردىكى ئىدىيە ۋە ھېسسىياتتىن تەسىرلىنىپ، تۇرمۇش ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ.

باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ باللارنى تەربىيەلەش رولى ئىنتايىن زور. شۇڭا باللار ئەدەبىياتى نەزەرىيەچىلىرى باللار ئەدەبىياتىنى «كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئەدەبىيات» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ ھەقتە دۇنيا باللار چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ پىر ئۇستازى خانس ئاندېرسىن 1835- يىلى بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: «مەن ھازىر باللار ئۈچۈن چۆچەك يېزىۋاتىمەن، بىلگىنكى، مەن كەلگۈسى ئەۋلادلارنى قولغا كەلتۈرمەكچىمەن» دېگەن. چۈنكى باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئەقىللىق، باتۇر، بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بالا قەھرىمانلار باللارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردىكى غايە ۋە ئىرادىنى ئويغىتىدۇ، باللار شۇ ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن بالا قەھرىمانلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، شۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىدىيەۋى ئەخلاق -پەزىلەت تەربىيەسىگە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپلىمە چېنىقتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ رولىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## بىرىنچىدىن باللارنىڭ خىيال ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ

باللارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولسا، باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، چوقۇم باللارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. باللار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى مول، تېمىسى رەڭدار بولۇپ، ئاسمان جىسىملىرىدىن تارتىپ، دېڭىز ئاستىدىكى غارايىباتلارغىچە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ئۆزى تەسۋىرلىگەن ھەر خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ھەر خىل ئوبرازلار، ھەر خىل ئادەم ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، زىددىيەت- توقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى باللارنىڭ بۇ ھەقتە ئويلىنىشىغا، تەسەۋۋۇر قىلىشىغا زور ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن: «بىر — بېلىق، ئىككى — ئۆردەك، ئۈچ — قۇلاق، تۆت — رۇجەك، بەش — ئىلمەك، ئالتە — ئالما، يەتتە — كەكە، سەككىز — قاپاق، توققۇز — چۆمۈچ، ئون — ئويماق» ناملىق باللار قوشىقى باللارنىڭ بىردىن ئونغىچە بولغان سانلارنى بىلىۋېلىشىغا، سانلارنىڭ نامىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. يەنى بۇ قوشاقتا، نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى رەقەملەرنىڭ شەكلىگە ئوخشاتقان بولغاچقا باللار ئالدى بىلەن نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق رەقەملەرنى ئىگىلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپكى ھېساب ئىلمىنىڭ ئاساسى بولغان سانلار بىلەن تونۇشىدۇ ھەم باللارنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى تەربىيىلەيدۇ. شۇڭا، باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى باللارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ھەم نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ باللار چۆچەكلىرى، ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايىلەر خىيال ۋە تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، باللار ئەدەبىيات

نەزەرىيەچىلىرى باللار ئەدەبىياتىنى «خىيالغا باي ئەدەبىيات» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ. چۈنكى، باللار چوڭلارغا قارىغاندا، خىيالغا باي كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھەر دائىم مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان نېمە ئۈچۈنلەر كېزىپ يۈرىدۇ. شۇڭا باللار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرى بىلمىگەن، ئەمما بىلىشكە ئىنتىلگەن سىرلىق دۇنيانىڭ ئىشىكىنى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

**ئىككىنچىدىن باللار ئەدەبىياتى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ**

تىل — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى. باللار ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، تىل ئۇنىڭ بىرىنچى ئامىلى ۋە ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. باللارنىڭ تىل، تەپەككۇر ئىقتىدارى يېتىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەم باللارنىڭ سۆز بايلىقى كەمچىل، ئىپادىلەش كۈچى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، باللار ئەدەبىياتىنىڭ تىلغا قويىدىغان تەلىپى چوڭلار ئەدەبىياتىدىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، يىغىنچاق، راۋان ۋە گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن تۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى باللارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. مەلۇمكى، ئەقلىي تەربىيە پۈتكۈل تەربىيە پائالىيىتىنىڭ مەركىزى، باللارنىڭ تەسەۋۋۇر، كۆزىتىش، تىل-تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئەقلىي تەربىيەنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. بىر كىشىنىڭ تەسەۋۋۇر، كۆزىتىش ۋە تىل تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى شۇ كىشىنىڭ ئەقلىي جەھەتتە ياخشى تەربىيەلەنگەن- تەربىيەلەنمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى ئەسەر ئىجاد قىلغان ۋاقىتتىمۇ، باللارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى شۇ ئارقىلىق ئەقلىي قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نەزەرگە ئالىدۇ. مائارىپنىڭ ۋەزىپىسىمۇ باللارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئانا تىلىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرىدىغان روھتا تەربىيەلەپ، ئۇلارنى مۇرەككەپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئانا تىلى ئارقىلىق راۋان ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىشتۇر. بۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭمۇ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئەلۋەتتە.

ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر تۈرلۈك پىكىرلەرگە باي بولغان بولىدۇ. بۇ پىكىرلەر خەزىنىسىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جەۋھەرلىرى ساقلانغان، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ جەۋھەرلەر جانلىق، ئوبرازلىق، قايىيىلەشكەن ئانا تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا باللار ئۆزلىرىگە بېغىشلانغان ھەر خىل باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا، يەنە ئېستېتىك زوق ئېلىش بىلەن بىرگە تەبىئىي ھالدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەربىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەزملەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى باللارنىڭ تەسەۋۋۇر، تىل ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىر خىل ئۈنۈملۈك قورال ھېسابلىنىدۇ.

**ئۈچىنچىدىن باللار ئەدەبىيات ئەسەرلىرى باللارنىڭ ئەخلاق- پەزىلەت قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ**

ئەخلاقىي تەربىيە — پۈتكۈل تەربىيە خىزمىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئىدىيەۋى ئەخلاقىنىڭ قانداقلىقى، شۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئادىمىيلىك تەبىئىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك. شۇڭا ئىدىيەۋى ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشىنى — ئادەم تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ماھىيىتى بەلگىلىگەن. چۈنكى بىلىم، ئەخلاق، غايە ئادەم تەبىئىتىدىكى ئاساسىي ئارتۇقچىلىق بولۇپ، بۇ سۈپەت ئادەمنى ھايۋاندىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىتالىيە كىلاسسىك شائىرى دانتې: «ئادەم ھايۋاندەك ياشىماستىن، بىلىمگە ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىنتىلىشى لازىم»دېگەن[3] بولسا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوگى ۋ.ئا. سوخوملىنىسكىي : «گۈزەللىك ئىنسان تەبىئىتىنى چېنىقتۇرىدۇ. ئادەم باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا گۈزەللىك تەربىيەسىنى ئالسا، بولۇپمۇ بەزى ياخشى كىتابلارنى ئوقۇسا، بارلىق گۈزەل نەرسىلەردىن تەسىرلىنىشكە ۋە تولۇق بەھر ئېلىشقا ماھىر بولسا، ئۇنى

باغرى قاتتىق، رەھىمسىز، شەرمەندە، چاكىنا، شەھۋەتپەرەسلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن»[4] دېگەن. شۇڭا، بىز ئەۋلادلارنى ھەم ئەقىللىق ھەم ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتا باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى مائارىپ ئوقۇتقۇچىنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ، تۈرلۈك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، شەكلى، دەرسلىك ۋە كۆرسەتمىلىك قوراللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ تەربىيىلىسە، باللار يازغۇچىسى جانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، شۇ ئوبرازلار ئارقىلىق باللارغا ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئەڭ مۇھىمى ئۇلارغا قانداق ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا باللار ئۆزلىرى ئۇچۇن يېزىلغان بىر پارچە نادىر باللار ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلىرىدىن ئېستېتىك زوق ئېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ زوقنىڭ تەسىرىدە نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەق -ناھەق تۇيغۇلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: شىۋېتسىيە ئايال يازغۇچىسى سىلمالاگەلوفنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «نىلىسنىڭ غازغا مىنىپ ساياھەت قىلىشى» ناملىق مەشھۇر چۆچەك رومانى ۋە شۇ ئاساستا ئىشلەنگەن كارتۇن فىلىمدە، باللارغا ۋەتەننى سۆيۈش، راستچىل، سەممىي بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاقنى سۆيۈش ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش تەربىيەسىنى بېرىدۇ. نىلىس ئەسلىدە قىلىقسىز، تەبىئەتنى سۆيمەيدىغان، چوڭلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايدىغان ئەسكى بالا ئىدى. كېيىن ئۇنى كىچىك تۆلكە پەرىشتە بارماقچىلىك قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. نىلىس غازغا مىنىپ شىۋېتسىيەنى ئايلىنىدۇ. بۇ ساياھەت ئۇنى تەربىيەلەپ، ئۇنىڭغا شىۋېتسىيەنىڭ كۆركەملىكىنى، ۋەتەننى، خەلقنى، ۋەتەننىڭ تاغ-دەريالىرىنى، ھايۋانلىرىنى سۆيۈشنىڭ لازىملىقىنى تونۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نىلىس ياخشى بالا بولۇپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا تۆلكە پەرىشتە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نىلىسنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە يۇرتداشلىرى يېڭىچە بىر نىلىسنى كۆرۈپ خوشال بولىدۇ. بۇ ئەسەر باللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ بولۇپمۇ، ئەسەر كارتون فىلىم قىلىپ ئىشلىنىپ باللارغا تەقدىم ئېتىلگەندىن كېيىن دۇنيا باللىرىنى ھەر قايسى جەھەتتىن تەربىيەلەشتە زور رول ئوينايدۇ.

**تۆتىنچىدىن باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى باللارنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتىنى ۋە ئېستېتىك غايىسىنى تەربىيەلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ**

پېداگوگىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، ئېستېتىكا تەربىيىسى توغرا گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈش، گۈزەللىككە تەلپۈنۈش ۋە گۈزەللىكنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

باللارغا قارىتىلغان گۈزەللىك تەربىيەسى — بىر پۈتۈن تەلىم -تەربىيەنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. شۇڭا ھەر خىل ياشتىكى باللارغا قارىتىلغان ئومۇميۈزلۈك تەلىم - تەربىيەدە گۈزەللىك تەربىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ باللارنىڭ توغرا، ساغلام ، ئىلمىي بولغان گۈزەللىك تەربىيىسىگە ئىگە بولۇشىغا، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن تونۇشىغا، گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە يېڭى- يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. باللارغا ئېستېتىك تەربىيە بېرىشتە، باللار ئەدەبىياتى بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. چۈنكى باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار باللارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنى گۈزەللىك تەربىيەسىگە ئىگە قىلىدۇ. باللار ئەدەبىياتىنىڭ باللارنىڭ ئىدىيە پەزىلىتى، ئەخلاق ۋە غايىسىنى تەربىيەلەش رولى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش رولى، تەسەۋۋۇر، كۆزىتىش، تىل ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى تەربىيەلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش رولى پەقەت ئۇنىڭ ئېستېتىك رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: باللار يازغۇچىسى ئابدۇراخمان ئەبەينىڭ «مۇستاپا»، نۇرمۇھەممەت زامانىنىڭ «دانىشمەن بالا»، مۇھەممەت روزى يارقىنىنىڭ «خاسىيەتلىك نەي»، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «سېغىزخان بىلەن بۆدۈنە»، ھەسەن تىلىۋالدىنىڭ «بوۋا، مىنى كەچۈرۈڭ»، پەرھات ئىلياسنىڭ «كرورەنلىك باللار» ناملىق ھېكايە، چۆچەك، مەسەل، دراما ۋە باللار رومانى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن باللارنىڭ قەلبىگە بىۋاستە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنى بايقىشى، ھېس قىلىشىغا ۋە يېڭى گۈزەللىك يارىتىشىغا

ئىلھام بېرىدۇ. بولۇپمۇ پەرھات ئىلياسىنىڭ «كىرورمىلىك باللار» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن بالا قەھرىمانلارنىڭ ئەگگۈشتەرلەرنىڭ ياردىمىدە توغرۇل دېگەن بىر زالىم نەپسانىيەتچى تەرىپىدىن خاسىيەتلىك يىپ ئېگىرىش چاقى بىلەن دەستىگاھى تارتىۋېلىنىپ، جىنكەشىنىڭ ئەپسۇنى بىلەن توغراققا ئايلاندۇرىۋېتىلگەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جەم بولۇشىغا، ئايىورۇق مەلىكىسىنىڭ كۆڭۈلدىكى سۆيگەن يىگىتى بىلەن توي قىلىشىغا، يالغۇزلۇق دەستىدىن ئۈمىدسىزلىكتە قالغان فىرانسىيەلىك رۇسسۇ بوۋاينىڭ ياشاش ئىشەنچىسىنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىغا، ھاراقكەش كاباتانىڭ ھاراق تاشلاپ ياخشى ئادەم بولۇشىغا، ئافرىقىلىق ئەما بوۋاينىڭ بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن پەيدا بولغان ئازابتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ... زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، رەزىللىكنى يوقۇتۇش، نامراتلارنى يۆلەپ، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى بۇ ھېكايىلەر باللار قەلبىنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق دەپ بىلىدىغان ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ ھەم باللارنى يېڭى گۈزەللىك يارىتىشقا ئىلھام بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، باللار ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئاساسىي مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، يېڭى دەرس ئۆلچىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئورنىنىڭ ئېغىمۇ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز رولىنى يەنىمۇ چوڭقۇر جارى قىلدۇرغۇسى.

## ئىزاھلار

[1] تۇرسۇن قۇربان:« باللار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005ـ يىلى 8ـ ئاي نەشرى، 25ـبەت.

[2] تۇرسۇن قۇربان: «مائارىپ ۋە باللار ئەدەبىياتى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1996ـيىلى نەشرى، 75ـ بەت.

[3] «مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى» دىن ئېلىندى.

[4] «ئوغلۇمغا يېزىلغان خەتلەر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 68ـبەت.

## پايدىلانمىلار

1. تۇرسۇن قۇربان: «باللار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» [M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005ـ يىلى 8ـ ئاي 1ـ نەشرى.
2. تۇرسۇن قۇربان: « مائارىپ ۋە باللار ئەدەبىياتى»[M]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996ـ يىلى 12ـ ئاي نەشرى.
3. مۇنەۋۋەر ئابدۇلئەزىز: «باللار ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ تۈرلىرى، باللار مائارىپىدىكى رولى ۋە باللار مائارىپى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»[J]، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2002ـ يىللىق 1ـ سان.
4. رىسالەت شىرىپ: «ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»[J]، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2006ـ يىللىق 3ـسان.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 04 - 107 - 01 (2012) 5878 - 1005

# يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ يۈكسىلىشى*

مېھرىگۈل ھەسەن

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئالاقىدار ماتېرىياللار توپلانمىغان ۋە يوقىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت-مائارىپنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ھازىرغىچە مەخسۇس ئەسەر يېزىلمىدى. بۇ ماقالىدە يەكەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت مائارىپىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت- مائارىپنىڭ گۈللىنىشى، ئالاھىدىلىكى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：关于叶儿羌汗国时期的教育文化事业的发展，由于史料的散失和缺失，至今无人专文论述，本文从叶儿羌汗国的社会状况、教育文化事业的开展和繁荣等方面探讨了叶儿羌汗国时期教育科学和文化知识的繁荣过程、特点和成就。

**Abstract:** Because many relevant materials have not been collected or have been destroyed, to date no specialized work of scholarship has been written on the cultural and educational developments that took place during the era of the Yarkend Khanate. This article will narrate the advancement of culture and education in the Yarkend Khanate, and will discuss the flourishing, characteristics, and successes in the cultural and educational spheres achieved in the Yarkend Khanate.·

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K203　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

يەكەن دېگەن نام توغرىسىدا سۇلتان مامۇت ئەپەندى «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»دا توختىلىپ: «يەكەننىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «يەكەنت»، ئۇنىڭدىكى «يار» ئېقىن مەنىسىدىكى «يارلىق» دېگەن بولىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3-توم193-بەت). «كەنت- شەھەر، ئوغۇزلار تىلىدا ‹يېزا-كەنت› دېگەن بولىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»،1-توم 447-448-بەتلەر). دېمەك، ھازىرقى«يەكەن»نىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە بىلدۈرىدىغان مەنىسى «يار ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن[1]. دېمەك، يەكەن قەدىمكى «يەكەنت»نىڭ ھازىرقى ئاتىلىشىدۇر.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردە ئىدىيە جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىش بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرى يارىتىلدى. يەنە بىر جەھەتتە، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى بىلەن، كېيىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەچكە سەئىدىيە خانلىقى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك خانلىق بولۇپ قالدى.

## 1. خانلىقنىڭ ئەھۋالاتى

سۇلتان سەئىدخان 1514 - يىلى قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەشھۇر سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى، شۇڭلاشقا بۇ خانلىق تارىختا «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتالدى. يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى يەكەننى مەركەز قىلىپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىلى ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، ئىسسىق كۆل رايونى،

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 10- ئاينىڭ 4- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: مېھرىگۈل ھەسەن(1959 - يىلى تۇغۇلغان) دوتسېنت، تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋاخان رايونى، كەشمىرنىڭ بىر قىسمى، تىبەتنىڭ ئالى رايونى قاتارلىق كەڭ كەتكەن زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز ئارا سىڭىشىپ، يېڭىچە مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن ئىدى. شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، سەئىدىيە خانلىقى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىش ۋە قوشۇلۇشنى تېزلىتىشتە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا بىرلىشىش بىلەن موڭغۇل مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، غەربىي رايون مەدەنىيىتىنى بېيىتىشتا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئىلىم-مەرىپەت، مەدەنىيەت ئىشلىرى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ يۈكسەك مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئىجابىي قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان، كېيىنكى خان ئابدۇرېشىتخان ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى خانلىقتىكىلەرنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولۇپ، دەۋرنىڭ چېنىقتۇرۇشى بىلەن ئەلەم ۋە قەلەمدە يېتىلگەن، مەرىپەتپەرۋەر دانىشمەن ئالىم، شائىرلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن بىرقەدەر تىنچ ۋە بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، بىلىملىك، ئىختىساسلىق كىشىلەر، ئۆلىما-ئالىملار قەدىرلىنىپ، ئۇلانىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن.

ھەممىگە ئايانكى، ئىلىم-پەن جەمئىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىلغار كۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم بەلگىدۇر. بۇ دەۋردە كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرى ئۆز قابىلىيىتىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى نامايەن قىلىپ، جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلغان.

## 2. ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى

ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى جەمئىيەتنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، ماددىي شارائىت بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. «سەئىدىيە خانلىقى خانلىق خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ، نۇرغۇن مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسەلەرنى سالدۇرۇپ، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس سالغان. يەكەن شەھىرىدىكى رەشىدىيە مەدرىسەسىلا 360 ھۇجرىلىق بولۇپ، ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان. 437 مۇنچا، مۇستەھەپخانا بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا «يېشىل مەدرىسە»، «مەدرىسە ئىقلىمات»، «جاھان مەدرىسەسى»، «خانلىق مەدرىسە»، «مەدرىسە مەھمۇدىيە»، «ساقىيە مەدرىسەسى»، «ۋەلىيە مەدرىسەسى» قاتارلىق خانلىق مەدرىسلەر بىنا قىلىنغان»[3]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خوتەن ھېيتگاھ جامەسى، خوتەن خانلىق مەدرىسەسى، پىچاننىڭ لۈكچۈندە «جاھاننامە مەدرىسەسى»، تۇرپان دائىرىسىدە ئاۋامىسلىم مەدرىسەسى، كۇچادا «تىغ دۆڭ مەدرىسەسى» قاتارلىق داڭلىق مەدرىسەلەر بىنا قىلىنغان. «بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ چاغلاردا سېلىنغان خانىقا 948، مەسچىت 585، قۇرۇلغان مەكتەپلەر 2263 گە، كارۋان سارايلار 1736 گە، تۈگمەن 992 گە يەتكەن»[4]. بۇ خىل مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى سەئىدىيە خانلىقىدا ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساقىيە مەدرىسەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بولۇپ، 56 ئېغىز ھۇجرا، 9 دەرسخانا ، بىر مەسچىت ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 6 ساراي، 16 ئارامگاھ بار بولۇپ، 1630 ـ يىلى سېلىنغان ئىدى. بولۇپمۇ «سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە قۇرۇلغان ئالتۇن مەدرىسە، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە قۇرۇلغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مەدرىسەسى ۋە ئابدۇللا خان دەۋرىدە قۇرۇلغان رەشىدىيە مەدرىسەسى شۇ دەۋرنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلاردا خانلىق تەۋەسىدىكى مىڭلىغان ئىلىم-پەن ھېرىسمەنلىرى بىلىم ئېلىپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە

ئىراق، ئىران، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان»[5].

«قاراخانىلار مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجلىرىدىن بولغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى، ئەسلىدە تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا بولۇپ، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەندى، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئەسكى ھىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى پايناپ دېگەن جايغا يۆتكەلدى ھەمدە ھەشەمەتلىك دەرۋازا، سەلتەنەتلىك گۈمبەز، نەقىشلىك مەسچىت ۋە تىلاۋەتخانا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت يۇرۇشلەشكەن مازار بىنا قىلىندى ۋە ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى قايتا ياسالدى، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەيخ ئىمام زايىت ھۈسەيىن ئىبنى خەلپىتەك ئالىم (مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇستازى)نىڭمۇ مازارى يېڭىلاندى».[6] بۇلار خانلىقنىڭ ئەجدادلارنىڭ مىللىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتەك ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى بولۇپ، خانلىق مىللىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتقانلىقتىن، تاكى ھازىرغا قەدەر مەدھىيەلەشكە ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان مەدرىسە، مەكتەپلەردە « ئەرەب - پارس، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل گىراماتىكىسى، شەرىئەت ئىلمىدە ئۇنىڭ ئاساسىي پەلسەپە بىلىملىرى، ھەدىس- مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ۋە تۇپلىمى، قۇرئان تەپسىرى، ناتىقلىق ئىلمى، تىل - ئەدەبىيات، ئىسلام تارىخى، جۇغراپىيە، پەلسەپە ئىلىملىرى، ئاسترونومىيە، ئەخلاق، سەنئەت، خەتتاتلىق قاتارلىق دەرسلەر، بولۇپمۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدىپ، ئالىملاردىن لۇتپى (1366 – 1465 – يىلى)، سەككاكى (1399 – 1449)، ئابدۇراخمان جامى (1414 – 1492 – يىلى)، نەۋايى (1441 – 1501) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەرس بېرىلەتتى».[7]

بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا نۇرغۇن ئالىم، ئەدىپ، شائىر، رەسسام، سازەندىلەر، تارىخشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس، تېببىي ئالىم، تەرجىمشۇناس قاتارلىق ئىلىم - پەن مەدەنىيەت ئەربابلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنى قالدۇردى.

تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاننىڭ ( ئەدەبىي تەخەللۇسى «ئاياس شىكەستە») «تارىخى رەشىدىي» ئەسىرى مەزكۇر دەۋردە بارلىققا كەلگەن مۇھىم ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ رايونلارنىڭ 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرلەرگىچە بولغان تارىخىي ئەھۋالى ئېنىق بايان قىلىنغان. [8] بولۇپمۇ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، سىياسىي-ھەربىي تۈزۈمى، ئەسەردە خان ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، سەئىدىيە خانلىقىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى جەڭلەر ۋە جەڭ مەيدانىدىكى زىددىيەتلىك تاكتىكىلارنىڭ سەۋەبى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغاندىن باشقا، سەئىدخان ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ، ئۇنىڭ ھايات قارىشى، مەرىپەت، ئادالەت، ئەخلاق، مۇھەببەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاننىڭ «جاھاننامە» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىقىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇ تارىخىي داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى سەئىدخان ۋاپات بولغان (1533-يىل)، ئابدۇرېشىتخان تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتلارغا توغرا كەلگەن بولغاچقا، بۇ ئەسەر 16-ئەسىردىن 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تارىخىي بوشلۇقنى تولدۇرۇشىمىز ئۈچۈن يەنە بىر قىممەتلىك تارىخىي ئەسەر بولۇپ قالغان.

تارىخشۇناس شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخ» («تارىخ ئابدۇرەشىدخان»، بەزى ماتېرىياللاردا «تارىخىي رەشىدى زەيلى»، يەنى «تارىخىي رەشىدىنىڭ داۋامى» ياكى «يىلنامە» دەپمۇ ئېلىنىۋاتىدۇ) ناملىق ئەسىرى 1672-1676-يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا يەكەندە يېزىلغان[9]. ئۇنىڭدا، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلىرى ۋە ئابدۇكېرىمخان دەۋرى، مۇھەممەدخان دەۋرى، ئابدۇللاخان دەۋرى قاتارلىق ئۇزۇن تارىخىي

دەۋرلەردىكى سەئىدىيە خانلىقىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۈرەشلەر ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولغان خوجىلار ھەم ئۇلارنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن قىممەتلىك ئەسەردۇر. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئالىم ۋە شائىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانىنىڭ «جاھاننامە» ۋە « تارىخىي رەشىدى» ئەسىرى، شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تارىخ»، «بىلىم ھەۋەسكارلىرى دوستى» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى دېمەك ئېلىنىۋاتىدۇ) ناملىق ئەسىرى، مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ «دىۋان قىدىرى»، شائىرە ئامانىساخاننىڭ «دىۋان نەفسى»، «ئەخلاقى جەمىلە»، «شۇرۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئېستېتىك تارىخىي شېئىرىي ئەسەرلىرى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ «زەلىلى دىۋانى»، مۇھەممەد ئىبنى خاراباتىنىڭ «كوللىيارت مەسنەۋى خاراباتى» ئەسىرى، خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق تارىخىي داستانى، گومنامىنىڭ «غەزەللەر دىۋانى»، نۆۋبىتىنىڭ «نۆۋبىتى دىۋانى» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئەدىب شائىرلارنىڭ يازغان تارىخىي ئەسەرلىرى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى نادىر ئەسەرلەر قاتارىدا دۇنياغا تونۇلغان ئىدى.

دېمەك، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر قاتار ئىسلاھاتچىلىق تەدبىرلىرى يولغا قويۇلغاندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، ئىختىساسلىق يېتىلگەن ئۆلىما ـ ئالىملار قەدىرلىنىپ، ئۇلارنى خانلىقنىڭ ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشىگە كەڭ ئىمكانىيەت ۋە ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىلگەنلىكتىن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيەت، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئالتۇن دەۋر دەپ شۆھرەت قازانغان قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يەنە بىر پارلاق مەدەنىيەت دەۋرىنى يارىتىپ، ئۇيغۇرلار جۈملىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قىممەتلىك تۆھپە قوشقان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت مۆجىزىلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھاتلار


[1]«قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئىككىنچى توپلام. قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار ھەيئىتى تۈزگەن، 1994 ـ يىلى نەشرى.
[2][7][9] ھاجى نۇرھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 227-، 225-، 235- بەتلەر.
[3][6] «قەشقەر ئەدەبىياتى»، ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 4 ـ سان.
[4] ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېرىكلار »، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان.
[5] سۇلتان ماھمۇت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
[8] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان: «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007- يىلى نەشرى، 1- بەت (نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزا ئەخمەت).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 07 - 111 - 01 (2012) 5878 - 1005

# قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇلاھىزە*

ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** قەدىمكى ئەسەرلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى نامايان قىلىپ بەرگۈچى يازما مىراس بولۇپ، بۇ مىراسلارنى ئىلمىي تونۇش، پەرقلەندۈرۈش نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلاردىن ئىنچىكە ۋە نازۇك بولغان تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماقالىدە، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ يېگانە نۇسخىسى بىلەن نادىر نۇسخىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى، پايدىلىنىش قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان باشقا ئەسەرلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى، نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：古籍作为反映前人历史文化和古典文学的文字材料，科学的鉴别和整理出版工作要求研究人员有细心的研究方法。本文探讨古籍中的善本与孤本的鉴别方法，有较高参考价值的其它古籍分类的科学方法及其工作步骤，工作方法，整理出版古籍工作中需要注意的问题。

**Abstract:** Ancient works comprise a written heritage that demonstrates our ancestors' history, culture, and classic literature; recognizing and differentiating those of us that have reached our era, and preparing them for publication, demands a careful and fine-tooled approach on the part of researchers and those who prepare the works for publication. This article briefly discusses the importance and methods of differentiating ancient works from each other and preparing them for publication

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G255.1　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

قەدىمكى ئەسەرلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىل ۋە يېزىق ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، ئىلمىي تەجرىبىلىرى ۋە پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى خاتىرىلەپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان بىباھا ئىلىم خەزىنىسىدۇر. قەدىمكى ئەسەرلەر ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلاتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەزمۇن تەركىبىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ئېھتىياجى، كىتابخانلار تەلىپى ۋە كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ شەخسىي خاھىشى سەۋەبلىك بەزى كىتابلار كۆچۈرۈپ تارقىلىش جەريانىدا مەزمۇنى ياكى ئاپتورى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان، بەزى مەزمۇنلار چۈشۈپ قالىدىغان ياكى بۇرمىلىنىپ كېتىدىغان خاتالىقلاردىن ساقلىنىشمۇ قىيىن. شۇڭا كىتابەتچىلىك تارىخىدا بىر قىسىم ئېنىقسىز-مۇجمەل كىتابلارمۇ بارلىققا كېلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ ھال ۋەسىقەشۇناسلىق ئىلمى ۋە كىتاب- ۋەسىقەشۇناسلاردىن كىلاسسىك مىراسلارنى ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈش ۋە توغرا تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دېمەك، ئېنىقسىز-مۇجمەل كىتابلار كىلاسسىك كىتاب-ۋەسىقەشۇناسلىقىدىكى تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ئايرىم مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ تېخى رەسمىي رەتلىنىپ تەتقىق قىلىنمىغان ياكى نەشرگە تەييارلىنىش جەريانىدىكى ئېپتىدائىي كىتابلارغا

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 5- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن(1957- يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان)، ئەدەبىيات ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قارىتىلىش بىلەن بىرگە يەنە تار مەنىدە چۈشىنىلىدۇ.

## 1. مۇجىمەل كىتابلار ۋە ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرى

مۇجىمەللىك كۆپىنچە مەلۇم بىر قەدىمكى كىتابنى كېيىنكىلەرنىڭ كۆچۈرۈپ تارقىتىش جەريانىدا بىلمەسلىك ياكى ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن خاتا كۆچۈرۈپ قويۇشى، ئارىلاشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ قويۇشى ياكى مەزمۇننى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. مۇجىمەل كىتاب ـ ۋەسىقەلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ، ئىلمىي تەتقىقاتقا ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇنداقتا مۇجىمەل كىتاب دېگەن نېمە؟ مۇجىمەل كىتابلار دېگىنىمىز قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقەلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم ئاپتورى، بارلىققا كەلگەن يىل ـ دەۋرى ھەقىقىي بولمىغان ھەمدە مەزمۇنى مۇجىمەل، ئويدۇرۇپ ياكى ياساپ چىقىلغان ئايرىم كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. بۇ يەردە دېيىلگەن «ئاپتورى ھەقىقىي بولماسلىق» دېگىنىمىز، كىتاب ئىسمى ھەم ئاپتورى جەھەتتىن شۇنداقلا مۇقەددىمە، خاتىمە، ئەسەر تېكىستى قاتارلىقلاردا ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان ئاپتور ئىسمىنىڭ ھەقىقىي بولماسلىقى ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقىغا قارىتىلغان. «يىل ـ دەۋرى ھەقىقىي بولماسلىق» دېگىنىمىز، قەدىمكى كىتاب ۋەسىقەلەرنىڭ ژانىر فورمىسىدا ئېنىق ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان مەلۇم ئەسەرنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرىنىڭ ھەقىقىي بولماسلىقىغا قارىتىلغان. ئاپتورى ھەقىقىي بولمىغان مۇجىمەل كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە «يىل دەۋرى ھەقىقىي بولماسلىق» ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «مەزمۇنى ئويدۇرۇلغان» دېگىنىمىز مۇئەييەن ئاپتورى ۋە يىل ـ دەۋرىگە ئىگە قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقەلەر ئىچىدىكى مەلۇم تەبىئىي بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ياكى ئەسلىي بار بولغان مەلۇم كىتاب ۋەسىقەسىنىڭ نامىغا يېڭى مەزمۇنلارنىڭ قوشۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇجىمەل كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ مەقسىتى ۋە شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ھالىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەۋجۇت بولۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۇنى مۇنداق 4 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: (1) مەزمۇن فورمىسى پۈتۈنلەي مۇجىمەل بولغان كىتابلار؛ (2) مەزمۇنىدا راست ـ يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن كىتابلار؛ (3) مەزمۇنى ھەقىقىي، ئەمما، قۇرۇلمىسى مۇجىمەل بولغان غەيرى كىتابلار؛ (4) ئەسلىي ھەقىقىي، ئەمما، خاتا تونۇلۇپ «مۇجىمەل» دەپ قارالغان كىتابلار.

كىلاسسىك كىتاب ـ ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا مۇجىمەل كىتابلار ئاساسەن مۇنداق 6 تۈرگە بۆلۈنىدۇ: (1) قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توپلانغان ساختا كىتابلار؛ (2) قەدىمكىلەرنىڭ ماقالىلىرى كىرگۈزۈۋېلىنغان كىتابلار؛ (3) قەدىمكى كىتابلارنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلغان ئېنىقسىز كىتابلار؛ (4) تېما ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە تەۋە قىلىۋېلىنغان كىتابلار؛ (5) كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئۆز خاھىشى بويىچە تېمىسى ئۆزگەرتىلگەنلىرى؛ (6) كېيىنكىلەر ئۆزلىرىگە پايدىلىق دەپ قارىغانلىرىدىن قايتا ياساپ چىقىلغانلىرى. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇر كىلاسسىك كىتابەتچىلىكى تارىخىدا ئانچە كەڭ ئومۇملاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنى يەنىلا نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

مۇجىمەل كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبلىرى خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، ئۇيغۇر كىتاب ۋەسىقەشۇناسلىقى تارىخىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بىر قىسىم مۇجىمەل كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىشى مەلۇم ئىجتىمائىي تارىخىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى ۋە يوللىرى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇخىل. قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقەشۇناسلارنىڭ ئەمەلىي تەتقىقاتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبىنى مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

(1) كىشىلەرنىڭ قەدىمكىنى سېغىنىش، ئۇنى ئارزۇ قىلىش چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان

مۇجەمەل كىتابلار.

ئۆتمۈشتە، بولۇپمۇ پۇتكۈل فېئوداللىق جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەردە قەدىمكىنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىدىغان، قەدىمكى ئەنئەنىلەرگە سېغىنىپ، دانىشمەنلەرنىڭ ئىدىيەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا چوقۇنىدىغان ھالەت مەۋجۇت بولغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىسمەن ئەھۋالدا ئۆزلىرى تەشەببۇس قىلغان ئىلمىي قاراش ياكى ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرنى قەدىمكىلەرگە يۆكلەش شەكلى بىلەن بەزى كىتابلارنى يازغان.

(2) تارىختا بەزى قەدىمكى كىتاب-ۋەسىقەلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك بارلىققا كەلگەنلىرى.

قەدىمكى دەۋردە كىلاسسىك كىتاب-ۋەسىقەلەرنىڭ زور دەرىجىدە يوقىلىپ بۇزۇلۇپ كېتىشى، ئەمما، كېيىنكىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان چىن ئەقىدە ئىخلاسى بىر قىسىم مۇجەمەل كىتابلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي سەۋەبى بولغان. تارىختا ئۇردا ئۆزگىرىشى ياكى ئەشۇ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك سىياسىي مالىمانچىلىق-قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش-جېدەللەر، تەبىئىي ئاپەتلەر (يەر تەۋرەش، كەلكۈن ئاپىتى، ئوت ئاپىتى) قاتارلىقلار تۈپەيلى قەدىمكى كىتاب - ۋەسىقەلەر زور دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ ھال كېيىنكىلەرگە ئىنتايىن زور ئېچىنىش ۋە ھەسرەت تۇيغۇسى قالدۇرغاچقا، قەدىمكى زىيالىيلار ياكى پۈتۈكچىلەر بەزىدە شۇ كىتابلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ياكى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئەسەر يازىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئەشۇ كىتابلارنى دوراش ياكى ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بەزىبىر كىتابلار بارلىققا كەلگەن.

(3) تارىختىكى سىياسىي توقۇنۇش، رىقابەتلەردىن كېلىپ چىققان ئېنىقسىز كىتابلار. ئۆتمۈشتە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى مەزھەپ كۆرەشلىرى ياكى دىنىي مەزھەپ نىزالىرى بەزىدە ئىنتايىن كۈچەيگەن، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئۆز قاراش، تەشەببۇسلىرى ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشلىرىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە تارتىش، رەقىبلىرىنى يېڭىش مەقسىتىدە بەزىدە بۇرۇنقى كىتابلاردىكى مەزمۇنلارنى ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىدىغان ياكى مۇجەمەل كىتابلارنى ياسايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار بولغان.

(4) ئىلمىي مۇنازىرە ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققانلىرى. ئۆتمۈشتە، بولۇپمۇ فېئودالىزىم جەمئىيەتتە ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملار ۋە ئالىملار ئارىسىدا ئاز-تولا رىقابەتمۇ مەۋجۇت بولغان. بولۇپمۇ بىر قەدەر داڭلىق ئالىم-ئەدىبلەر ئارىسىدا قارشى مەزھەپ ۋە ئېقىمدىكىلەرگە رەددىيە بېرىش ۋە كەمسىتىش، ئۆز تەلىماتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، رەقىبىنى يېڭىپ چىقىش، ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ھەر قايسى مىللەتلەردە قىسمەن دەرىجىدە قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەقلىدىي ياساپ چىقىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلگەن.

(5) ساختا-مۇجەمەل ئاپتور نامىدا مەيدانغا چىققانلىرى.

بۇنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولۇپ، بەزىدە كىشىلەر ئۆز كىتابىنى داڭلىق كىشىلەرنىڭ نامىدا تارقىلىشىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلسا، بەزىدە ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ياكى جەمەتىنىڭ نام-ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە كىتاب يېزىپ ياكى باشقىلارغا يازدۇرۇپ، ئۇنى ئاتا-بوۋىلىرى نامىدا ئاشكارا تارقىتىدىغان ئەھۋاللار قىسمەن مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن: 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىكى «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ئاپتورى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

(6) ياخشى ئىش قىلىش يولىدا بارلىققا كەلگەنلىرى.

قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك تارىخىدا تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭ رايونىدىن تېپىلغان بۇددا، مانى، خىرىستىيان دىنى مەزمۇن قىلىنغان كىتابلار ۋە ھۆججەت-ۋەسىقەلەر ئىچىدە ساۋابلىق ئىزدەپ ياخشىلىق قىلىش مەقسەتلىرىدە بارلىققا كەلگەن مۇجەمەل نوم ۋە دىنىي تۈستىكى ۋەسىقە-پۈتۈكلەر، بولۇپمۇ ساختا نوم -سۇترالار كۆپ بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئەسەر ۋە يازما پۈتۈكلەر ئارىسىدىمۇ باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن

تەقلىدى ئەسەرلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كىتابلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا بەلگىلىك ۋەسىقە ـ هۆججەتچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە.

## 2. كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

كىلاسسىك كىتاب ـ ۋەسىقەلەر ئىچىدە ئۇزاق تارىخىي جەريانلار مابەينىدىكى ئۇقۇشماسلىق ياكى قەستەن ئۆزگەرتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بەزى مۇجمەل كىتاب ۋە يازمىلارنىڭ بار بولۇشى نورمال بولغان ئوبيېكتىپ ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىشمۇ قىيىن. قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقەلەر ئىچىدىكى ئاشۇ خىل ساختا ئەسەر ياكى مەلۇم ۋەسىقە ئىچىدىكى ئېنىقسىز مەزمۇنلار ۋە باپ، بۆلۈملەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى ھەمدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار مۇجمەللىكنى پەرقلەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى بەزىلەر ھەقىقىيلىرىنى ئايرىش دېگەن قارشى مەنىدىكى ئۇقۇم بىلەنمۇ ئاتايدۇ.

ئىلمىي تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئەمەلىي ئىسپاتلاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى ئىلىم ساھەسىدىكى بىر ئاساسىي خىزمەت، ئۇ يەنە كىتاب ـ ۋەسىقشۇناسلىق ئىلمى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر. پەرقلەندۈرۈش ئادەتتە كەڭ دائىرىدىكى پەرقلەندۈرۈش ۋە تار دائىرىدىكى پەرقلەندۈرۈش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

كەڭ دائىرىدىكى ساختا كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنى پەرقلەندۈرۈش مەلۇم نەرسىلەرنىڭ چىن ياكى ساختىلىق مەسىلىسىگە قارىتا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەقىقىيلىقىنى بېكىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مەنا دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن ھەقىقىي ـ مۇجمەللىك مەسىلىسى قەدىمكى كىتاب ـ يادىكارلىقلار، قەدىمكى ئويما خەتلەر، رەسىم ۋە گۈل ـ نەقىش قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقشۇناسلىق دائىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان پەرقلەندۈرۈش بولسا كۆپىنچە تار مەنىدىكى پەرقلەندۈرۈش بولۇپ، ئاساسلىقى قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنىڭ ھەقىقىي ۋە ئېنىقلىرى بىلەن مۇجمەللىرىنى ئايرىپ چىقىش، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ھەقىقىي ئاپتورىنى بېكىتىش، ئۇنىڭ پۈتۈپ چىقىلغان يىل دەۋرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا مەلۇم كىتاب نۇسخىسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئىلمىي ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

قەدىمكى كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن يىل دەۋرىنى ئىسپاتلاپ بېكىتىش قەدىمكى كىتاب ۋەسىقەلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مەركىزىي مەزمۇنىدۇر. ھەر قانداق ئادەم بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھەقىقىي ئاپتورىنى بېكىتىش، ئۇنى تونۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش جەريانىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىلمىي پەرقلەندۈرۈش بولسا بارلىق پەن، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى. قەدىمكى دەۋر تارىخ مەدەنىيىتىنىڭ يەتكۈزگۈچىسى بولغان كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ قايتا ۋۇجۇتقا چىقىش ۋە تەتقىق قىلىنىش جەريانىدا، بىرىنچىدىن، زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ يەككىلىك ۋە ئۆز مۇھىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش چۈشەنچىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ۋاقىت چېكى، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى، يەككىلىكنىڭ ئىپادىلىنىشى قاتارلىق بۇ ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەر مەلۇم مىللەتنىڭ تارىخىي ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي زەنجىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئۈچى ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك مۇئەييەنلىك ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئۈچ ئامىلىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن، ساختا كىتابلارنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى غۇۋالاشتۇرىدىغىنى دەل ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقىي بولغان ۋاقىت دەۋرى، يەككىلىك ئوبيېكتى، يەنى ئاپتورى بولۇپ، مەلۇم ئالاھىدە بولغان يەككىلىك يەنە ئوخشاش ۋاقىتتا زامان ۋە ماكان ئەھمىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

خۇددى «ئالتۇن ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، كىلاسسىك ۋەسىقەلەر پەقەت توغرا ۋە ئىلمىي پەرقلەندۈرۈش-تونۇش ئارقىلىقلا تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنالايدۇ. ئەگەردە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچلىكلىرى بىلەن ساختا-مۇجىمەللىرى تونۇلۇپ، ئېنىق ئايرىلمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆز قىممىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. بۇرۇنقىلار توپلىغان قەدىمكى ۋەسىقەلەرنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى تونۇپ پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتىكى ئەھمىيىتى ھەققىدىكى قىممەتلىك بايان ۋە يەكۈندىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆت تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھەقىقىي-ساختىلىقىنى تونۇماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممىتىنى بېكىتىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئىككىنچى، قەدىمكى كىتاب - ۋەسىقەلەرنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى ئايرىماسلىق قەدىمكى كىتابلارنىڭ رەتلىنىشىگە پايدىسىز؛ ئۈچىنچى، قەدىمكى دۆردىكى كىتاب-ۋەسىقەلەرنىڭ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى شەرت قىلىنغان ھالدا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي-ساختىلىقىنى ئايرىمىغاندا، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش ۋە ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە يېڭى تارىخىي كىتابلارنى يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس؛ تۆتىنچى، قەدىمكى كىتاب- ۋەسىقىلەرنىڭ ھەقىقىي، مۇجىمەللىرىنى ئايرىمىغاندا مەلۇم پەننىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس.

مۇجىمەل كىتابلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك چوڭ ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى، ئالدىنقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ كىتابلارنى تونۇشتىكى ئۇسۇل -تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قەدىمكى كىتابلارنى تونۇش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇش. بۇ ئۇسۇل كاتالوگ ياكى ئۇچۇر خاراكتېرلىك نوپۇزلۇق كىتاب- ۋەسىقەلەردىن كېرىشىپ قەدىمكى كىتابلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئايرىش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۇسۇل ئۆز ئىچىدىن يەنە تۆۋەندىكىدەك 6 خىل ئۇسۇل بىلەن ئورۇنلىنىشى مۇمكىن: بىرىنچى: مۇندەرىجىلىك كىتابلارنى مۇھاكىمە قىلىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىش مەنبەسىنى كۆزىتىش. ئىككىنچى، تارىخىي ۋەقەلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ۋە ئاپتورنىڭ ياشىغان ۋاقتىنىڭ ھەقىقىي-ساختىلىقىنى ئايرىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئاپتورنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە دائىر ئۇچۇرلاردىن قول تىقىپ، مەلۇم بىر ئەسەر ئاپتورىنىڭ ھاياتى، ئىش-ئىزلىرى ۋە ئەسىرى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇ ئەسەرنىڭ راست- يالغانلىقىنى بىلىش؛ تۆتىنچىدىن، مەلۇم ئەسەر تېكىستى ياكى ماقالە-ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ۋە تىل خۇسۇسىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئۆزگىچە ئۇسلۇب، سۆز-ئىبارىلەر، ژانىر قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى ئايرىش؛ بەشىنچىدىن، نەقىل ۋە ۋەسىقەلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن نۇسخىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى، ئۇنىڭ ۋەقەلىكىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكىنى تەكشۈرۈپ، شۇ ئەسەرنىڭ ھەقىقىي-ساختىلىقىنى ئايرىش؛ ئالتىنچىدىن، ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇ ئىپادىلىگەن ئىلمىي قاراشنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى ئايرىش. تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلىگەن ئىدىيەۋى قاراشلىرىدا ئېنىق بولغان دەۋرنىڭ ئىزنالىرى ۋە يەككە ئالاھىدىلىكى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ مۇئەييەن كاتېگورىيەدىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنچىكە ئانالىز قىلىش ۋە تەھقىقلەش، ئەسەرنىڭ پەرقىنى يۇقىرى دەرىجىدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ھەقىقىي-مۇجىمەللىكى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي دەۋرىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى بەلگىلەشنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

## 3. مۇجىمەل كىتابلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

ئالدىنقىلار كىلاسسىك كىتاب-ۋەسىقەلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئايرىپ بېكىتىشتە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بىراق، كېيىنكى دەۋرلەردە قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن قەدىمكى كىتاب-

ۋەسىقەلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئەمەلىيىتىدە ئاز بولمىغان سەۋەنلىكلەرمۇ سادىر قىلىندى. بەزى ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنىڭ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ساختا بولۇپ چىقىشى تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىز ئادەتتە مۇجمەل كىتابلارنى ئايرىشنىڭ ئومۇملاشقان ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئالدىنقىلارنى ھۆرمەتلەش، ئەمما، ئۇلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنماسلىق، ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. بۇ بارلىق پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ھەممىسى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسىي پرىنسىپ. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ راست ياكى ساختىسىنى ئايرىشمۇ شۇنداق. پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ئالدىنقىلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنماسلىق، مەزھەپ ئايرىماسلىق، ئاددىي ۋە تار ھالدا مەلۇم بىرلا سۇبيېكتىپ خاھىش ياكى قاراشنى ئاساس قىلماسلىق كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئومۇملۇق بىلەن قىسمەنلىك، ئاددىيلىق بىلەن مۇرەككەپلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىش. بۇرۇنقى كىلاسسىك كىتاب ـ ۋەسىقەلەرنىڭ بەزىلىرى كېيىنكىلەرگە تارقىلىش تۈزىتىش، تولۇقلاش جەريانىدا كونا ھەتتا ئاقىرىپ، ئۆچۈپ كەتكەنلىرى بىلەن ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن چوڭ پەرقلەرنى شەكىللەندۈردى. ھەتتاكى راست بىلەن يالغان ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ تېكىستىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈپ، ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنى، ئاددىيلىرى بىلەن ئالاھىدىلىرىنى ئېنىق ئايرىش، ھەرگىزمۇ قىسمەنلىكنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئومۇملۇقنىڭ چىنلىقىنى ئىنكار قىلماسلىق، شۇنداقلا، يەنە چىن ياكى ساختىلىقىنى ئايرىشنىڭ ئاددىي قائىدىسىنىلا قوللىنىپ، شەخسلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، مەلۇم ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، يېنىكلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلىنىش، ئەتراپلىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش كېرەك. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە ئايرىشنىڭ ئۇسۇلى كۆپ، ئەمما ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ھەر قانداق بىر ئۇسۇلنى ھەرگىزمۇ مۇتلەق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا پەقەت مەلۇم تەرەپىنىلا تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ھەقىقىي ياكى مۇجمەللىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك. پەرقلەندۈرۈپ بېكىتىشتە چوقۇم كۆپ خىل تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئەتراپلىق قوللىنىش، ھەرخىل ئۇسۇل ۋە يول ئارقىلىق ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ۋە يەكۈن چىقىرىش بىرقەدەر ئەمەلىي ۋە ئىشەنچلىك ئۇسۇلدۇر؛ تۆتىنچىدىن، يېڭى قېزىلمىلارنىڭ بايقىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇشۇ پەننىڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىش. ھازىرغىچە قېزىۋېلىنغان مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى، ئاددىي پۈتۈكلەر، ئاددىي كىتابلار، تاش ئويمىلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ۋە يېزىلغان ۋاقتىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك پاكىت ئاساسىغا ئىگە. كىتاب ـ ۋەسىقەلەر مۇرەككەپ تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، بەزى ئالىملار ساختا كىتاب دەپ قارىغان كىتاب ـ ۋەسىقەلەر مۇشۇ يېڭىدىن بايقالغان ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى ۋە يېزىلغان ئىشەنچلىك ۋاقتىنى ئىسپاتلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

## 4. مۇجمەل كىتابلارنىڭ ساقلىنىش قىممىتى

كىتابەتچىلىك ئىلمىدىكى «مۇجمەل كىتاب» ئۇقۇمى بىلەن ئادەتتىكى مۇجمەل ـ ساختا ئىش ماھىيەت ۋە خاراكتېر جەھەتتىن تامامەن ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بۇ خىل مۇجمەل كىتابلار مىللىي ۋەسىقەشۇناسلىق تارىخىدا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىر پارچە تارىخىي ماتېرىيال ئەگەر «ئېنىقسىز» ياكى «يالغان» دەپ بېكىتىلسە، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى يوقىلىپ، پەقەت شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت، ئىدىيەۋى چۈشەنچە، ماددى شارائىت، ئىلمىي كەيپىيات، پەن ـ مەدەنىيەت، سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردىن پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنىش

ئارقىلىق تارىخىي قىممىتى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، مۇجمەل كىتابلار بولسا بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىر قىسىم ساختا كىتابلار بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن ھەقىقىي يىل - دەۋرى ياكى ئاپتورى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتى ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كىتاب-ۋەسىقە بولۇشتەك ھەقىقىي قىممىتىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ بېكىتىلىدۇ. مۇجمەل كىتابلار مەلۇم جەھەتتىنلا مۇجمەل ياكى ساختا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى يېڭى ۋە ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە مەزمۇنلارمۇ ساقلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇجمەل كىتاب» دېيىلگەنلەرنىڭ قىممىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مۇجمەل كىتاب دەپ قارالغان ۋەسىقەلەرنىڭ قىممىتى ئاساسەن تۆۋەندىكى 6 تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، قەدىمكى دەۋردىكى كىتابلار مەزمۇنىنىڭ تارقاق ساقلىنىپ ئىپادىلىنىشى؛ ئىككىنچى، قەدىمكى دەۋردىكى مىللىي ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ ساقلىنىشى؛ ئۈچىنچى، قەدىمكى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى؛ تۆتىنچى، قەدىمكى دەۋرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى؛ بەشىنچى، قەدىمكى دەۋر پەن-تېخنىكا سەۋىيەسىنىڭ ئىپادىلىنىشى؛ ئالتىنچى، قەدىمكى دەۋرنىڭ تىل-يېزىق ۋە ئەدەبىي ژانىرلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ساختا كىتابلار پەقەت ھەقىقىي ھالدا ئاپتورى، ئۇنىڭ يېزىلغان دەۋرى، ئىپادىلەنگەن ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلار تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلانسىلا، ئۇ قايتا يورۇقلۇققا چىقىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتتىكى ئورنى ۋە ئىلمىي تارىخىي قىممىتىنى نامايەن قىلالايدۇ. ئەمما، بىر قىسىم ئانچە ئىشەنچلىك بولمىغان، ھەدېسىلا خاتالىقى چېلىقىپ تۇرىدىغان كىتابلار ئايرىم كىشىلەرنىڭ قۇرۇق نام - ئابرۇي ئۈچۈن ياكى كىتاب سودىگەرلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان، ئاز بىر قىسىم ئويدۇرما كىتاب-ۋەسىقەلەرگە باشقىچە مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر. مەسىلەن: ئاتالمىش «كەكمەنىر» شېئىرلىرى، «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ ئاپتورى، گۇمنام بىلەن ھىرقەتىنىڭ بىر شائىر ياكى ئىككى شائىر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا مۇشۇ خىل ئىنچىكە ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىلىشى كېرەك.

قەدىمكى كىتاب- ۋەسىقەلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇش زۆرۈر. مەلۇم كىلاسسىك كىتابنىڭ مۇجمەللىكلىرىنى يېشىپ چىقىشتا، ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن ، ئاندىن مەلۇم ۋەسىقەشۇناستا بۇ ئەسەرگە قارىتا كۈچلۈك ئىشتىياق ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشقا بولغان ئىنتىلىش پەيدا بولۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىنى قايتا نامايەن قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ مۇشۇ ۋەسىقە ھەققىدىكى بىلىشى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئىلمىي تونۇش بىلەن ئۇنى توغرا پەرقلەندۈرۈش كىلاسسىك مىراسلارنى توپلاپ رەتلەش ۋە توغرا نەشرگە تەييارلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلانمىلار

1. جاڭ سەنشى: «جوڭگو كىلاسسىك ۋەسىقەشۇناسلىقى»، ئوتتۇرا جوڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003- يىلى خەنزۇچە نەشرى.
2. ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار: «كىلاسسىك ۋەسىقەلەرنىڭ تېكىست تەھقىقچىلىكى ھەققىدە قاراشلىرىم»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007- يىللىق 4- سان.
3. نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

33 ـ يىللىق 1 ـ سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 33 卷第 1 期
2012 ـ يىلى 3 ـ ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2012 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2012) 01_118_07

# كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم*

## ھۆرمەتجان فىكرەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرى ھەققىدە بەزى يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：**本文作者与其教学实践相结合，对维吾尔古典文学教学的现状及存在的问题进行探讨，并且提出解决这些问题的一些想法和教学改革方面的思考。

**Abstract:** This article will consider the current state of classical Uyghur literature pedagogy, as well as some problems remaining in the field, and will put forward some ideas for ameliorating these problems.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G622　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر خەلقى باي ئەدەبىي مىراسلارغا ۋە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇرۇندىنلا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى دەرسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىلىپ كەلگەن.

ھالبۇكى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ ھازىرقى ئوقۇتۇش پىروگراممىسىدا، كىلاسسىك ئەدەبىياتقا ئاجرىتىلغان دەرس سائىتى كۈندىن كۈنگە قىسقارتىلىپ، كېمىيىپ بېرىۋاتىدۇ. ھازىر يولغا قويۇلىۋاتقان ئوقۇتۇش پىروگراممىسىدا كىلاسسىك ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ئەمەلىي دەرس سائىتى ئەسلىدىكىدىن خېلىلا قىسقارتىلغانلىقى ئۈچۈن، كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشىدا دەرس مەزمۇنلىرى بارغانسېرى قىسقىراشقا قاراپ مېڭىپلا قالماي، يەنە ئەسلىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىشقا ۋاقىت يەتمەسلىكتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىۋاتىدۇ. بۇ خىل دەرس مەزمۇنى جىق، دەرس سائىتى ئاز بولۇشتەك زىددىيەتنى كۆپ ھاللاردا پەقەت ئەسلىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىشنىڭ قېتىم سانى ۋە ۋاقتىنى كېمەيتىش ئارقىلىق، شەكىل جەھەتتىن ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش يولى بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش، بەھرىلىنىش ئىستىكىنى پەسەيتىپ، ئۇلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ.

## 1 . كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇتۇشىدا، كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشى ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرى، دەۋرلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە شائىر، ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تونۇشتۇرۇش، تەھلىللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە (1) قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر ئېغىر، يەنى ئۇ، ئەدەبىياتشۇناسلىقتىن باشقا يەنە پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئېتىكا، تېكىستولوگىيە، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق كۆپلىگەن پەن ساھەلىرىگە تۇتىشىدۇ. (2) تارىخى

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ھۆرمەتجان فىكرەت (1968 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور.

جەھەتتىن بىر قەدەر ئۇزۇن، يەنى ئۇ ئەڭ قەدىمكى ئاغزاكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر، مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدىن تاكى 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىغا قەدەر بولغان ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مانا شۇ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىكى شائىر ۋە ئەدىبلەر، ئالىم ۋە تەرجىمانلار، ئەسەرلەرگە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. (3) دەرس سائىتى ئاز. م: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھازىرقى ئوقۇتۇش پىروگراممىسىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسلىدىكى 3 ماۋسۇمدىن قىسقارتىلىپ، ئىككى ماۋسۇمغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئەمەلىي دەرس سائىتى ئاران 96 سائەت.

## 2 . نۆۋەتتىكى ئوقۇتۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل

نۆۋەتتە كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقۇتۇش ۋاستىسى ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى يەنىلا ئەنئەنىۋى يولدىن مېڭىۋاتىدۇ. ئوقۇتۇش ۋاستىسىنى ئېيتساق، ئاغزاكى سۆزلەش بىلەن دوسكىغا يېزىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى بىلىم بېرىش ۋاستىسى قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ، ئوقۇتقۇچى سۆزلەش، ئوقۇغۇچى خاتىرىلەش، ئىمتىھاندا يادلاپ تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. ئوقۇتۇش ئەندىزىسىمۇ ئەدەبىيات تارىخىنى سۆزلەش ئاساس، ئەدەبىي ئەسەرلەر تەھلىلى، بولۇپمۇ ئەسلىي ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش قوشۇمچە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھازىرقى ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك زىددىيەتلىك مەسىلەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا:

(1) ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى ئوقۇتۇشىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەرس مەزمۇنى جىق، دەرس سائىتى ئاز بولۇشتەك زىددىيەت مەۋجۇت. ئەسلىنى ئېيتقاندا، ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئەسەرلەر تەھلىلى ئوخشاش نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان ھەم كۆپ تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقىدەك دەرس سائىتى ئاز، ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى بىر قەدەر قالاق، ئوقۇتۇش مېتودىدا ئىجادىيلىق كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنىڭ كۆنسېرى تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇقەررەر.

(2) كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاللانما دەرسلەرگە (م: «فارابىيشۇناسلىق»، «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق»، «نەۋائىيشۇناسلىق» ۋە باشقىلار) نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزى مەزمۇنلار تەكرار سۆزلىنىپ، ئەسلىدىنلا يەتمەيۋاتقان چەكلىك دەرس سائىتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىشتەك زىددىيەتلىك ئەھۋال مەۋجۇت. نۆۋەتتە ئوقۇتقۇچىلار ئاچقان تاللانما دەرسلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قىزىقىشى ياكى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە، ياكى بولمىسا كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر قىسىم يىرىك شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى دەرسىدە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىر قىسىملىرى بۇ تاللانما دەرسلەردىمۇ تەكرارلىنىدۇ. سەۋەبى، ئوقۇتۇش – بەربىر ئوقۇتۇش، ئۇ تەتقىقاتقا ئوخشىمايدۇ. ئوقۇتۇشتا مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىلىق، ئىجادىيلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە يەتكۈزۈلىدىغان بىلىمنىڭ سىستېمىلىق بولۇشى، يەنى سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلارنىڭ باش – ئاخىرى باغلىنىشچانلىققا، ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى تاللانما دەرسلەرنى سۆزلىگەندە، بەزىدە مەزمۇننىڭ پۈتۈنلۈكىگە ۋە سىستېمىلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىنىپ بولغان بىلىملەرنىمۇ قايتىدىن سۆزلىشكە، بەزى مەزمۇنلارنى تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسلىدىنلا يېتىشمەيۋاتقان چەكلىك دەرس سائىتىنى ئىسراپ قىلىشقا ئېلىپ كېلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

## 3. ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ھەققىدىكى ئويلار

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھازىرقى ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا، بولۇپمۇ ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشكە

توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى يۈزەكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

**1)ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى تەڭشەش ياكى ئىسلاھ قىلىش**

يېقىندا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بولسا، تاللانما دەرسلەردىكى مەزمۇن تەكرارلىقى دەرس سائىتىنىڭ ئىسراپ بولۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى سۆزلىنىۋاتقان كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلىملىرىنىڭ سىستېمىلىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئەسلى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىش قېتىم سانى ۋە ئۇنىڭغا كېتىدىغان ۋاقىتنى كېمەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىش بولسا ئوقۇغۇچىلاردا بەدىئىي گۈزەللىكتىن زوقلىنىشتىكى ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە ئەسەرلەرنىڭ مەنا قاتلاملىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە ئەسەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى بولسا ئۇلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات ساپاسىنى يېتىلدۈرىدىغان مۇھىم تەرەپتۇر. دەرس مەزمۇنى كۆپ، دەرس سائىتى ئاز بولۇشتەك زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەسلىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىش قېتىم سانى ۋە ۋاقتىنى قىسىش ئارقىلىق ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى شەكىل جەھەتتىن ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسلىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىشنى قۇربان قىلىش- ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ۋە ئەسەرلەرنى چۈشىنىش، ھەزىم قىلىشتىكى بەدىئىي دىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز بولۇپ، بۇ تەبىئىي ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مىسال ئۈچۈن ئېيتىدىغان بولساق، مۇشۇ 5 ـ 6 يىلدىن بېرى ھەر قېتىم ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 4، 5ـ يىللىقىدىكى، يەنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا دەرسكە كىرگىنىمدە، سىنىپتىكى باللاردىن «ئاراڭلاردا ‹قۇتادغۇبىلىك›نى ئوقۇپ باققانلاردىن قانچىڭلار بار؟» دەپ سوراپ كۆرىمەن. ئەپسۇسكى، بەزى سىنىپلاردىن بىر-ئىككى ئوقۇغۇچى قول كۆتۈرۈپ قالمىسا، ئاساسەن دېگۈدەك، ئوقۇغانلار يوق. نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىمۇ شۇ ئەھۋال، «خەمسە» ھەققىدىغۇ گەپ قىلمىساقمۇ بولىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولالمىغۇدەك جىق ئەسەرلەر، بولۇپمۇ يىرىك ئەسەرلەر ئۇ قەدەر كۆپمۇ ئەمەس. شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئەھۋال بۇ تۇرسا... يەنە كېلىپ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ چىقىۋاتقانلاردىكى ئەھۋال شۇ بولسا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە.

ھازىرقى ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلاردا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ كۈندىن كۈنگە سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت. ھازىرقى ئەدەبىياتنى تۈزۈك ئوقۇمايۋاتقان باللاردىن كىلاسسىك ئەسەرلەرنى نېمىشقا ئوقۇمايسەن دەپ ئاغرىنىشمۇ، بەلكى ئانچە توغرا ئەمەستۇر. ئەمما، كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ، بولۇپمۇ كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ سۇسلاپ كېتىشىدىكى ھەممىلا سەۋەب ئوقۇغۇچىلاردا ياكى زاماندا بولۇشىمۇ ناتايىن. بۇ مەلۇم جەھەتتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى، قىزىقتۇرۇشى، يېتەكلىشىگىمۇ باغلىق.

بۇنىڭ ئۈچۈن كلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى ئەنئەنىۋىي رامكىلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، دەرس سالمىقى ۋە دەرس سائىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئارقىلىق دەرس ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مېنىڭچە، ھازىرقى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى تەڭشىلىپ، ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئەسەرلەر ئايرىپ ئۆتۈلسە، يەنى ئەدەبىيات تارىخى ئاساسىي دەرس سۈپىتىدە سۆزلەنسە، ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇلۇپ «كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش»، «كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن مەخسۇس لېكسىيە» دېگەنگە ئوخشاش كەسپىي تاللانما دەرسلەر تەسىس قىلىنسا ھەمدە ئەدەبىيات تارىخى بىلەن بىر ماۋسۇمغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا؛ باشقىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات

تارىخى ئاساس سۈپىتىدە سۆزلەنسە، ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىش ئۇنىڭغا تولۇقلىما قىلىنسا، ئوقۇغۇچىلار ئىمكان قەدەر ئەسلىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىشقا يېتەكلەنسە، ئۇلارنىڭ ھەم ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ ئۆزلىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم ئېستېتىك زوقلىنىش ئىقتىدارى ۋە بەدىئىي دىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

ئوقۇتۇش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دەرس سائىتىنى تېجەش ئۈچۈن ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىلىش مۇمكىن. ئەدەبىيات تارىخىنى ئوقوغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى كىتاب كۆرۈپ، تەييارلاپ كېلىشى ئاساس قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەخسۇس تېمىلاردىكى لېكسىيەلىرى يانداشتۇرۇلسا؛ ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىشتا ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىشى ئاساس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخسۇس تېمىلاردا مۇھاكىمە قىلىشى ياندىش قىلىنىشى بولىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي بىلىملەر، تەرەققىيات باسقۇچلىرى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ماتېرىيال كۆرۈپ، تەييارلىشى ئاساس قىلىنسا، ئەدەبىي ئېقىملار، ئەدەبىي ھادىسىلەر، ئەدەبىي مۇھىت قاتارلىقلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەخسۇس تېمىلاردىكى لېكسىيەلىرى بىرلەشتۈرۈلسە ئۈنۈم تېخىمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن. شائىر- ئەدىبلەرنى سۆزلەشكە نىسبەتەن ئېيتساق، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يىرىك ئەسەرلەر (م:«قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانى ھىكمەت»، «خەمسە» ۋە باشقىلار)نى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگىتىشى، شەرھلىشى ئاساس قىلىنىپ، ئادەتتىكى ئەسەرلەردە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئوقۇشى ئاساس قىلىنسا، شائىرلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتى، ئۇسلۇبى، شائىر ـ ئەدىبلەر بىلەن مەلۇم ئەدەبىي ئېقىمنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر مەخسۇس تېمىلار بويىچە لېكسىيە سۆزلەش، مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا بولىدۇ. بۇنىڭدا، بىلىمنىڭ ئۆزلىشىش ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە يەنە ئېستېتىك زوق ۋە بەدىئىي دىتىنىمۇ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

**(2) ئاساسىي دەرس بىلەن تاللانما دەرسنىڭ دەرس مەزمۇنى ئېنىق ئايرىلىشى كېرەك**

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، دەرس مەزمۇنىنىڭ تەكرارلىنىپ، دەرس سائىتىنىڭ ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاساسىي دەرس بىلەن تاللانما دەرس ئۆتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئالدىغا يول تۇتۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي دەرس بىلەن تاللانما دەرسنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، قايسىسىدا قايسى مەزمۇنلار كەڭ ۋە چوڭقۇرراق سۆزلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئايرىلسا؛ يەنى ئاساسىي دەرس ئاساسىي بىلىمنىڭ جۇغلىنىشىغا ئەھمىيەت بەرسە، تاللانما دەرس تەتقىقاتچانلىقىغا ۋە شۇ پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە كۆپرەك ئېتىبار قاراتسا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلاردا سىستېمىلىق بىلىم قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ ۋە يېڭىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى تاۋلاپ، ئېستېتىك زوقلىنىش ئىقتىدارى ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

**(3) كىلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك**

نۆۋەتتە، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقىلاردىن بىرى- كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيەۋى قاتلاملىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت. ھازىر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى دەرسلىكى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقان ئىككى قىسىملىق دەرسلىك كىتابنىڭ ئىچىدە كىلاسسىك شېئىرىيتىمىزدە قوللىنىلغان ۋەزىنلەر، قاپىيە ئىلمى، قاپىيە سەنئىتى، شېئىرىي سەنئەتلەر ھەققىدە بىرەر باب ئەمەس، ھەتتا پاراگرافمۇ ئۇچرىمايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ نەزەرىيەلەرسىز بىز كىلاسسىكلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتى، ئۇلار يەتكەن بەدىئىي پەللە ھەققىدە نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟! ئوقۇغۇچىلاردا كىلاسسىك

ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا بولغان قىزىقىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ دەل مۇشۇ بولسا كېرەك.

شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئومۇمىي جەھەتتىن «ئىلمى ئەرۇز»، «ئىلمى قاپىيە»، «ئىلمى بەلاغەت» دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، «ئىلمى ئەرۇز» شېئىرىيەتتىكى ۋەزىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. «ئىلمى قاپىيە» بولسا قاپىيە قانۇنىيەتلىرى ۋە تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

«ئىلمى بەلاغەت»، يەنى «بەلاغەت ئىلمى»دىكى «بەلاغەت» سۆزى «ۋايىغا يەتكەن، يېتۈك، تولغان، يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. سۆز مەنىسىدىنمۇ مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك، «بەلاغەت ئىلمى» نۇتۇقنىڭ پاساھەتلىك بولۇشى، يەنى ئوچۇق ۋە ئېنىق، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان، ماكان ۋە زامانغا ماس تەرزدە ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، سۆزنىڭ ۋايىغا يەتكەن، پاساھەتلىك تەرزدە ئىپادىلىنىشىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى، قائىدە ـ قانۇنلىرى، ئۇسۇل ۋە شەكىللىرى ھەققىدىكى ئىلىمدۇر.

«ئىلمى بەلاغەت» يەنە ئۈز ئىچىدىن «ئىلمى مەئانى»، «ئىلمى بايان»، «ئىلمى بەدىئىي»دىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، «مەنا ئىلمى» ــ سۆزنىڭ شۇ ۋەزىيەت، ھالەتكە ماس تەرزدە ئىپادىلىنىش يوللىرى ھەققىدىكى ئىلىم بولۇپ، ئاساسەن نۇتۇقنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. «بايان ئىلمى» بولسا مەقسەتنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىش يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ.

«ئىلمى بەدىئىي» يەنى «بەدىئىيەت ئىلمى» ـ بەدىئىي سەنئەتلەر ھەققىدىكى ئىلىم بولۇپ، «بەدىئ ــ ئەرەبچە يېڭى، ئاجايىپ، نادىر، يېڭى بايقالغان، كەشىپ قىلىنغان» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. دېمەك، ئىلمى بەدىئ ـ پىكىرنى راۋان ۋە نەپىس ئىپادىلەش يوللىرى ۋە ۋاستىلىرى، بەدىئىي سەنئەتلەر (ئۇسلۇبلار، ۋاستىلەر)نىڭ تۈرلىرى ھەمدە خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

مانا شۇ ئىلىملەر، بولۇپمۇ ۋەزىن، قاپىيە ۋە بەدىئىي سەنئەتلەر (شېئىرىي سەنئەتلەرمۇ دېيىلىدۇ) ھەققىدىكى ئىلىملەردىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي گۈزەللىك ئالىمىگە قانداق كىرگىلى ۋە ئۇنى ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا قانداق كۆرسەتكىلى بولسۇن؟!

بۇ جەھەتتە گەرچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئارۇز ئىلمى، قاپىيە ئىلمى، شېئىرشۇناسلىق، بەدىئىيەت ئىلمى قاتارلىق كىلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيەلىرىگە دائىر بىر قىسىم يېڭى دەرسلەر ئېچىلىپ ئۆتۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ ئەسلىي تەلىپىدىن خېلىلا يىراق. بولۇپمۇ بۇ ھەقتىكى دەرسلىكلەرنىڭ تۈزۈلۈپ، نەشىر قىلىنىشى ئالدىمىزدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى قاتلىمىغا ئەھمىيە بېرىش ۋە كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم.

**4) ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنى ياخشىلاش كېرەك**

ئوقۇتۇش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە چوقۇم مۇكەممەل ۋە زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتىكى ئوقۇتۇش ۋاستىسى يەنىلا دوسكا بىلەن بورىدىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئاتالغۇ، ئۇقۇملار، تارىخىي ۋەقەلەر ئوقۇغۇچىلارغا ناتونۇش بولۇپ، ئوقۇتقۇچى بىر مۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى دوسكىغا يېزىپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇمۇ دەرس ۋاقتىنى خېلى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز دېيدىكەنمىز، چوقۇم كۆپ ۋاستىلىك (多媒体) ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دوسكىغا يېزىلىدىغان مەزمۇنلار ۋە ھاجىتى بولمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنى ئازايتىش لازىم. م: «مىنياتۇرا رەسىملىرى» دېسە ئوقۇغۇچىلار دەرھال چۈشىنەلمەيدۇ، ئۇنى دوسكىغا يېزىپ ياكى سىزىپ چۈشەندۈرگەندىمۇ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمايدۇ، ئۇندىن كۆرە، شۇنداق رەسىملەردىن بىر نەچچىنى PDF ياكى PPT ھۆججىتى ئارقىلىق ئېكراندا كۆرسەتسە، ئوقۇغۇچىلاردا بۇ ھەقتە دەرھال چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ، ئۈنۈممۇ باشقىچە بولىدۇ.

دېمەك، كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلانغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈملەرگە ئېرىشىش مۇمكىن: (1) مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى ئۇزۇن بايانلارنى قىسقارتىپ، ئاددىي يوللار بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. م: مەلۇم بىر دەۋرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، مەدەنىيىتى ھەققىدە سۆزلىگەندە، بىر تالاي بايان، تونۇشتۇرۇشلاردىن كۆرە شۇ دەۋرلەرگە ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار، مەڭگۇ تاشلارنىڭ رەسىملىرى، تارىخىي سۈرەتلەر، تەسۋىرلەر، مەنبەلەر كىرىشتۈرۈلۈپ PDF ياكى.PPT ھۆججىتى تەييارلانسا ۋە دەرستە كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئېكراندا كۆرستىلسە، ئوقۇغۇچىلاردا شۇ تارىخىي ۋەقە-ھادىسىلەر ھەققىدە بىۋاستە تەسىرات، چۈشەنچە پەيدا قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە زېرىكىشلىك بايانلاردىن قۇتۇلۇپ، دەرسخانا كەيپىياتىنى جانلاندۇرغىلى ۋە شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(2) بىر قىسىم ئابستراكت بايانلارنى كونكرېتلاشتۇرغىلى بولىدۇ. م: مەلۇم بىر شائىر ياكى ئەدىبنى تونۇشتۇرغاندا، نەقىل ئېلىنغان مەنبەلەر، سېلىشتۇرۇلغان نۇسخا ياكى نەشرلەرنى سۆزلەشتە دوسكىغا، پۈتۈن - پۈتۈن شېئىرىي مىسرالارنى، كىتابلارنىڭ ناملىرى، نەشر قىلىنغان يىللىرى، ئاپتورلىرى ۋە باشقا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر شائىرلارنىڭ پورتېرتلىرى، ئەسەرلىرىنىڭ قوليازما ياكى تاش باسما نۇسخىلىرىدىن ئۆرنەكلەر، نەشر قىلىنغان بولسا شۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىلىرى، كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر - مىنياتۇرا (م: نەۋائىي ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن مىنياتۇرالار)، ھەتتا كىلاسسىك ئەسەرلەر تېما قىلىپ ئىشلەنگەن بەدىئىي فىلىملەردىن پارچىلار كۆپ ۋاستىلىك دەرس تاييارلىقى شەكلىدە سىنىپتا ئېكرانغا چۈشۈرۈلۈپ، چۈشەندۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، بايان قوشۇمچە قىلىنسا، بۇنىڭدىمۇ چەكلىك دەرس ۋاقتىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ.

(3) شېئىرلاردىكى پوئېتىك ئوبرازلار، سىمۋوللار بىۋاستىلىشىدۇ. كىلاسسىك شېئىرىيەتتىكى يوشۇرۇن مەنىلەرگە ئىگە رەمز - سىمۋوللار، ئوبراز - تىمساللار بىرئاز مەۋھۇم ھەم كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى تىل بىلەن تولۇق چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش ناھايىتى قىيىن (م: كىلاسسىك شائىرلارنىڭ تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئىشقىي غەزەللىرى، نەۋائىينىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «لىسانۇتتەير» داستانلىرى). ئەگەر كۆپ ۋاستىلىك ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ئارقىلىق رەسىم-سۈرەتلەر، تەسۋىرلەرگە ئايلاندۇرۇلۇپ، كۆڭگا نەرسە روشەنلەشتۈرۈلۈپ، مەۋھۇم ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ كۆرستىلسە، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇلارنى كىلاسسىكلارنىڭ بەدىئىي دۇنياسىغا باشلايدۇ-دە، دەرسخانىدىكى قۇرۇق گەپلەرنى ئازايتىپ، مۇجمەل چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بەزىدە كىلاسسىك مۇقاملار (كىلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللىرىنى ئاساسىي تېكىست قىلغان ئۇيغۇر 12 مۇقامى) ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنسا، گەرچە رەسىم - تەسۋىرلەردىكىدەك بىۋاستە تەسىرات پەيدا قىلالمىسىمۇ، لېكىن كىلاسسىك شېئىرلارنىڭ مەنا قاتلاملىرى، بەدىئىي يۈكسەكلىكىنى، تەسەۋۋۇر كەڭلىكىنى ھېس قىلىش ۋە چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ئاجايىپ جەزىبىدارلىق ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتلەرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئاجايىب ئاھاڭدارلىق ۋە مۇزىكىلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە تىلدىكى پاساھەت ۋە پىكىردىكى ھىكمەت، يەنى بەدىئىيلىك بىلەن پەلسەپەنىڭ چەمبەرچەس گىرەلىشىپ، ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەنلىكى بىلەنمۇ ئەسىرلەر بويى دىللارنى ئۆرتەپ، قەلبلەرگە ئوت يېقىپ، ئىنسانلارنى ھاياتنى سۆيۈشكە چاقىرىپ كېلىۋاتقان ئىشق ۋە ئىلىم يالقۇنىنىڭ يوغۇرۇلمىسىدۇر. ئۇ بىزنى كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بەدىئىيەت دۇنياسىغا باشلاپ، ئۇنىڭدىن زوقلاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە بىزنى ئىلىم- ھىكمەت، ئىرپان دۇنياسىغا يېتەكلەپ،

قەلبىمىزدىكى زامانىۋىي مەدەنىيەت پەيدا قىلغان كەمتۈكلۈكلەرگە مەلھەم بولۇپ، قاغجىراۋاتقان روھىيىتىمىزدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرىدۇ.

كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرى ۋە ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ بەدىئىي سۈرىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا چەكلىك دەرس ۋاقتى ئىچىدە بۇ پارلاق مەدەنىيەت ۋە شانلىق ئەدەبىياتنىڭ ھەممە قىرلىرى ۋە قاتلاملىرىغا تولۇق توختىلىپ بولۇش قىيىن. شۇڭا كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچى چوقۇم مانا شۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ، قايسى نۇقتىدىن كىرگەندە ئۇنىڭ ھەقىقىي جەزبىسىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقالىشى ھەمدە بۇنى ئۆز ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە جانلىق قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كىلاسسىكلارنىڭ بەدىئىي ماھارەت ۋە تەپەككۇر يۈكسەكلىكىنىڭ سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، دەلىللەپ بېرەلىشى كېرەك. ئەنە شۇندىلا، كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ سېھرىي كۈچى ئۆزىنى نامايەن قىلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلاردىمۇ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن زوقلىنىش، بەھرىلىنىش ئىستىكى كۈچىيىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم ئوقۇتۇش مېتودىمىز، ئوقۇتۇش ئەندىزىمىز ئۈستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىشىمىز، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىز، ئەنئەنىۋىي، قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى زامانىۋىي ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئىسلاھ قىلىشىمىز، تەپەككۇر ۋە بىلىمىمىزنى يېڭىلاپ بېرىشىمىز، تولۇقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھلار

1. بۇ ھەقتە كەڭرەك مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ھۆرمەتجان فىكرەت: «كىلاسسىك شېئىرىي سەنئەتلەر ھەققىدە» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىل، 4ـ سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2012) 04-125-06

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا*

زاھىدە مۇسا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسى ھازىرقى زامان ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرۈشكە، ئۇچۇرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بىرتەرەپ قىلىشقا، ئۇچۇر تۈزۈپ يەتكۈزۈشكە پىششىق بولۇشتەك ئاساسىي ئىقتىدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇچۇر تېخنىكىسى ياراتقان يېڭى شارائىتتا، ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى ۋە ئۇسۇلى، تەنقىد روھى، كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىشتىراك قىلىش ئېڭىنى ھازىرلاشنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە كىشى دېگىنىمىز، قانداق ئۆگىنىشنىلا بىلىدىغان كىشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش ئېڭى، ئادىتى، ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈش دەۋرنىڭ تۈپ تەلىپى.

**摘要**：高校师生的信息素养不仅包括熟练运用现代信息技术获取识别信息、加工处理信息，传递创造信息的基本技能，更重要的是在信息技术所创造的新环境中具备独立自主学习的态度和方法、批判精神以及强烈的社会责任感和参与意识。有信息素养的人是指那些不仅懂得如何学习，而且具有终身学习的意识、习惯、能力的人。提高高校师生的信息素养是信息化时代的基本要求。

**Abstract:** The informational level of teachers and students in institutions of higher learning includes not only basic ability's like using modern informational technology, differentiating information, processing information, and conveying information; even more importantly in this new environment of information technology, it includes the preparation of a willingness and ability to learn on one's own, a spirit of criticism, a strong sense of social responsibility, and a sense of participation. Someone with a high informational level understands not only how to learn, but is also possessed of a life-long predilection, habit, and ability to learn. Raising the informational level of teachers and students in institutions of higher education is a basic requirement of the age.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G641　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئۇچۇر ساپاسى ئۇقۇمى

نۆۋەتتە، كۆپ ئىقتىدارلىق ئىجتىمائىيلاشقان ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۆزلىنىشى بولۇپ قالدى. زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتىمۇ تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى. شۇڭا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ ئاساسى بولغان ئۇچۇر ساپاسىغا يېڭى تەلەپلەر قويۇلدى. ئۇچۇر ساپاسى (Literacy Information) دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشمەكتە ھەمدە ئۇ ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى باھالاشنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچىگە ئايلانماقتا.

ئۇچۇر ساپاسى كۇتۇپخانا بىلەن ئالاقىدار ئۇقۇم.

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: زاھىدە مۇسا (1984-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان)، ماگىستىر، كۇتۇپخانا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئامېرىكىدا، ئۇچۇر ساپاسى كۇتۇپخانىدا ئىزدەش ماھارىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن راۋاجلانغان دېگەن گەپ بار. 1974 ـ يىلى ئامېرىكا ئۇچۇر كەسپىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پاۋل زېكاۋسكى پۈتۈن ئامېرىكا كۇتۇپخانا ۋە ئۇچۇر ئىلمى كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا ئۇچۇر ساپاسى ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ، بۇ ئۇقۇم تا ھازىرغىچە ھەرىكەت ھالىتىدە تەرەققىي قىلماقتا. زېكاۋسكى بۇ ئۇقۇمنى «زور مىقتاردىكى ئۇچۇر ۋە ئۇچۇر مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ مەسىلىلەرنى يېشىش تېخنىكىسى ۋە ماھارىتى» دەپ شەرھلىگەنىدى. ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا بىلىش تېخنىكا ۋە ماھارەت قاتلىمىدىلا توختاپ قېلىپ، ئۇچۇر ئىزدەش ماھارىتى ئىگىلىۋېلىنسىلا ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە ئادەمگە ئايلانغىلى بولىدۇ دەپ قارالغان. 1989 ـ يىلى ئامېرىكا كۇتۇپخانا جەمئىيىتىنىڭ يىللىق دوكلاتىدا ئۇچۇر ساپاسىغا ئېنىق تەبىر بېرىلدى، يەنى ئۇچۇر ساپاسى ــ شەخسنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۇچۇر لازىم بولۇشىنى بىلىش، قوبۇل قىلىش، باھالاش ۋە ئۇچۇردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا دائىر ئۇنىۋېرسال ماھارەتنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇچۇر ساپاسى بىر ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار. ئۇ ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ۋە ئىشلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇچۇرنى بىلىش، باھالاش، تاللاش، پايدىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىلىش بىلەن مەشغۇلات قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى. ئۇچۇر ساپاسىنى تۈرلۈك ئۇچۇر مەنبەلىرىگە ئېرىشىش، ئۇلارنى باھالاش ۋە ئىشلىتىش ئىقتىدارى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى ئۇچۇر ئېڭى، ئۇچۇر ئىقتىدارى، ئۇچۇر بىلىمى، ئۇچۇر قارىشى، ئۇچۇر ئەخلاقى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ئۇچۇر جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ئىگىلەش زۆرۈر بولغان مۇھىم ماھارەت.

ئۇزۇن يىللىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۇچۇر ساپاسىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسى ئۈچ قاتلامغا يىغىنچاقلاندى:

بىرىنچى، ئۇچۇرغا يۇقىرى ئۈنۈمدە ئېرىشىش ۋە ئۇنى تەنقىدىي باھالاش، ئۇچۇرنى تاللاش ئىقتىدارى؛ ئۇچۇرنى تەرتىپلىك يىغىنچاقلاش، ساقلاش ۋە تېز سۈرئەتتە قولغا كەلتۈرۈش ئىقتىدارى؛ ئۇچۇرنى كۆپ ۋاسىتىدىن ۋە توردىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەش، ئۇنى ئىجادىي ئىشلىتىش ئىقتىدارى.

ئىككىنچى، يۇقىرىقى بىر يۈرۈش ئۇچۇر ئىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆز ئالدىغا، يۇقىرى ئۈنۈمدە ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇشقا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى.

ئۈچىنچى، ئۇچۇر مەدەنىيىتى يېڭى مۇھىتىدا پۇقرالارنىڭ ئەخلاقى، پىكرى، قانۇن ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش. ئۇچۇر ساپاسىنىڭ ئىچكى قۇرۇلما ئامىللىرى باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇلار ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئورگانىك پۈتۈنلۈك.

## 2. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇچۇر ساپاسى ئۈستىدە تەھلىل

ھازىرقى باسقۇچتا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر ساپاسى ئومۇمىي گەۋدىدىن تۆۋەنرەك ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئۇچۇر ئېڭى، ئۇچۇر بىلىمى، ئۇچۇر ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە تازا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچۇر ئېڭى ۋە ئىقتىدارى جەھەتتە ئازدۇر ــ كۆپتۇر مەسىلە مەۋجۇت. ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش پائالىيىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە يولغا قويغۇچىسى، بىر يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. ئالىي مەكتەپلەردىكى بەزى ئوقۇتقۇچىلار، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش ۋە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ئەنئەنىۋى كۇتۇپخانا كارتىسى كاتالوگىدىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلار دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ كىتابلىرى، قەرەللىك ژۇرناللىرىدىن ئۇچۇرغا ئېرىشىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېلېكترون ئۇچۇر مەنبەلىرىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پايدىلىنىپ كەسپىي ئۇچۇرلارغا ئۈنۈملۈك ئېرىشىش ئېڭى ئاجىز. ھېلىھەم بەزى ئوقۇتقۇچىلار كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئىزدەشكە

ئادەتلىنەلمەيۋاتىدۇ. ھازىر ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغان دەۋرگە كىردۇق، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمدى مۇتلەق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى بولماي قالدى. چۈنكى يېڭى ئۆگىنىش مۇھىتى، يېڭى ئۆگىنىش ئەندىزىسىدە، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى بولماي قالدى. بەزى جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىدىغىنى ھەتتا ئوقۇتقۇچىنىڭكىدىن كۆپ بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بىز بۇ مۇناسىۋەتلەرنى تەگشەپ، ئىككىسى ئارىسىدىكى ئۆگىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزئارا يېتەكچىلىك قىلىش، تولۇقلاش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالىي مەكتەپلەردىكى نۇرغۇن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۇچۇر ساپاسىمۇ بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرماقتا. ئۇچۇر ئېڭى دېگىنىمىز، ئۇچۇر ئىشلەتكۈچىنىڭ بۇ ئۇچۇر ئۈستىدىكى ئاڭلىق پسىخىك ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئۇچۇرغا بولغان سەزگۈرلۈكى، ئۇچۇرنى ئانالىز قىلىپ تاللاش ئىقتىدارى، ئۇچۇرغا ئېرىشىشتىكى ۋاستىسى، ئېلېكترون ئۇچۇر مەنبەسىگە دائىر تونۇشى ۋە ئىزدەش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالاھەزەل ئىستۇدېنتلارنىڭ يېرىمىنىڭ ئۇچۇر ئېڭى ئاجىز، بۇ ئۇلارنىڭ كۇتۇپخانىدىكى مول ئۇچۇر مەنبەلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز كەسپىگە دائىر ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ بار جايى ۋە ئالاقىدار ئىزدەش ئۇسۇلىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچۇر ساپاسى جەھەتتە تەربىيەلەشكە سەل قارالغانلىقتىن، ئۇلار ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ بۇ جەھەتتىكى يېتەكلەش كەمچىل، دەرسلەر ئىچىدە مەخسۇس ماتېرىيال ئىزدەش دەرسى بولمىغانلىقتىن، ئومۇمەن ئۇچۇر ساپاسى سەۋىيەسى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. بۇ كونكرېت ئۇچۇرنى ئۇيۇشتۇرۇش، پىششىقلاش، ئانالىز قىلىش، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىدا، بولۇپمۇ ئۆز ئېھتىياجىغا باپ كېلىدىغان ئۇچۇرنى چەكلەش ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تېخىمۇ ئاجىز بولۇشىدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇن چەت-ياقا رايونلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇرغا ئېرىششى يەنىلا باسما ھۆججەت-ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلىنىپ، ئېلېكترون ھۆججەت-ماتېرىيال مەنبەلىرىنى تونۇشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەنى قانات يايدۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىل. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى ۋە كەسپىي سەۋىيەسىدە ناھايىتى زور يۈكسىلىش بولدى. بىراق بىرقىسىم كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، چەت ئەل تىلى سەۋىيەسى ۋە كومپيۇتېر بىلىمى بىرقەدەر تۆۋەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر قىسىم كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ مۇلازىمەت ئېڭى ئاجىز، بۇ كۇتۇپخانىلاردا ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

## 3. ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى. ئۇچۇر ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ يېتىلىشىنىڭ جىددىي تەلىپى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىستۇدېنتلار كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ تايانچى، ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىستۇدېنتلارنى يۇقىرى ساپالىق يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىختىساسلىقلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار پايانسىز ئۇچۇر دېڭىزىغا دۇچ كەلگەندە مۇئەييەن ئۇچۇر ساپاسىنى ھازىرلىمىغان بولسا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئۇچۇر ئېڭى بولغان،

ئۆزىنىڭ ئۇچۇر ئېھتىياجى ۋە ئۇچۇر قىممىتىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇچۇرغا دائىر ئىقتىدارنى ھازىرلىمىغان بولسا يەنىلا قانداق قىلارنى بىلەلمەي قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر ساپاسى بولغاندىلا، ئۇنۇملۈك چارە ۋە يولنى تېپىپ، ئالاقىدار پەن بىلىملىرىگە ئېرىشەلەيدۇ، كەڭ بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولالايدۇ.

ئىككىنچى، كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەشنىڭ زۆرۈر شەرتى. كۇتۇپخانا خادىملىرى كۇتۇپخانا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ يادرولۇق كۈچى شۇنداقلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇرغا ئېرىشىشتىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىدىكى بىۋاسىتە ئەمەلىيەتچى. ئۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ كۇتۇپخانىدىكى ئۇچۇر مەنبەلىرىگە ئېرىشىشى، ئۇنى باھالىشى، بىرتەرەپ قىلىشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى جەريانىدا، كۇتۇپخانا خادىملىرى ئۇلارغا زۆرۈر يېتەكلەشلەرنى قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنى دېگىزدەك ئۇچۇر مەنبەلىرى ئىچىدىن زۆرۈر ئۇچۇرلارغا تېز، توغرا، ئەترapلىق ئېرىشتۈرۈشى لازىم. كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسى جەھەتتىكى ئەھۋالى ئۇچۇر ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇچۇر تەلىپىنىڭ ئېشىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇچۇرنىڭ پەيدا بولۇشى، شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ياخشى ئۇچۇر ساپاسى بولغاندا، ئابونت ئۆزىنىڭ ئۇچۇر ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا، توغرا ئىپادىلەپ ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيدۇ، ئۇچۇر بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈش-ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەتتىكى ئالىي مەكتەپنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، ئالىي مەكتەپلەردە يېڭى تىپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

تارقىتىش ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇچۇر تارقىتىش پائالىيىتىگە كىرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى بىلىدىغان بىلىملەرنى تاسقاپ تاللاش، پىششىقلاش، چەككىلەش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزىدۇ، ئاندىن نىشانغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئۈنۈمى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇچۇر ساپاسى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش جەريانىدا خېلى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئۇچۇر ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بىر يۆنىلىشلىك، بىرلا خىل لىنىيەدىكى ئۆگىنىش مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئۆگىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۇچۇر مەنبەسى كۆپ خىللىششقا كۆتىرىدۇ، بۇ ئۇچۇر يەتكۈزۈش كۆپ يوللۇق بولىدىغان يېڭىچە ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ رولى ئەمدىلىكتە بىلىم ئۇچۇرلىرىنى«مونوپول قىلغۇچى بولۇش» بولمايدۇ. بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىششى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆزىنىڭ رولىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەمراھى بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ ئۇچۇرلىششى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىلىم ئۇچۇرلىرىنى بېرىدىغان نوپۇزلۇق ئۆگەتكۈچىدىن بىلىم ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 4. ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈش تەدبىرلىرى

بىرىنچى، ئۇچۇر ساپاسى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۇچۇر ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى

— ئۇچۇر ئېڭىنى كۈچەيتىش. ئۇچۇر ئېڭى ئۇچۇر ئابونتىنى ئوبيېكتىپ ئۇچۇر رېئاللىقىدىن ئۇقۇم، ئىدىيە، پىلان تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلىدىغان، ئۇچۇر پائالىيەتلىرىنى مەقسەتلىك، نىشانلىق ۋە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قىلىدىغان قىلىدۇ. ئۇچۇر ئېڭى ۋە ئۇچۇر ئىقتىدارى ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىنىڭ يادرولۇق قىسمى، شارائىتى بار ئالىي مەكتەپلەر ئۇچۇر نەزەرىيەسى تەربىيەسى دەرسى تەسىس قىلىشى، ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىنىڭ ئالىي مائارىپتىكى ئورنىنى كۆتىرىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر ئېڭىنى كۈچەيتىشى لازىم.

ئىككىنچى، ئۇچۇر ساپاسى بىلەن دەرسنى بىرىكتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئالىي مەكتەپلەر ماتېرىيال ئىزدەش دەرسى تەسىس قىلىش لازىم.

ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىنى مەلۇم بىر دەرسلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىنى تۈرلۈك دەرسلەرگە سىڭدۈرۈش لازىم. ئۇچۇر تېخنىكىسى باشقا دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، ئۇ ھەم باشقا دەرسلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆگىنىشكە پايدىلىق، ھەم ئۇچۇر تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە پايدىلىق. ماتېرىيال ئىزدەش دەرسى باشتىن-ئاخىر ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىنىڭ ئىستېمالچىلارنى تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇشىنىڭ ئاساسىي يولى بولۇپ كەلدى. ماتېرىيال ئىزدەش دەرسىدە دەرس ئۆتۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ماتېرىيال ئىزدەش دەرسىنى ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسى بازىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. دەرس مەزمۇنى جەھەتتە ئەنئەنىۋى ماتېرىيال ئىزدەش دەرسىدىكى مەزمۇنلارنى سۆزلىگەندىن سىرت، يەنە كومپيۇتېردا ئىزدەش مەزمۇنلىرىنى، بولۇپمۇ تور ماتېرىياللىرىنى ئىزدەش بىلىملىرى ۋە تور ئۇچۇر مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش بىلىملىرىنى كۆپەيتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مۇكەممەل ماددىي ئاساس تۇرغۇزۇش كېرەك.

ئۇچۇر ساپاسىنى يېتىشتۈرۈش مۇئەييەن ماددىي ئاساستىن ئايرىلالمايدۇ. تور ئۇچۇرى دەۋرىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ كومپيۇتېر ۋە تورغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئۇنى قوللىنىشى ئۇچۇر ساپاسىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم نۇقتىسى. ئالىي مەكتەپلەر تىرىشىپ مەكتەپنى تورلاشتۇرۇشى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى، مەكتەپنى تورلاشقان، سىفىرلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان يېڭىچە ئوقۇتۇش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش سەھنىسى قىلىپ چىقىشى لازىم.

تۆتىنچى، مەكتەپلەرنىڭ ئۇچۇرلىشىش مۇھىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇچۇر دەۋرى ئوقۇتقۇچىلىرىغا دائىر يېڭى ئەندىزە بەرپا قىلىش لازىم.

ئوقۇتقۇچىلارغا سىستېمىلىق ھالدا ئۇچۇر ساپاسى دەرسىگە ئائىت تەلىم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇر بىلىملىرىنى كۈچەيتىش، كېڭەيتىش ۋە ئۇچۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئوقۇتۇشتىن ئاشقان ۋاقىتتا ئۈزۈلكسىز ئۆگىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭىلىشى، ئوقۇتۇشنى سەرخىللاشتۇرۇشى، ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىگە ماس كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلىنالايدۇ.

بەشىنچى، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى ئوقۇغۇچىلارغا ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئۇچۇر ئەمەلىيىتى پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرى يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەندە پائال تۈردە كۇتۇپخانا ساۋاتلىرى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. بۇنىڭدا تەشۋىقات، دەرسخانا شەكلى ۋە كۆپ ۋاستە شەكىللىرى ئارقىلىق كۇتۇپخانا ئەھۋالى، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ خىزمەت دائىرىسى، ساقلانغان كىتابلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، كىتابلارنىڭ تۈرى، كۇتۇپخانا رەقەم بايلىقلىرى قاتارلىق ئۇل بىلىملەر ۋە ئىزدەش بىلىملىرىنى تونۇشتۇرسىمۇ بولىدۇ. كۇتۇپخانىلار كۆپ ۋاستە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال ئىزدەش دەرسىنىڭ مەزمۇنىنى ئېلېكترون نۇسخىغا ئايلاندۇرۇپ، كۇتۇپخانىنىڭ تور پونكىتىدا قويۇپ

بەرسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىلىرى ۋە ياتاقلىرىدا خالىغاندا تېرمىنال تەگىشەش ئارقىلىق دەرس مەزمۇنىنى ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن گۇمانىي مەسىلىلەر بولسا، بىۋاستە ياكى تور ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن مەسلىھەت سورىسا ۋە چۈشىنىۋالسا بولىدۇ. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۇچۇر ئىقتىدارىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىنتېرنېتتىكى ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە، ئۇلارغا تور مەشغۇلات ماھارىتى ۋە ئۇسۇلىنى پىششىق ئىگىلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇچۇر ئەخلاقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىنى كۈچەيتىش لازىم. ئۇچۇر ئەخلاقى دېگىنىمىز، پۈتكۈل ئۇچۇر پائالىيىتىدە ئۇچۇرنى پىششىقلىغۇچىلار، يەتكۈزگۈچىلەر، ئىشلەتكۈچىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت پائالىيەتلىرىنى تەڭشەيدىغان قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسى. توردا ھەم ئۆگىنىپ تۈگەتكۈسىز بىلىم بار، ھەم نۇرغۇن جەمئىيەت، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە شەخسلەر مەخپىيىتىگە پايدىسىز ئۇچۇرلارمۇ بار.

ئۇچۇر دەۋرىدىكى ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىدە، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى، سەممىي پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلىنىشىنى تەكىتلەش كېرەك. تور ئۇچۇر بايلىقىدىكى بىلىم-مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، توردىكى خاككېرلار ۋە توردا جىنايەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىستۇدېنتلارغا ئۇچۇر ئەخلاقى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

قىسقىسى، ياخشى ئۇچۇر ساپاسى زامانىمىز ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت، ئۇ ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ئۇچۇر ئابونتىغا قويىدىغان ئاساسىي تەلىپى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۇتۇپخانىلىرى كۈچلۈك ھەم ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئۇچۇر ساپاسى تەربىيەسىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇر ئېڭى، ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى لاياقەتلىك، زامانغا لايىق، ئۇچۇر ساپاسىغا ئىگە كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

## پايدىلانمىلار

[1] 黄力力.现代教育技术环境下师范生信息素养培养策略研究[D]. 上海:华东师范大学, 2009(11).
[2] 卫德平. 教师信息素养基础[M].上海，百家出版社，2005:3-5.
[3] 袁晓静.高校师生信息素养评价体系与培养机制[J]. 南京工业职业技术学院学报, 2009, 9(1):65-67.
[4] 李秀敏.高校图书馆的服务功能及其实现途径[J]. 衡阳师范学院学报,2007,27(2).
[5] 张厚生、袁曦临.信息素养 [M]. 南京:东南大学出版社, 2007:9-13.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 09-131-01 (2012) 5878-1005

# چېكرا رايوننى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچىسى

## —— جۇڭگودىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلام ھەققىدە

**ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830046)

تەھرىر بۆلۈمىمىزدىن بۇ يازمىنى يېزىش تاپشۇرۇلغاندا، ئۇستاز ھوشۇر ئىسلامنى بىۋاستە زىيارەت قىلىش ئىستىكى مېنى ئالدىراتمىدى. چۈنكى 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى ئىككى ئاكادېمىيەگە ئاكادېمىكلارنى تولۇقلاپ سايلاشنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ئۇستازنى زىيارەت قىلغان مەتبۇئاتلار ئاز بولمىدى، مەن پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ يېزىلسا بولىدىغان ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن يازمىلارغا كۆز يۈگۈرتمەي، يەنە ئۇ كىشىنىڭ ۋاقتىنى ئالسام قانداق بولار؟ دېدىم-دە، ئىنتېرنېتقا، گېزىتلەرگە نەزەر تاشلىدىم، پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇلاردا يېزىلغان، ئەندىكى گەپ مەكتىپىمىزنىڭ ژۇرنىلىدا شۇ پاكىتلارنى ئىمكان بار يىغىنچاقراق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئىدى. مانا، ئېلىمىزدىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ نوپۇزلۇق گېزىتى بولغان «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتى، دۆلىتىمىزدىكى داڭلىق بولغان «بەيدۇ»، «سىنا» تورلىرى، «جۇڭگو تور تېلېۋىزىيەسى»، «جۇڭگو يازغۇچىلار گېزىتى»دىن تارتىپ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېتىگىچە؛ ئاپتونوم رايونىمىزدا «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرىدا، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرىدا ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلام توغرىلىق خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات، تونۇشتۇرۇشلار بېرىلگەنىدى. ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى بىلىش مۇمكىن:

ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئاچقان مىللىي تىلدىكى مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە قوللىنىشچان يۇمشاق دېتاللارنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ھوشۇر ئىسلام چېگرا رايوننى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچىسىغا ئايلاندى.

كومپيۇتېر ساھەسىدىكى بۇ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىس كومپيۇتېر بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا 40 قا يەتكەن يېشى ئۇنىڭغا توسالغۇ بولالمىغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىلدا، ئۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتتى، ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى تەتقىقات ئەترىتى ئاچقان بىرقاتار ئىجادىي تېخنىكىلىق نەتىجىلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇچۇرلىشىش قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا پىروفېسسور ھوشۇر ئىسلامنى مىللىي تىل-يېزىق ئۇچۇرلىرىنى ھەمدە كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ساھەسىدىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق باشلامچىغا ئايلاندۇردى.

ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلامدا كۆپ يىللاردىن بۇيان دەم ئېلىش كۈنى ئۇقۇمى ئاساسەن بولمىدى. چۈنكى، مىللىي تىل- يېزىق ئۇچۇرلىرىنى كومپيۇتېردا بىرتەرەپ قىلىشنىڭ باشلىنىشى كېيىن بولغاچقا، بوشلۇق كۆپ ئىدى.

دەسلەپكى DOS مەشغۇلات سىستېمىسىدىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھەرقايسى نۇسخىدىكى Windows كۆزنەكلىرىگىچە، ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتى مىللىي يېزىقتىكى 30 نەچچە خىل مەشغۇلات سىستېمىسى ھەمدە قوللىنىشچان يۇمشاق دېتالنى تەتقىق قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقاردى، يەنە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا دائىر نەزەرىيە،

* بۇ ماقالە 2012-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم (1962-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان)، تەھرىرلىك خىزمىتى ۋە ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇسۇل، تېخنىكا سىستېمىسى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىكى يۇرۇشلەشكەن قوللىنىشچان سوپىلارنى ئىشلەپ چىقتى.

## بىر يۈرۈش ئۇيغۇرچە سىستېما

مەكتىپىمىز ئۇچۇر تېخنىكىسى ـ قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا، كۆرۈنمە يۈزدىكى يېزىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە بولغان كومپيۇتېرنى كۆرىسىز. بۇ ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلام يېتەكچىلىكىدىكى ئەترەت ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان Windows سىستېمىلىرى ۋە قوللىنىشچان يۇمشاق دېتاللاردۇر. بۇ كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ خەت يۈنىلىشى نۇرغۇن يېزىقلارنىڭ ئەكسىچە بولغاچقا، كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆزگەرتىپ چىقىش باشقا تىللاردىكىگە قارىغاندا قىيىن ئىدى.

قىيىنچىلىق بۇلا ئەمەس. ئۇيغۇر يېزىقى 32 ھەرپلىك ئېلىپبەلىك يېزىق بولغانلىقى ئۈستىگە، بۇ 32 ھەرپنىڭ باش، ئوتتۇرا، يالغۇز ۋە ئاخىر ھەرپ دېگەندەك ئۆزگەرگەن شەكىللەر بىلەن 128 خىل شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇڭا، كۇنۇپكا تاختىسىنى چەككەندە ھەرپنىڭ مۇناسىپ شەكلىنى كومپيۇتېر ئاپتوماتىك تاللىيالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر يېزىقى ھەرپلىرىنىڭ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى تەكشىسىز، سۆز ئىچىدە ئۇلىنىپ كېلىدىغان ۋە ئۇلانماي كېلىدىغان ھەرپلەر بار، شۇڭا، لاتىنچە ۋە خەنزۇچىگە ئوخشاش ھەرپلەرنى كىرگۈزگەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. ئۇيغۇرچە تېكىستلەرگە ئىنگلىزچە، خەنزۇچە سۆزلەرنى، ماتېماتىكىلىق فورمۇلالارنى ئارىلاش كىرگۈزۈش تېخى ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇراتتى، شۇڭا، نۇربەلگىنى ئوڭغا ـ سولغا خالىغانچە يۆتكىگىلى بولىدىغان قىلىش، ئەڭ مۇھىمى نۇر بەلگىنى ئوخشاش بولمىغان كەڭلىكتە قوش يۆنىلىشتە باشقۇرىدىغان يېڭى ئىقتىدارنى ئىجاد قىلىش كېرەك ئىدى.

ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتى بۇ مەسىلىلەرنى تولۇقى بىلەن ھەل قىلدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى DOSنىڭ ھەرقايسى مەشغۇلات سىستېمىسىدىن تارتىپ، كېيىنكى ھەرقايسى نۇسخىلاردىكى Windows مەشغۇلات سىستېمىلىرىغىچە، يۇمشاق دېتالنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن قول سېلىپ ئىش باشلاپ، خاس بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە مىللىي يېزىقتىكى 30 نەچچە تۈرلۈك مەشغۇلات سىستېمىسى ۋە قوللانما يۇمشاق دېتالنى ئىشلەپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن 30 نەچچە يىلدا، ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتى ئىشلىگەن خىزمەتلەر پەقەت بۇلا ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ئۇيغۇرچە ئۇچۇرلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا دائىر يۈرۈشلەشكەن سىستېما نەزەرىيەسى، ئۇسۇللار، تېخنىكا سىستېمىسى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ قوللانما سوپىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئىپادىلەندى. بۇ بىر يۈرۈش نەتىجىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ جاي ـ جايلىرىغا ئومۇملىشىپ، مىللىي قېرىنداشلارنىڭ ئانا تىلىدا ئۇچۇرلارنى راۋان بىرتەرەپ قىلىشى، تۈرلۈك تەھرىرلىك، توربەتلەرنى زىيارەت قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ھازىر تازا مودا بولۇۋاتقان تاختىسىمان كومپيۇتېر بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفوننىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ يۇمشاق دېتالىنىمۇ ئىشلەپ پۈتكۈزدى. ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرى ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بۇ ئۈچ مىللەت تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ، شىنجاڭدا بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10 نەچچە مىليونغا يېتىدۇ. مانا بۇ ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئىشقا نۆلدىن باشلاپ كىرىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىدىكى ئەڭ زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىدى. ئۇ ئۇتۇق قازاندى، ئاخىر كەسپداشلار ۋە ھەر ساھەنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

## يېرىم يولدا ئىشقا كىرىشكەن رادىيو ئۇستىسى

ھوشۇر ئىسلام ئىلى ئوبلاستىنىڭ چاپچال ناھىيەسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ،

بالىلىق ھاياتى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قارىشىش، بوغداي ئورۇش، مالۋاران بېقىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكەنىدى. ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئاتا-ئانىسى دېھقان كىشىلەر بولۇپ، ساۋاتسىز بولسىمۇ، پەرزەنت تەربىيەسىگە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ھوشۇر ئىسلام باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇشتا ئىزچىل ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى، 18 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى (سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى) غا قوبۇل قىلىندى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، ئەينى يىللىرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئائىلىسىدىن ئۇزىدىن باشقا 4 قېرىندىشىنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈپ، بىر ئائىلىدىن 5 ئىستۇدېنتنىڭ چىققانلىقى شۇ يەردە ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ، كىشىلەرنى ھەۋەسلەندۇرگەن قىزىق پاراڭغا ئايلانغانىدى.

بالىلىق چاغلىرىدىكى تەبىئەت سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقى بىلەن، ھوشۇر ئىسلام فىزىكا كەسپىنى تاللىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 60-يىللىرىنىڭ باشلىرى فىزىكا ئىلمى تازا مودا بولغان، ئەڭ قەدىرلەنگەن يىللار بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۇنئىي ھەمراھىنىڭ كائىناتقا چىققانلىقى، مەملىكىتىمىزدە ئاتوم بومبىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىلغانلىقى بۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ھوشۇر ئىسلامنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرغانىدى. ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ فىزىكا كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ مەكتەپتە ئۇ ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزلۈكىدىن رادىيو - ئېلېكترون كەسپىنى ئۆگەندى..

ھوشۇر ئىسلام يەڭنى تۈرۈپ، يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن ئىشقا كىرىشكەن چاغدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

بىراق، ھوشۇر ئىسلام ئىزدىنىۋاتقان بىلىمدىن ئۆزىگە ئەرمەك تېپىۋالدى. ئۇ چاغلار رادىيو قوبۇللىغۇچ، ئاۋاز كۈچەيتكۈچ قاتارلىقلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئۈسكۈنىلەرگە قىزىقىپ قالدى، «يېرىم يولدا سەپكە قوشۇلۇپ»، ماتېرىيال كۆرۈپ ئىزدىنىپ، قول سېلىپ ئىشلەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تونۇلۇشقا باشلىدى، قەيەردە، كىمنىڭ رادىيو قوبۇللىغۇچى بۇزۇلسا، ھوشۇر ئىسلامنى تەكلىپ قىلىپ رېمونت قىلدۇراتتى. ۋېلسىپىت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ رادىيو رېمونت قىلىپ يۈرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ئاكادېمىك ئىكەنلىكىنى كىممۇ ئويلىغان؟

1981- يىلى، ھوشۇر ئىسلام قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن ئانا مەكتىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئۇ 40 ياشتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ رادىيو ئېلېكترون ئىلمى جەھەتتىكى بىلىم جۇغلانمىسى بىلەن، مەكتەپتە رەقەملىك ئېلېكترون توك يولى ۋە لوگىكىلىق ئېلېكترون توك يولى دەرسىنى تەسىس قىلىپ ئۆتتى. بۇ — بۇ ساھەنىڭ تولىمۇ يېڭىلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇ چاغلار مىكروسوفت تېخى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان، ئۇچۇر تېخنىكىسىمۇ زور كۆلەمگە ئىگە بولمىغان چاغلار بولۇپ، ئىنتېرنېت يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بارلىققا كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان شەخس كومپيۇتېر دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىدى. دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن مەكتەپ كومپيۇتېر ساھەسىدىن دەرس تەسىس قىلىنىشنى ئۈمىد قىلاتتى، رەقەملىك ئېلېكترون توك يولى بىلەن شۇغۇللانغان ھوشۇر ئىسلام بۇ دەرسنى تەسىس قىلىشقا تاللىنىپ، ئىلگىرى-كېيىن بېيجىڭ ۋە شاڭخەيگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى.

«بۇ ئىككى قېتىملىق بىلىم ئاشۇرۇش ھاياتىمنىڭ يېڭى بىر كۆزنىكىنى ئاچتى» دېدۇ ھوشۇر ئىسلام. ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن رەسمىي كومپيۇتېر ساھەسىگە كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا مىللىي تىل - يېزىقتىكى ئۇچۇرلارنىمۇ كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلغىلى، تىزگىنلىگىلى بولارمۇ؟ دېگەننى ئويلايتتى. ئەينى چاغدا، كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى تېخى ئەمدىلەتىن ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىلاشتۇرۇلغان

بولۇپ، بۇ ئەمگەكنى دۆلىتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇتەخەسسىسلىرى ئورۇندىغانىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇچۇر دەۋرىگە كىرىشىگە تېخى ئاساس يوق، نۇرغۇن قېيىن نۇقتىلارنىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىدىغان ئىش بولۇپ، بەئەينى بىر خام خىيال ئىدى.

ئەمما هوشۇر ئىسلام ئىرادىلىك كىشى ئىدى، قىيىنچىلىقلار ئۇنى چېكىندۈرەلمەيتتى. شۇ چاغدا، مەكتىپىمىز رەھبەرلىرى ئۇنىڭ پىكرىنى قوللىدى، مەكتەپ تەتقىقات خىراجىتىگە 30 نەچچە مىڭ يۈەن ئاجراتتى. ئەينى چاغقا نىسبەتەن خېلى كۆپ بولغان بۇ سېلىنما بىلەن مەكتەپ بويىچە بىردىنبىر مىكرو كومپيۇتېر بار بولغانىدى.

## نۆلدىن باشلانغان «بوشلۇق تولدۇرۇش» ھېكايىسى

پىروفېسسور هوشۇر ئىسلامنىڭ خىزمىتىنى «بوشلۇقنى تولدۇرۇش» دېگەن سۆز بىلەنلا سۈپەتلەش مۇمكىن. ھەممىلا يولۇچىنىڭ قورام تاشلارنى يېرىپ، يول ياساشنىڭ جاپاسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتەلمىگىنىگە ئوخشاش، ئادەتتىكى كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇشقا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئۇچۇر تېخنىكىسى قوراللىرىنى «ئەسلىدە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك» دەپلا قارىشى مۇمكىن. بىراق، ئويلاپ كۆرۈڭ، ھازىر شىنجاڭدا قوللىنىلىۋاتقان ئۇچۇرلاشتۇرۇش سۇپىلىرى، ھەر خىل يۇمشاق دېتاللار پەقەت مىللىي يېزىققا مۇناسىۋەتلىكلا بولىدىكەن، ئۇ هوشۇر ئىسلامنىڭ تەتقىقات ئەترىتىنىڭ خىزمىتىگە ئاساسلىنىلغان بولۇپ چىقىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئۇچۇر ساھەسىگە ئاساس سالغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

ئىلگىرى كومپيۇتېرغا ئۇيغۇرچە يېزىق ئۇچۇرلىرىنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ يوقلۇقىغا، ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنى كۇنۇپكا تاختىسىغا جايلاشتۇرۇش ئۆلچىمىنىڭمۇ يوقلۇقىغا ھەيران قېلىشقا بولمايتتى، چۈنكى ئىلگىرى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا ئېھتىياج بولۇپ باقمىغان ئىدى. ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كود ئۆلچىمى ۋە كۇنۇپكا تاختىسىغا جايلاشتۇرۇشقا دائىر سانلىق مەلۇماتلار هوشۇر ئىسلامنىڭ باشچىلىقىدا لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا دۆلەت ئۆلچىمىگە ئايلانغان.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى، كومپيۇتېرنى تىزگىنلەشتە قوللىنىلىدىغىنى يەنىلا DOS سىستېمىسى ئىدى. هوشۇر ئىسلام ۋۇ زۇگياۋ قاتارلىق خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە، ئىشنى DOS سىستېمىسىدىن باشلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇلار DOS مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئانالىز قىلغان، يۈزلىگەن ئىقتىدار مودۇللىرىنى تەھلىل قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ يادروسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنىدى. ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش، ئېكراندا كۆرسىتىش، تەھرىرلەش، بەت ياساشقا بولىدىغان قىلدى. بۇ كومپيۇتېر ئېكرانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈنۈشى بولغاچقا، مەكتەپ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا نازارىتىنىڭ 110 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىشى بىلەن هوشۇر ئىسلام، ۋۇ زۇگياۋلار ئىلگىرىكىدىن «ئىلغارراق» بولغان IBMPC/XT تىپلىق ئۈچ دانە كومپيۇتېرغا ئىگە بولدى.

هوشۇر ئىسلامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كومپيۇتېر ساھەسىدە، بولۇپمۇ يېزىق بىرتەرەپ قىلىشتا، قىيىنچىلىق تېخنىكىدىلا ئەمەس، ئەڭ قىيىنى تىل ئۆتكەللى ئىدى. ئالىي مەكتەپكە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ خەنزۇلار بىلەن ناھايىتى كەم ئۇچراشقان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتا كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەسى يەنىلا چەكلىك ئىدى، ئىنگلىزچىنى بىلمەيتتى. بىراق، ئەينى چاغدا، ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىر ياقتىن تېخنىكىنى تەتقىق قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن تىل ئۆگىنىشىگە توغرا كەلدى. ئۇ ناھايىتى كۆپ زېھنىي كۈچ سەرپ قىلدى، بىر تەرەپتىن كومپيۇتېر ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ يېڭى دەرسلىرىنى تەسىس قىلدى. ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە

ئېيتقاندا «كېسەل بولۇشقىمۇ ۋاقتى چىقمىدى».

1986- يىلى 4- ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىدا، ۋۇ زۇگياۋ، ھوشۇر ئىسلام باشچىلىقىدىكى تەتقىقات ئەترىتىنىڭ تۇنجى كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىسى نامايان بولدى. كۆپ تىللىق بۇ يىغىن باشقۇرۇش سىستېمىسىغا يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى كىرگۈزسە، كومپيۇتېر ئۇلارنىڭ گۇۋاھنامە نومۇرى، ئورۇنلاشقان ياتاق نومۇرى قاتارلىق ئۇچۇرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى، يەنە ۋەكىللەرنىڭ ماتېرىيالىنى بېسىپ چىقىرىشقىمۇ بولاتتى. ھازىر، بۇنداق سىستېما ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولدى، ئىقتىدارىمۇ كۆپ مۇكەممەللەشتى. بىراق، 20 نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ ئاجايىپ كاتتا ئىش ئىدى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن زالىدا، بىرقىسىم ۋەكىللەر ھەيرانلىق بىلەن: «بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟» دېيىشكەنىدى.

ھوشۇر ئىسلامنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بۇ سىستېمىنىڭ ئىقتىدارى كۆرسىتىلگەندە، ھاياجانلانغان ھالدا «بۈگۈن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن بايرام بوپتۇ، چۈنكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىل-يېزىقىدا ئەڭ ئىلغار بولغان كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ يېڭى دەۋرگە كىردى» دېگەنىدى. كۆپ يىللاردىن كېيىنمۇ بۇ ئابىدە خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت تىلغا ئېلىنغاندا، ھوشۇر ئىسلام ئەپەندىنىڭ چېھرىدە ھاياجان جىلۋە قىلىدۇ.

شۇ چاغدا، ھوشۇر ئىسلام قاتارلىقلارنىڭ مىللىي يېزىقتىكى ئۇچۇرلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئىشلىرى مۇنتىزىملىشىش يولىغا كىرگەن، كۆپ خىل تىل-يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش تېخنىكىسىغا دەسلەپكى ئاساس سېلىنغان، ئەرەب يېزىقى ھەرپلىرىنى كونۇپكا تاختىسى ئارقىلىق كىرگۈزۈش لايىھەسى مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەنگەنىدى. يىغىن باشقۇرۇش سىستېمىسى مۇشۇ ئاساس خاراكتېرلىك نەتىجىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى.

نەچچە ئايدىن كېيىن، ھوشۇر ئىسلام ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك نەتىجىسىنى ئېلىپ، بېيجىڭدا ئېچىلغان يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى. «لى پېڭ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى كۆرگەزمىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، كۆرگەزمە سۇپىمىز ئالدىغا ئاتايىن كېلىپ، مەن بىلەن سۆزلەشتى، خىزمىتىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈردى» دېيدۇ ھوشۇر ئىسلام. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشلەر ئۇنىڭغا غايەت زور ئىلھام بولغانىدى.

ھوشۇر ئىسلام مىللىيچە تىل-يېزىقلارنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ باشلامچىسى، شۇنداقلا چېگرا رايوننىڭ كۆپ خىل يېزىقلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش يۇقىرى سۈرئەت تاشيولىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدىكى ئەترەتنىڭ خىزمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

بۇ يىللاردا، ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىل-يېزىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، DOS2.0 دىن 6.1 گىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق نۇسخىلاردىكى Windows، ھەتتا Linux ۋە Android سىستېمىسىغىچە ئالاقىدار سىستېما ۋە قوللانما يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەپ چىقىپ، ئوخشاش بولمىغان كەڭلىكتىكى، قارشى يۆنىلىشتىكى يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش، كۆپ خىل يېزىقنى ئارىلاش بىرتەرەپ قىلىش، قوش يۆنىلىشلىك تەسۋىر كۆرسىتىش، نۇربەلگە كەڭلىكىنى ئېھتىياج بويىچە تىزگىنلەش قاتارلىق ئۆزگىچە تېخنىكا ۋە تۈزۈلمىلەرنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلدى. بۇ بىرقاتار نەتىجىلەر ئىككى قېتىم دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، خەلقئارادىمۇ ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەنىدى. بۇ تېخنىكىلىق قىيىن ئۆتكەللەر، ئەينى چاغدا سىستېمىدىمۇ، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىمۇ تېخى ھەل قىلىنمىغانىدى. كېيىن، ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتى مىكروسوفتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۇيغۇرچە نۇسخىدىكى WinCE نى بارلىققا كەلتۈردى.

ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلامنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر Windows ئائىلىسىدىكى مەشغۇلات سىستېمىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەترىتىدە يېتەرلىك

جۇغلانما ۋە ئەمەلىي كۈچ بار ئىكەن. ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ Windows سىستېمىسىنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە نۇسخىدا ئۆزلەشتۈرۈشى ئىنگلىزچە نۇسخىدىن بىرقانچە يىل كېچىكىپ چىققان بولسا، ئەندىلىكتە، بۇ ۋاقىت زور دەرىجىدە قىسقارغان. ئەگەر مىكروسوفت 2012 ـ يىلى يېڭى نۇسخىدىكى Windows8 نى ئوتتۇرىغا چىقارسا، بىرقانچە ئاي ئىچىدىلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە نۇسخىلىرىنى ئىشلەپ چىقالايدىكەن.

كەسىپ ساھەسىدىكى ئەربابلارنىڭ مەلۇماتىچە، ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەنزۇچە خەت (جيەنتىزى) نۇسخىسىدىكى Windows سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەپ چىقىشقا سىستېما ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە دۇنيا بويىچە نەچچە مىڭ كىشى ئورتاق كۈچ قوشقان. بىراق ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ئۇچۇرلارنى بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتىدە يادرولۇق ئاچقۇچى قوشۇن ئاساسەن مەكتىپىمىزنىڭ مۇشۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىلا ئىدى. بۇنىڭدىن ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتىنىڭ قانچىلىك زور قۇرۇلۇشنى تاماملىغانلىقىنى، قانچىلىك زېھنىي كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

مەشغۇلات سىستېمىسىنىلا مىسال قىلساق، ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتى ئاچقان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يۇمشاق دېتاللاردا ئاساسىي ئىقتىدارلار بار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زور مىقتاردىكى ئەسكەرتمىلەر ۋە كۆرۈنمە يۈز ئۇچۇرلىرىنى، ياردەم ھۆججەتلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شاڭخەيدىكى جۇڭبياۋ يۇمشاق دېتال شىركىتى مەملىكىتىمىزدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئاساسىي يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەيدىغان كارخانا بولۇپ، بۇ شىركەت ئۇستىگە ئالغان دۆلەت دەرىجىلىك تۆر — مىللىي تىللاردىكى Office خىزمەت يۇمشاق دېتالىنىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە نۇسخىسىنى ھوشۇر ئىسلامنىڭ ھەمكارلىقىدا تاماملىغان. ئالاقىدار رەھبەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە نۇسخىدىكى Office يۇمشاق دېتالىغا ئىملا تەكشۈرۈش ۋە كۆزنەك ئۇچۇرلىرىنى ئاپتوماتىك تەرجىمە قىلالايدىغان ئەقلىيلەشكەن سىستېما قوشۇلغان بولۇپ، كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ۋە كەسپىي ئاتالغۇلاردىن 300 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلۈك ئامبىرى قوشۇلغان. بۇنداق زور ھەجىملىك سۆزلۈك ئامبىرى يۇمشاق دېتالى ھوشۇر ئىسلامنىڭ تەتقىقات ئەترىتىنىڭ نەچچە ئون يىل بېرىلىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. باشقا مىللىي تىللاردىكى Office تا بۇنداق سۆزلۈك ئامبىرى ھازىرغىچە تېخى كۆرۈلمىدى ياكى تولۇقلىنىش دەرىجىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ سۆزلۈكتىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ.

ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتى ئاچقان ئۇچۇرلاشتۇرۇش يولى PC شەخسلەر كومپيۇتېرى ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس: چاقىرغۇ ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفون، تاختىسىمان كومپيۇتېر، گېزىت ـ ژۇرنال ماقالىلىرىنى تىزىش، تەھرىرلەش، بەت ياساش سىستېمىسى، ئىنتېرنېتتا ئۇچۇر تارقىتىش سۈپىسى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق سۈرەت، يېزىقلىق ئۇچۇرلارنى يوللاش سىستېمىسى... بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى، ھوشۇر ئىسلامنىڭ تەتقىقات ئەترىتى مىللىي تىلدىكى يىراقتىن ئوقۇتۇش سۇپىسىنى ۋە بىر تۈركۈم كۆپ ۋاستىلىك دەرس يۇمشاق دېتالىنى ئىشلەپ چىققانلىقىدۇر. ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلام مۇنداق دېيدۇ: ھازىر چېگرا رايوننىڭ چەت ياقا جايلىرىنىڭ ئۇچۇرلىشىشتىكى قاتتىق دېتال ئۈسكۈنىلىرى بارغانچە مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ، كۆپ ۋاستىلىك، رەقەملەشكەن دەرسلىك بولسىلا، تېخىمۇ كۆپ «ئات ئۈستىدىكى بالىلار» ئەلا بولغان مائارىپ بايلىقى بىلەن ئۇچرىشالايدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، ھوشۇر ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەترىتى مىللىي يېزىقتىكى كۆپ ۋاستىلىك ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش سىستېمىسىغا يۈرۈش قىلدى، بۇ ئەلۋەتتە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق، تېخىمۇ ئەقلىيلەشكەن تېخنىكىدۇر. ئۇلار ئىشلىگەن يېزىق، تاۋۇش پەرقلەندۈرۈش بىرىكمە سىستېمىسى، كومپيۇتېرنى ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئوقۇيالايدىغان، ئۇيغۇرچە گەپنى «ئاڭلىيالايدىغان» قىلىدۇ، شۇنداقلا

ماقالىنى كومپيۇتېر ئاپتوماتىك ئوقۇيدىغان قىلالايدۇ.

هوشۇر ئىسلام ئىگىلىك ياراتقۇچى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ «شىندا فاڭيۈەن»، «نىلۇپەر» (جۇڭگو - قازاقىستان ھەمكارلىقىدا)، «سەردار» قاتارلىق ئېلېكترون ئۇچۇر شىركەتلىرىنى ۋە شىنجاڭ مىللىي يېزىقتىكى ئۇچۇر تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىنى، شىنجاڭ كۆپ خىل يېزىقلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنى قۇرۇپ، كۆپ خىل يېزىقلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئاچتى، بېيدا فاڭجېڭ، كېدا شۈنفېي، گۇڭجۇڭ قاتارلىق 10 نەچچە شىركەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش، ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، سودا، مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بازىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئۇ ئالىي مائارىپ سېپىدىكى پېداگوك بولۇش سۈپىتىدە، كومپيۇتېر ئىلمى ۋە قۇرۇلۇشى قاتارلىق بەش كەسىپنى تەسىس قىلىشقا باشلامچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى پەنلەر تورىنى شەكىللەندۈردى؛ كومپيۇتېرنى ئەمەلىي قوللىنىش تېخنىكىسى دوكتور يېتىشتۈرۈش نۇقتىسىنى، كومپيۇتېر پەن - تېخنىكىسى پوستدوكتورلار كۆچمە تەتقىقات پونكىتى، شۇنداقلا، كومپيۇتېرنى ئەمەلىي قوللىنىش، يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشى ۋە نەزەرىيەسى، ئۇچۇر ئالاقىسى بىلەن ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە سىگنال - ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق تۆت ماگىستىرلىق نۇقتىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پەن يېتەكچىلىكىنى زىممىسىگە ئالدى، كەسپىكە دائىر ئىلمىي ماقالىدىن 120نەچچە پارچىنى ئېلان قىلدى، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى ۋە ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالىدىن توققۇزنى تەرجىمە قىلىش ۋە تۈزۈشكە باشچىلىق قىلدى. مەكتىپىمىزنىڭ كومپيۇتېرنى ئەمەلىي قوللىنىش تېخنىكىسى پەنلەر سىستېمىسى، ئوقۇتۇش تۈزۈمى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، دوكتور ۋە ماگىستىردىن 80 نەچچىنى يېتىشتۈردى، ئۆزگىچىلىكى روشەن، ئۇچۇر تېخنىكىسىغا قابىل بولغان، يۇقىرى قاتلاملىق، كۆپ مىللەتلىك تەتقىق قىلىش - ئېچىش قوشۇنىنى بەرپا قىلدى. ئەنۋەر توختى، نۇرمۇھەممەت، ئىلھام، دىلشات ھېۋىزۇللا قاتارلىق تايانچ كۈچلەرنى، تۇرگۇن ئىبراھىم، يۈەن باۋشې، ناسىرجان قاتارلىق يېتەكچىلەرنى يېتىشتۈردى.

مانا بۇ مەكتىپىمىزنىڭ پىروفېسسورى، دوكتورانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ مىللىي تىل - يېزىقتىكى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزى ۋە شىنجاڭ كۆپ خىل يېزىقلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنىڭ مۇدىرى — هوشۇر ئىسلام.

بەلكىم بەزىلەر، شۇنچە كۆپ تۆرلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغاندىكىن هوشۇر ئىسلام ئەپەندى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇناسىپ نەپكە ئېرىشكەندۇ؟ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئەمما مۇخبىرلارنىڭ تەسۋىرلىرىدىن ئۇ سوئالغا تەستىق جاۋاب چىقمايدۇ. «مەن ئەزەلدىن پۇل تېپىشنى نىشان قىلىپ باقمىدىم» دېدۇ هوشۇر ئىسلام ئاكا. ئۇ پەقەت ئالىم بولۇش سۈپىتىدە، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. تېخنىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەھسۇلاتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنىمۇ قارشى تەرەپكە ئۆتۈنۈپ بەردى، يۇقىرى پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ باقمىدى.

## تېخنىكىدا دۇنياغا يۈرۈش قىلىش غايىسى

هوشۇر ئىسلام 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، تېخنىكىلىق ئاساس ئاجىز بولغان مۇھىتتا بىر يېڭى ساھە ئاچتى. ئۇ چېگرا رايون خەلقىگە بەخت يارىتىش بىلەن بىرگە ئۈزۈكسىز تىرىشىپ، مۇشۇ مىللىي تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن «تېخنىكا غۇنچىسى»نى مەملىكەت سىرتىدا پورەكلىتىشنى نىشان قىلدى.

شىنجاڭ ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى رايون بولۇش

سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا يۈزلىنىشتىكى دەرۋازا. ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى، ئالمىشىشى كۆپ بولىدىغان جاي. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتكەندىلا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە تىل ئەۋزەللىكى ئاجىزلىقنى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرىدۇ.

ھوشۇر ئىسلام يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقلىرىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىكى باشلامچى ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ خەلقئارا ئۆلچەملەشتۈرۈش يىغىنلىرىغا 10 نەچچە قېتىم قاتناشتى، خەلقئارالىق، دۆلەتلىك يەتتە تۈرنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا توققۇز تۈرلۈك خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك مىللىيچە يېزىق ئۇچۇرلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى باھالاپ بېكىتىلىش ئۈستىدە تۇرماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە «مىلادىيە 5~9 ئەسىرلەردىكى قەدىمىي تۈركچە، چاغاتايچە يېزىق؛ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېڭى يېزىق (لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى)نىڭ خەلقئارالىق كود ئۆلچىمى» قاتارلىقلار بار بولۇپ، ISO تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، قەدىمكى يېزىقنى، يېڭى يېزىقنى قوغداش، قەدىمكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە، مەملىكىتىمىز ۋە خەلقئارادا زور تەسىر قوزغىدى.

ھوشۇر ئىسلام مۇنداق دېيدۇ، بۇ خەلقئارالىق ئۆلچەملەرنى ئېلان قىلىشتا دۆلەتلەر ئارا رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن. جۇڭگو ئۆلچىمىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيانىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىشى، جۇڭگونىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولۇپلا قالماي، خەلقئارادا جۇڭگونىڭ شۇ ساھەدىكى نوپۇزى ۋە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى تىكلەيدۇ: «بۇ يېزىقلارنىڭ مەنبەسىنى يەنىلا رايونىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو ئۆلچىمىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە ئايلىنىشى، مەلۇم مەنىدىن جۇڭگونىڭ بۇ خىل ‹ئىگە›لىك ئورنىنى تونۇغانلىق ھېسابلىنىدۇ».

ھوشۇر ئىسلام ئۆلچەملەشتۈرۈش ھۆججەتلىرىدە جۇڭگو ئۈچۈن ئورۇن ئىگىلەپلا قالماستىن، مىللىي يېزىقتىكى يۇمشاق دېتاللارنى غەربكە چىقىرىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىرقىسىم دۆلەتلەر تارىخىي مەدەنىيەت سەۋەبىدىن، گەرچە سىلاۋيان يېزىقىنى قوللانسىمۇ، ئەمما، تىل جەھەتتىن ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە بىلەن ئوخشاشلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ تىلىدىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى ئىشلەشتە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ئىشلىنىپ بولغان سىستېمىلارغا ئازراقلا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلسە ئىش پۈتىدۇ. ئەرەب دۇنياسىغا يۈزلەندۈرۈشتە بولسا، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئەرەبچە يېزىقنى بىرتەرەپ قىلىشتا ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە.

نۆۋەتتە، دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن، ھوشۇر ئىسلامنىڭ تەتقىقات ئەترىتى ئىشلىگەن ئەرەبچە، قازاقچە نۇسخىدىكى Linux مۇلازىمېتىرى ۋە يانفون سىستېمىسى قازاقىستان، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنى نىشان قىلماقتا. ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلام مۇنداق دېيدۇ: ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بۇ جايلاردىكى بازارغا بولغان ئەھمىيەت بېرىشى يۇقىرى ئەمەس، جۇڭگو تېخنىكا ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ رايونلاردا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارغا تامامەن ئېرىشەلەيدۇ. ئالىم ھوشۇر ئىسلام ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ بازار ئېچىشى، شىنجاڭنىڭ دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا كۆپ خىل تىلدىكى يۇمشاق دېتاللارنى چىقىرىش بازىسىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

70 ياشقا كىرگەن ھوشۇر ئىسلام يەنىلا پەن تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلىمەكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ 20 نەپەر دوكتور، ماگىستىرانتىنى يېتەكلەپ، 12 تۈرلۈك دۆلەتلىك، ئۆلكە ـ مىنىستىر دەرىجىلىك مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەۋاتىدۇ. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولغان «ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئۇچۇر بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە ئورتاق پايدىلىنىش

قۇرۇلۇشى» مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى ئۇنىڭ زېمىنىدە، ئۇنىڭ كېيىنكى قىممىتى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان غايىسى ــ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن شىنجاڭنىڭ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە مول مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى رەتلەپ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئەسەرلەرنى، ناخشا-ئۇسسۇللارنى، خەلق چۆچەكلىرىنى رەقەملەشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان تارىخىي ۋە مەدەنىي جەلبكارلىققا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

خەلقىمىز ئىرادىلىك، خالىس بېغىشلاش روھىغا ئىگە ئوغلانلىرىنى شۇڭقارغا ئوخشىتىدۇ. ئەگەر كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقارنى قۇياش نۇرى ئاتا قىلغان ئىللىقلىقتىن ۋە ھاياتىي كۈچتىن، كائىنات بەخش ئەتكەن بىپايان بوشلۇقتىن ئايرىلالمايدۇ دېسەك، ھوشۇر ئىسلام پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى قۇياش نۇرىغا، ئۆزىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى كۆك ئاسمانغا تەمسىل قىلىدۇ. ئۇ ھاياتىدا قىلالايدىغان ھەممە ئىشلىرىنى قىلىپ، ئۆزى سۆيگەن بۇ زېمىنگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان ھوشۇر ئىسلامنىڭ جاپالىق ئەمگىكى دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، دۆلەت ۋە ئاتونوم رايوننىڭ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى: مەملىكەت بويىچە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان مۇتەخەسسىس، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس، مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10 مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا خادىمىنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس قاتارلىق شەرەپلەرگە، دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2-دەرىجىلىك، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئالاھىدە مۇكاپاتى قاتارلىق ئۆلكە-مىنىستىرلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك 14 خىل پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ھەر دائىم «بۇ شان-شەرەپلەر ۋە مۇكاپاتلار مېنى تەربىيەلىگەن، قوللىغان پارتىيە-ھۆكۈمەتكە، خەلققە مەنسۇپ، ئۆز ئارا مۇرنىي-مۇرىگە تىرەپ ئىشلىگەن تەتقىقات قوشۇنىمىزغا مەنسۇپ» دېيدۇ.

ئۇ ھازىر جۇڭخۇا يېزىق ئۇچۇرلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ كومپيۇتېر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ كومپيۇتېر مائارىپى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە-ھۆكۈمەت مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ئىلمىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

ئۇ خىزمەت جەريانىدا جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ، لى پېڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆپ قېتىم قوبۇل قىلىشىغا ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگە سازاۋەر بولغان.

بىز ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلامنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت، ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلار تىلەيمىز!

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

# ئاپتورلار سەمىگە

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەت بويىچە «211 قۇرۇلۇشى»غا كىرگەن نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) بولسا ئۇيغۇرچە تىل ـ يېزىقتا چىقىدىغان، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بويىچە نوپۇزلۇق پەسىللىك ژۇرنال. ژۇرنىلىمىز پەلسەپە، لوگىكا، سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن ـ تۈزۈم، تارىخ ـ ئېتنوگرافىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، مائارىپ، مىللەتشۇناسلىق، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق، دىن، قوش تىل ئوقۇتۇشى، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلاردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئائىت سەھىپىلەر ئېچىلغان. تەھرىر بۆلۈمىمىز كۈچلۈك بولغان تەھرىر ھەيئەت قوشۇنىغا ئىگە. ئاپتورلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتمەكچى بولغان ئاپتورلارنىڭ ماقالىنى تۆۋەندىكى تەلەپلەر بويىچە تەييارلاپ ئەۋەتسە بولىدۇ:

1. ماقالە تېمىسىنىڭ ئاستىغا ئاپتورلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، خىزمەت ئورنى، تۇرۇشلۇق شەھەر ۋە ئۇنىڭ پوچتا نومۇرى قاتارلىقلار ئەسكەرتىلگەندىن سىرت، ماقالە باش بېتىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا ئاپتورنىڭ مىللىتى، يۇرتى، خىزمەت ئورنى، ئېلخەت ئادرېسى، ئىلمىي ئۇنۋانى ۋە كەسپىي ئۇنۋانى قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئەگەر ئەۋەتىلگەن ماقالە ئاپتور ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەلۇم تەتقىقات تۈرىنىڭ بىر قىسمى بولسا، شۇ تەتقىقات تۈرى ۋە تۈر نومۇرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

2. ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى چوقۇم ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە، ئېنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا يېزىلىشى كېرەك. قىسقىچە مەزمۇنىنىڭ خەنزۇچە خەت سانى 150 ـ 200 ئەتراپىدا، ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە خەت سانى شۇنىڭغا ماس مىقداردا بولۇشى كېرەك.

3. ماقالىنىڭ ئىملا ۋە گىرامماتىكىسى توغرا، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ باش ـ ئاخىرى ماسلاشقان، راۋان ۋە مەنتىقىلىق ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

4. ماقالىنىڭ ئابزاس، بۆلەكلىرىگە ئاجرىتىلىشى مۇۋاپىق بولۇشى، ھەر قايسى تارماق تېمىلىرى دەرىجىگە ئايرىلىپ تەرتىپ بويىچە يېزىلىشى كېرەك. ماقالىنىڭ خەت نۇسخىسى «ئەلكاتىپ» خەت كىرگۈزۈش يۇمشاق دېتالى تەمىنلىگەن خەت نۇسخىلىرى ئىچىدىن تاللانسا بولىدۇ. ماقالىدە پايدىلىنىلغان رەسىملەر رەسىم ھۆججىتى شەكلىدە ماقالە بىلەن بىرلىكتە قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.

5. ماقالىدە پايدىلانمىلار ۋە ئىزاھلار رەت تەرتىپى بويىچە بىر ـ بىرلەپ ئېنىق بېرىلىشى كېرەك. پايدىلانمىلارنىڭ فورماتى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

مەسئۇل كىشى ئىسمى: " ئەسەر ئىسمى"، (تەرجىمە ئەسەر بولسا تەرجىمان ئىسىم ـ فامىلىسى) نەشر قىلىنغان شەھەر، نەشرىيات نامى، نەشر قىلىنغان يىلى(ژۇرنال بولسا قانچىنچى يىللىق قانچىنچى سانى ئىكەنلىكى، گېزىت بولسا نەشر قىلىنغان يىل، ئاي، كۈنى،سانى)، پايدىلىنىلغان بۆلەكنىڭ باشلانغاندىن ئاخىرلاشقىچە بولغان بەت سانى مەسىلەن: (111 ـ 115) قاتارلىقلار. پايدىلىنىلغان ئەسەر قايسى تىلدا بولسا، بۇ ئۇچۇرلار ئەسلى تىلدا يېزىلسا بولىدۇ.

6.ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر بىرلا ۋاقىتتا باشقا ژۇرناللارغا ئەۋەتىلمەسلىكى كېرەك. ژۇرنىلىمىز ماقالىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي ئىچىدە، قوبۇل قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماقالە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن بىردەك ئاپتورغا قايتۇرۇلمايدۇ.

7. ماقالە قوبۇل قىلىشتا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرۈش ھەققى ئۈچۈن بىر ماقالىگە 50 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ، ماقالە تەھرىرلەشتىن ئۆتكەندىن كېيىن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» سەھىپىسىدىكى (يادرولۇق سەھىپىدىكى) ماقالىلەرنىڭ ھەربىر بېتى ئۈچۈن 200 يۈەن، باشقا سەھىپىلەرنىڭ ھەر بىر بېتى ئۈچۈن 50 يۈەندىن بەت ھەققى ئېلىنىدۇ.

8. ژۇرنىلىمىز ماقالىلەرنى بىردەك تور ئارقىلىق قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ماقالىلەرنى يۇقىرىدىكى ئۆلچەملەر بىلەن تەييارلاپ،تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرېسى بويىچە ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى قىلىپ ئەۋەتكەيسىز!

ئېلخەت ئادرېسى : xju13 @ xju.edu.cn ئالاقىلەشكۈچى: ئەخمەتجان تۆمەر يانفون : 13609976557 مۇقىم تېلېفون : 0991 ـ 8582927

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.33, Iss.4 (Total:129) Mar 2012

## Contents

At a New Juncture Xin Jiang University Built on New Achievement to Create A New Set of Circumstances........................................*Tashpulat .Teyip*(1)

Tragedy in Tajik Literature ........................................*Shérin Qurban* (8)

On the Progressive Duplicate Sentence and Its Types ........................................*Yari Ebeydulla* (19)

Comparative Research into Social Insurance in China and Uzbekistan........................................*Adil Ayup, Rishat Mömin* (26)

A Preliminary Analysis of Intertextual Features in the Novel *Red Cliffs*......... *Xeyrigül Yaqup* (31)

On Ecological Culture and Measures for Establishing Chinese Socialist Ecological Culture ........................................*Qasimjan Hélim* (41)

Research on Uyghur Home Handicraft Industry After the Foundation of the Province........................................*Nurulla Mömin Yulghun* (46)

A Preliminary Discussion on Deepening Cultural Reforms and Developing an Advanced Socialist Culture........................................*Gülnar Ibrahim* (55)

Similarities and Differences in the Color Meaning of Various Color and Tint Words in the Uyghur and Chinese Languages........................................*Tursunjan Yasin* (63)

On Amulets and Their Types Among the Uyghurs .................. *Ablet Semet, Dilare Ebeydullam* (71)

On The Social, Economic and Aesthetic Values of Uyghur Folk Art..................*Nurgül.Qadir* (79)

On Contemporary Uyghur Drama........................................*Barat Tursunbaqi* (84)

Two Eras in Perhat Tursun's Poetry........................................*Joshua L. Freeman* (91)

On the Place and Role of Teaching Children's Literature.................. *Sheripe Abdughopur* (99)

The Heights Achieved in Scholarship and Education in the Yarkend Khanate........................................*Méhrigül Hesen* (107)

Concrete Methods for Prepating Ancient Works for Publication........................................*Abdurosul Kichik'axun i* (111)

My Thoughts About Teaching Classic Literature .... ........................................*Hörmetjan Fikret* (118)

On Raising the Informational Level of Teachers and Students in Institutions of Higher Learning ........................................*Zahide Musa* (125)

The Pioneer of Digital Frontier........................................*Abdilim. Abdureyim* (131)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.1.2012г (Общий: № 129)**


## Содержание


Новые успехи и новая ситуация Синьцзянского университета в новом этапе развития..........
.......................................................................................................................... Тащполат Тийип

О трагедии в таджикской литературе и ее особенности ..................................Щирин Курбан

О прогрессивных составных предложениях уйгурского языка и их типах.....Бари Эбэйдулла

Сопоставительное изучение системы депозита в Китае и Узбекстане.........................................
..........................................................................................................Адил Аюп, Ришат Момун

Первоначальное изучение особенности интертекстуальности в романе «Красная скала» ......
..........................................................................................................................Хэйригуль Якуп

Об экологической цивилизации и способах создания экологической цивилизации китайскойспецифики ......................................................................................... Касимжан Илим

Изучение Уйгурской ремесленной индустрии после создания провинции.............................
............................................................................................................ Нурулла Момун Юлгун

Особенности образования глаголов чагтайского уйгурского языка...............Гульнар Ибраим

Сходства и различия в значении слов цвета в уйгурском и китайском языках.......................
...........................................................................................................................Турсунжан Ясын

Об амулете уйгуров и о видах амулета ............................. Аблэт Сэмэт, Диларэ Эбэйдуллам

О социальном и экономическом значении уйгурского народного искусства...........................
........................................................................................................................... Нургуль Кадир

О современной уйгурской драме ......................................................................... Барат Турсун Баки

Об этапах поэтического творчества Фархада Турсуна ..............................Джашува Фримен.

О значении и роли детской литературы в преподавании ..........................Щарипэ Абдугупур

О развитии культуры и знаний во время ханства Яркэн.............................. Михригуль Хасан

О подготовке древней литературы к изданию и конкретные способы.......................................
.............................................................................................................Абдурусул Кичикахун

Размышления о преподавании уйгурской классической литературы.........................................
........................................................................................................Хормэтжан Абдурахман

О повышении информационной грамотности преподавателей и студентов в вузах................
.......................................................................................................................................Захидэ Муса

Ключи к информатизации приграничного района.........................................Аблимит Абдурехим

# پروفېسسور ھوشۇر ئىسلام جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكلىكىگە سايلاندى



2011-يىلى 12-ئاينىڭ 8-كۈنى، مەكتىپىمىز ئۇچۇر ئىلمى-قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ھوشۇر ئىسلام جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكلىكىگە سايلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدىن چىققان تۇنجى ئاكادېمىك بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئۇ مەكتىپىمىز ئۆزى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن تۇنجى ئاكادېمىك. ھوشۇر ئىسلام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، مەكتىپىمىزنىڭ ئۇچۇر ئىلمى-قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپ خىل تىل-يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتى، كومپيۇتېرنى ئەمەلىي قوللىنىش ھەمدە تور تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئېچىش قوللىنىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر سىستېما يۇمشاق دېتالىدىن 20 نەچچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، كومپيۇتېردا مىللىيچە يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ساھەسىنى ئاچتى، كۆپ خىل يېزىقلىق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كۆپ ۋاستىلىكلەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇشتا مىللىي يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئىشلىرىدا بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇر تېخنىكىسى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنى بارلىققا كەلتۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە ئىچكىرىدىكى ئالاقىدار شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى تەتقىق قىلىش-ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بازىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى، شىنجاڭنىڭ كۆپ خىل تىل-يېزىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

# 新疆大學學報

Journal of Xinjiang University

哲学社会科学维文版

季刊（1980年创刊）

第33卷 第一期 2012年3月1日出版

主管・主办：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）
主　　编：阿布里克木・亚森
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　　刷：乌鲁木齐光大印刷厂
邮政编码：830046
电　　话：0991-8582927
电子邮箱：xju13@xju.edu.cn
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司（北京399信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN65-1034/G4-W
国内代号：58-13
国外代号：5798（QR）
定　　价：6.00元

ISSN 1005-5878

04>

9 771005 587001



# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال (1980 ـ يىلى چىقىشقا باشلىغان)

2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (33 ـ يىللىق 1 ـ سان)

باشقۇرغۇچى، مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046 تېلېفون: 0991 ـ 8582927
ئېلخەت ئادرېسى: xju13@xju.edu.cn
باسقۇچى: ئۈرۈمچى گۇاڭدا باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005 ـ 5878
مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65 ـ 1034/G4 ـ W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 13 ـ 58
باھاسى : 6 يۈەن